سەيپىدىن ئەزىزى

# ئۆمۈر داستانى

(ئەسلىمە 3)

## تەڭرىتاغدا قۇياش

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# بىرىنچى قىسىم

## شىنجاڭ ئازاد بولدى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بىرىنچى باب بېيجىڭدىن قايتىش ئالدىدا

ئىككىنچى كىتابىنىڭ ئاخىرىدا بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ تيەنئەنمىندە ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن كىتابنى ئاياقلاشتۇرغان ئىدۇق، بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى يورۇتۇش بىلەن مەملىكەت ئازاد بولدى، قالغىنى بىر تەيۋەن، ئەنگلىيە بېسىۋالغان شياڭگاڭ، پورتۇگالىيە بېسىۋالغان ئاۋمېن ۋاقتىنچە ئازاد قىلىنماي قالدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازاد بولۇشى بىلەن تەڭ شىنجاڭمۇ ئازاد بولدى. بۇ شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ باشلىقى تاۋ سىيو ھەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بۇرھان شەھىدىلەرنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشى بىلەن تىنچ ئازاد بولۇشى ئىدى. بۇنداق ئازاد بولۇش تېخى خەلقنىڭ تولۇق ئازادلىقى ئەمەس ئىدى. گومىنداڭ ھەربىي قوماندانلىقى ۋە قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەقىقەتكە قايتىشى بۇ «سېپىل ئاستىدىكى ھەربىي كۈچ» ئالدىدا ئەمەلىيەتتە تەسلىم بولۇش ئىدى. ئاندىن قالسا، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرىشىنىڭ بارغانسىرى كۈچەيگەنلىكى، مۇشۇنداق مەزگىلدە لىڭشىپ تۇرغان گومىنداڭ كۈچلىرىنىڭ ئالاقزادە بولۇپ تۇرغانلىقى، دېڭ لىچۈننىڭ غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ مەخپىي خىزمەت قىلغانلىقى، يەنە بىر مۇھىم ئامىل جاڭ جۇجۇڭ ئەپەندىنىڭ جۇڭگىياڭنىڭ تەكلىپى بويىچە بېيجىڭدە تۇرۇپ شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلارغا خىزمەت قىلغانلىقى - مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر بىلەن گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرلا چىقىش يولى - ھەقىقەتكە قايتىش (ئەمەلىيەتتە تەسلىم بولۇش)دىن باشقا يول قالمىغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە قايتىپ، شىنجاڭدا قان تۆكۈلمەي تىنچ ئازاد بولۇشى، بۇ پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ غالىبىيىتى ئىدى.

شىنجاڭ ئازاد بولدى، لېكىن بۇ نامدىكى بۇ ئازادلىقنى ئەمەلىي ئازادلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تېخى كۆپلىگەن مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك ئىدى. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى

www.uyghurkitap.com

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا بېرىشى، ئاندىن كېيىن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي جەھەتتە يېڭى تۈزۈمدىكى يېڭى قۇرۇلۇشلارنى قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەنمۇ چاپسانراق شىنجاڭغا قايتىشنى ئويلايتتىم.

خەلق سىياسىي كېڭەش يىغىنى تۈگىگەندىن كېيىن پايتەختتە پارتىيە رەھبەرلىكىدە ھۆكۈمەت، پارتىيە، ھەربىي جەھەتتىكى بىرقاتار تەشكىلىي خىزمەتلەر ئورۇنلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى جۇڭخۇا خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتى قۇرۇلدى. مەنمۇ بۇ ھەيئەتكە ئەزا بولغانلىقتىن يېڭى قۇرۇلغان خەلق ھۆكۈمىتى ھەيئىتىنىڭ بىرقاتار مەجلىسلىرىگە قاتنىشىشقا توغرا كەلدى. ئاندىن باشقا مەن يەنە قانۇن ھەيئىتى ئەزاسى، دۆلەت مۇداپىئە ھەيئەت ئەزاسى، مىللىي ئىشلار ھەيئىتى مۇئاۋىن جۇرىنىگە ئوخشاش ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەنگەن ئىدىم، بۇ ئورۇنلارنىڭ دەسلەپكى مۇھىم مەجلىسلىرىگە قاتنىشىشقا توغرا كەلدى. ئەڭ مۇھىمى مەن بېيجىڭدىن قايتىش ئالدىدا شىنجاڭدا ھەل قىلىش كېرەك بولغان بىرقاتار مۇھىم مەسىلىلەرنى جۇڭياڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆزلىشىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. بۇ توغرىدا يولداش جۇ ئېنلەي بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆزلىشىپ، مەن ئۆز پىكرىمنىمۇ قويغان ئىدىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە جۇڭنەنخەيدە ماۋ جۇشى، جۇ دې، لىيۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەيلەر بىزنى قوبۇل قىلدى. بۇ قوبۇل قىلىشتا ماۋ جۇشى ھازىرقى يېڭى ئازاد بولغان جۇڭگونىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بىرقاتار ۋەزىپىلەر توغرىسىدا ھەم خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا سۆزلەپ ئاخىرىدا شىنجاڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا توختالدى. ئۇ كىشى شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي پرىنسىپلىق يوليورۇقلارنى بەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا پارتىيە قۇرۇلۇشى، ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى، ھەربىي ئورگانلارنىڭ قۇرۇلۇشى، شۇنىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە ئۆتۈش رەسمىيىتىنى قىلىش، ھەققەتكە قايتقان گومىنداڭ كىشىلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا قىسقىچە سۆزلەپ، ئاخىرىدا جۇ ئېنلەي، يولداش جۇ دې، يولداش لىيۇ شاۋچى يولداشلار بىلەن مۇشۇ بىرنەچچە مەسىلە توغرى-

سىدا سۆزلىشىپ بىر پىكىرگە كېلىۋېلىشىمىزنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ماۋ جۇشى ئاخىرىدا، شىنجاڭدا نۇرغۇن ۋەزىپىلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ. جۇ چۇۋەندە پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېنلار سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن شىنجاڭ مەسىلىلىرىنى سۆزلىشىشى لازىم، دېدى. شۇندىن كېيىن مەن ماۋ جۇشى تاپشۇرغاندەك جۇڭگىياڭدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن شىنجاڭدىكى خىزمەتلەر توغرىسىدا بىر - بىردىن سۆزلەشتىم. ماۋ جۇشى ئېيتقان بىرقانچە مەسىلىلەر ئۈستىدە كېلىشىۋالدۇق ھەم رەھبەرلەرنىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئالدۇق.

ئالدى بىلەن يولداش جۇ ئېنلەي بىلەن شىنجاڭ خەلق ھۆكۈمىتى توغرىسىدا سۆزلەشتۇق. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ سانى، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ تەركىبى مەسىلەن: كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن قاتنىشىدىغان ئەزالار سانى، پارتىيىسىزلەردىن قاتنىشىدىغانلار سانى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋەكىللىرىنىڭ سانى، باشقا يەتتە ۋىلايەت تەرەپتىن قاتنىشىدىغانلار سانى، ئىلگىرىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن قاتنىشىدىغانلار سانى، شۇنداق قىلىپ ئاساسەن ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ھەر خىل تەركىبلىرى توغرىسىدا بىر پىكىرگە كەلدۇق. كېيىن ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي خىزمەت پروگراممىسى نېمە بولۇشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارىدىغان بىرقاتار سىياسەت پرىنسىپلىرىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللىي خىزمەت ۋە دىنىي خىزمەتلەرنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا كەڭ ئويلاشتۇق. مىللىي خىزمەت ئومۇمىي پروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن «جۇڭگودىكى ھەممە مىللەت باراۋەر» دېگەن پرىنسىپنى شىنجاڭدا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەن بىرلىكىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ يېڭى سوتسىيالىستىك ھاياتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش، دەپ كېلىشتۇق. مىللەتلەر مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا يولداش جۇ ئېنلەي مۇنداق بىرقاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. ھەر خىل مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، مەيلى ئۇ چوڭ مىللەتچىلىك بولسۇن ياكى يەرلىك مىللەتچىلىك بولسۇن.

www.uyghurkitap.com

مۇھىمى چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش. چوڭ خەنزۇچىلىق ئىل-
گىرىكىدىن داۋام قىلىپ كەلگەن. خەنزۇلار ئاساسىي ھۆكۈمران بول-
غان ھاكىمىيەت ئىدى. خەنزۇلار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
ئۆچمەنلىكىنى، قارمۇ - قارشىلىقىنى شۇلار پەيدا قىلغان. شۇنىڭ
ئۈچۈن چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ يەنە قالدۇقلىرى، يەنە چوڭ خەنزۇچى-
لىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرلىرى ساقلىنىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا قارشى
تۇرۇش كېرەك. يولدىش جۇئېنلەي، شۇنىڭ بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكى-
گە پايدىسىز يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىدىكى تونۇشلار ياكى ھە-
رىكەتلەر بولسا ئۇنىڭغىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك، دەپ كۆچەيتتى.
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلىرىدا مىللىي مەسىلىدە
يۈز بەرگەن بەزى خاتالىقلارنى تۈزىتىش، شۇنىڭ بىلەن ماركسىزملىق
مىللىي نۇقتىئىنەزەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان كۈرەش
ئەھۋاللىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۈم. يولداش جۇ ئېنلەي، بۇ ناھا-
يىتى توغرا ئىكەن، مۇشۇ بويىچە بولغىنى ياخشى دېدى.

دىنىي مەسىلىگە كەلگەندە، يەنە شۇ 1 - نۆۋەتلىك خەلق سىيا-
سىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن پرىنسىپ —
دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھىمايە قىلىنىدۇ دېگەن سىيەسەتنى
ئەتراپلىق تەشۋىق قىلىش ھەم ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دىنىي يۇقىرى
قاتلامدىكى ئادەملەر، دىنىي ساھەدىكى مۆتىۋەرلەر بىلەن ئىتتىپاق
بولۇش، ئۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى ھا-
يات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئەگەردە چەتنىڭ
تەسىرى بىلەن ياكى ئىچكى جەھەتتىكى بەزى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ تە-
سىرى بىلەن دىنىي ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ پارتىيىنىڭ قانۇنىغا،
ۋەتەن بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا دەخلى كېلىدىغان ئىشلار
بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش، تاكتىكىدا دىققەت قىلىش، ئىدىيىۋى
تەربىيىنى ئاساس قىلىش، دەپ كېلىشتۇق. يولداش جۇ ئېنلەي مۇ-
شۇ دەلىللەر ئۈستىدە مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى.

مەن يېڭى قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ نامى نېمە بولىدۇ دېگەن
مەسىلىنى قويدۇم. يولداش جۇ ئېنلەي «ھۆكۈمەتنىڭ نامى شىنجاڭ
ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دېيىلسە قانداق؟» دېگەن پىكىرنى قوي-

دى، مەن بۇ مەسىلىنى قايتا ئويلىشىپ باقسا قانداق؟ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونومىيىسى ياكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونومىيىلىك ھۆكۈمىتى دېسەك، دېگەن پىكىرنى قويدۇم. يولداش جۇ ئېنلەينىڭ پىكرى: شىنجاڭدا ئاپتونومىيە چوقۇم قۇرۇلۇشى كېرەك. ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن شەرتلەرنى تەييارلاش كېرەك. بۇ شەرتلەر: ئاۋۋال پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي جەھەتتىكى تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، كېيىن خەلقنىڭ ئېدىيۋى سەۋىيىسىنى كۆتۈرۈش، مۇشۇ ئاساستا يېڭى ئاپتونومىيە مەسىلىسى توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلساق، دېدى. مەن يولداش جۇ ئېنلەينىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئاپتونومىيە مەسىلىسى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، بولۇپمۇ زىيالى كادىرلار ناھايىتى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلە، مەلۇم مەزگىلگە كەلگەندە بۇ مەسىلىنى بىرتەرەپ قىلىش ناھايىتى زۆرۈر. بۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى، ۋەتەن بىرلىكىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم مەسىلە، دېگەن پىكىرنى قويدۇم، يولداش جۇ ئېنلەي مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يولداش لىيۇ شاۋچى بىلەن ئىككى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزدۇم. بۇ سۆھبەتلىرىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: بىرىنچىسى — شىنجاڭدا پارتىيە قۇرۇلۇشى مەسىلىسى. ئىككىنچىسى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش. ئۈچىنچىسى شىنجاڭدا يەر ئىسلاھاتىنى ئۆتكۈزۈش مەسىلىلىرى ئۈستىدە. ئاخىرىدا، شىنجاڭدا ماركسىزم، لېنىنىزملىق تەربىيە ھەم ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلەشتۇق.

يولداش لىيۇ شاۋچى — شىنجاڭدا پارتىيە قۇرۇلۇشى باشلانغاندا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۇنىڭ ئىچىدە دىنىي ئادەملەرنىڭ (دىندارلارنىڭ) مۇئامىلىسى قانداق بولۇشى ئېھتىمال، دېگەن مەسىلىنى قويدى. مەن — شىنجاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئالدى بىلەن بۇ ناھايىتى مۇھىم، بىرىنچىدىن ئالدىنقى ۋەزىپە. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى ھەم كەڭ زىيالىيلار ھەم مىللىي ئارمىيىدىكى جەڭچى -

ئوفىتسېرلار قارشى ئالىدۇ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ماركسىزم،
لېنىنىزمنىڭ ئاساسى نۇقتىئىنەزىرى، ئىنقىلابى پارتىيىنىڭ رەھ-
بەرلىكى بولمىسا ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەسلىكى، بۇ
پۈتۈن جۇڭگونىڭ ھەممە يېرىدە شۇنداق بولغاندەك، شىنجاڭدىمۇ
شۇنداق بولۇشى كېرەك، دېگەن پىكرنى ئېيتتىم، يولداش ليۇ شاۋ-
چى بۇ توغرىدا مېنىڭ قارشىمغا قوشۇلۇپ: ئۇنداق بولسا، سىزنىڭ
قارىشىڭىزچە شىنجاڭدا پارتىيە قۇرۇلۇشى باشلانغاندا چوڭ مەسىلە
بولمايدىغاندەك، بۇ ياخشى شارائىت ئىكەن. ھەرھالدا پارتىيىگە نىس-
بەتەن بولىدىغان ھەر خىل قاراشلار بولسا، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىش،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ
مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان توغرا پارتىيە ئىكەنلىكىنى ھەر
مىللەت خەلقىگە شۇنىڭ بىلەن دىنىي تەبىقىدىكى كىشىلەرگىمۇ يا-
شى چۈشەندۈرۈشى كېرەك، دېدى. يەنە يولداش ليۇ شاۋچى، شىن-
جاڭدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ شۆ-
بىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىدىن، ئالدى بى-
لەن ھەر مىللەت زىيالىيلىرى، ماركسىزم ئىدىيىسىدىكى زىيا-
لىيلاردىن پارتىيىگە قوبۇل قىلىش، يەرلىك مىللەتلەردىن پارتىيە
قوشۇنىنى تەشكىل قىلىش، بۇ ناھايىتى مۇھىم، دەپ كۆرسەتتى. مەن
بۇنىڭغا تولۇق قوشۇلدۇم. بۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە
ئالدىنقى ۋەزىپە، بىز بۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىمىز دەپ ۋەدە بەردىم.
يولداش ليۇ شاۋچى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى توغرىسىدا
مەندىن پىكىر سورىدى. مەن بۇ توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ قاراشلىرىمنى
ئوتتۇرىغا قويدۇم: شىنجاڭ ھامان فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىدە
تۇرىدۇ. يېزا ئەھۋالىدىن ئالغاندا، دېھقانلار مۇتلەق كۆپچىلىكنى
تەشكىل قىلغان كەمبەغەل دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان، ياللانما
دېھقانلار، ئازچىلىقنى تەشكىل قىلغان پومىشچىكلار قولىدا ئېكىس-
پىلاتاتسىيە قىلىنىۋاتىدۇ. تەخمىنەن 80% تىن ئارتۇق دېھقانلار پۈ-
تۈن يەرنىڭ 20 ھەتتا 10 نەچچە پىرسەنتىگە ئىگە بولغان بولۇشى
مۇمكىن. ئەمدى 10 نەچچە پىرسەنتنى تەشكىل قىلغان پومىشچىكلار
تېرىلغۇ يەر مەيدانىنىڭ 80% تىن ئارتۇغىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھازىر-

قى بىزنىڭ تەخمىنەن ئىگىلىشىمىز، ئىلى ۋىلايىتىدە بەزى نۇقتۇلۇق تەكشۈرۈشلەرنىمۇ ئېلىپ باردۇق. دېھقانچىلىق رايوندا سىنىپىي تەركىپ، ئىجتىمائىي ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق، شىنجاڭدا چارۋىدارلار، چارۋىچىلار چارۋىچىلىق رايونى خېلى چوڭ مىقدارنى ئىگىلەيدۇ. چارۋىچىلار ھەم چارۋىدارلارنىڭ سىنىپى ئەھۋالى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەھۋالى، باي چارۋىچىلارنىڭ يايلاقلارنى چارۋا ماللارنى ئىگىلەش ئەھۋالى ئاساسەن دېھقانچىلىق رايونىغا ئوخشايدۇ. بەلكى چارۋا رايوندا سىنىپى تەركىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن تېخىمۇ چوڭراق بولۇشى مۇمكىن. دېمەك شىنجاڭدا فېئودالىلىق تۈزۈم تولۇق داۋام قىلىۋاتىدۇ. بەزى جايدا، ئايرىم دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بەزى چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىدەك، دېھقان قۇللار يەنى كېرپوسنوي تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

مانا مۇشۇ ئەھۋاللاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەر ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قانداق قىلىش، بۇ ئويلىشىدىغان مەسىلە. چۈنكى چارۋىدارلارنىڭ قولىدىكى چارۋىلار دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يەرگە ئوخشىمايدۇ. يەر قوزغالماس مۈلۈك بولسا، چارۋا مال قوزغىلىدىغان مۈلۈك، سودا ـ تاۋار خاراكتېرىگە ئىگە. بۇ تېخى مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مەسىلە... دېگەن پىكرىمنى ئېيتتىم.

بۇ مەسىلىلەردە خېلى پىكىر ئالماشتۇردۇق، يولداش ليۇ شاۋچى مېنىڭ پىكىرلىرىمگە ناھايىتى دىققەت قىلدى. ئاخىرىدا بىز ئىككى - ئۈچ يىل تەييارلىق قىلىش - نەزەرىيە جەھەتتە، سىياسىي ئىدىيە جەھەتتە، يەنە بىرقاتار تەييارلىقلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يەر ئىسلاھاتىنى باشلاش، دېگەن پىكىرگە كەلدۇق. يولداش ليۇ شاۋچى ئىككى مەسىلىنى تەكىتلىدى: بىرسى — شىنجاڭدا ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يەر ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشتا، سىنىپىي كۈرەشتە ئىچكىرىدىكى خەنزۇلار رايونىغا قارىغاندا كەڭرەك بولۇش: چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋىچىلىق ئەھۋالىنى قانداق ئۆزگەرتىش كېرەك، دېگەن مەسىلىنى كېيىن شىنجاڭدا قىنجۇ قۇرۇل-

www.uyghurkitap.com

غاندىن كېيىن ياخشى مۇزاكىرە قىلىش كېرەك، دېگەن يوليورۇقنى بەردى. مەن بۇ كىشىنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلدۇم.

كېيىن، يولداش ليۇ شاۋچى «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى»نىڭ ئەھۋالى ۋە «شىنجاڭ خەلق دېموكراتىيىسى ئىتتىپاقى» توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى سورىدى. مەن «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى»نىڭ ئەشۇ ۋاقىتتا (شۇ شارائىتتا) ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ سەۋەبىنى، كېيىن «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى»نىڭ كادىرلىرى «ئىتتىپاق»نىڭ كادىرلىرى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. يولداش ليۇ شاۋچىغا «ئىتتىپاق»نىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى، «ئىتتىپاق»نىڭ ئاساسىي پروگراممىسى، «ئىتتىپاق»نىڭ كۈرەش نىشانى، ھازىرقى پائالىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم. «ئىتتىپاق»نىڭ ئازادلىقتىن كېيىن قانداق بولۇشى مەسىلىگە كەلگەندە، مەن «ئىتتىپاق»نى يەنە ئاممىۋى تەشكىلات شەكلىدە ساقلاپ بارساق قانداق؟ دېگەن پىكىرنى قويدۇم.

يولداش ليۇ شاۋچى «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى»نى ئەشۇ ۋاقىتتا، ئاشۇ شارائىتتا توختاتقان بولساڭلار، بۇ شارائىتنىڭ تەلىپى، توغرا بوپتۇ. كوممۇنىزم خاراكتېرىدىكى پارتىيىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەشۇ شارائىتىدا ئوچۇق مەيدانغا چىقىپ كۈرەش قىلىشى قىيىن بولغان مەزگىلدە «ئىتتىپاق»قا ئوخشاش ئاشكارا خەلق جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلىپ، سىلەرنىڭ پارتىيەڭلارنىڭ ۋەزىپىسىنى باشقا شەكىلدە يەنى «ئىتتىپاق» ئارقىلىق داۋاملىق ئىجرا قىپسىلەر، بۇ ياخشى ئىش، دېدى.

ئاخىرىدا مەن يولداش ليۇ شاۋچىنىڭ يوليورۇقلىرىغا تولۇق قوشۇلىدىغانلىقىمنى، بىرنەچچە مەسىلە توغرىسىدا بىز كېيىن فېنجۇ قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە جۇڭياڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە مۇزاكىرە قىلىشىمىز لازىملىقىنى ئېيتتىم. كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە يەر ئىسلاھاتى توغرىسىدا شۇنىڭ بىلەن «خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى» توغرىسىدا يولداش ليۇ شاۋچىغا يەنە بىر ئايرىم يازما دوكلات يازدىم. شۇنداق قىلىپ يولداش ليۇ شياۋچى بىلەن بىرنەچچە قېتىملىق ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىز ناھايىتى ياخشى ئۆتتى. يولداش

لىيۇ شاۋچىنىڭ نۇرغۇن يولىيورۇقلىرىنى ئالدىم. مەن نۇرغۇن تەربىيە
ئالدىم. بۇ بولسا، بۇندىن كېيىنكى ئىشلار توغرىسىدا بۇندىن كې-
يىنكى خىزمىتىمىزدە ناھايىتى ئوبدان ئاساس سېلىپ بەردى.
ئۇندىن كېيىن يولداش جۇ دې بىلەن شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت مىل-
لىي ئارمىيىسىنىڭ قانداق قىلىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قو-
شۇلۇشى توغرىسىدىكى مەسىلىسىنى سۆزلەشتۇق. يولداش جۇ دې
ئالدى بىلەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلىنىشى-
دىن تارتىپ تا ئاخىرىغىچە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانلىقى، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىنقىلابىغا بولغان تەسىرى
توغرىسىدا گەپ قىلغاندا، مىللىي ئارمىيىنىڭ كۈچى بۇندىن كېيىن-
مۇ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ قارىشىنى سۆز-
لەپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇندىن كېيىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى-
نىڭ بىرقىسمى بولۇپ بىرلىكتە داۋاملىق كۈرەش قىلىشى زۆرۈرلى-
كىنى ئېيتتى. بۇ توغرىدا بىرقانچە پىكىرلەرنى ئالماشتۇرغاندىن
كېيىن بىر يولداش جۇ دېنىڭ مىللىي ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئارمى-
يىسىنىڭ بىر كورپۇسى (بىر جۈنى) بولسا دېگەن پىكىرگە كېلىش-
تۇق. مەن، ياخشى پىكىر، قىزغىن قارشى ئالىمەن، شۇنىڭ بىلەن
مىللىي ئارمىيىسى ئۈچۈن شەرەپلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيت-
تىم. شىنجاڭغا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا مەن يولداش جۇ دېدىن خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بايرىقىدىن بىرنەچچە ئوننى، خەلق ئازادلىق
ئارمىيىسىنىڭ «8.1» كاكاردىسىدىن بىرنەچچە مىڭنى سورىۋدۇم. بۇ
خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن مىللىي ئارمىيە رەسمىي قوشۇلغان-
دىن كېيىن دەرھال كېرەك بولىدىغان نەرسىلەر ئىدى. مەن شىنجاڭ-
غا مېڭىش ئالدىدا يولداش جۇ دې بۇ نەرسىلەرنى ئالاھىدە تەييارلاپ
ئەۋەتىپتىكەن، مەن شىنجاڭغا ئالغاچ كەلدىم. شىنجاڭدا بىز دەرھال
ئۇنى ئىشلەتتۇق. بۇندىن باشقا ئاخىرىدا مەن يولداش جۇ دېغا خەلق
ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرىشتە ئۈرۈمچىگە بارغاندا مىللىي
ئارمىيىدىن بىر پولك ئۈرۈمچىگە كېلىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى-
گە قوشۇلسا، يەنە بىر پولك قەشقەرگە بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا با-
رىدىغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىپ، ئۇلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىللە ئىشلىسە، ئۇنداق بولسا، بىرىنچىدىن ئارمىيىلىرىمىزنىڭ بىرلىشىشى خەلققە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن پارتىيىنىڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ پۈتۈن پارتىيە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىمۇ مۇھىم، دېگەن تەكلىپنى بەردىم، يولداش جۇدې بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. بۇ پىكىرلەرنى تېلېگرامما بىلەن ئىلىدىكى يولداشلارغا خەۋەر قىلدىم. بىز قايتىشتىن ئىلگىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كىرىشى بىلەنلا مەرغۇپ بىر پولك بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ ماتورلاشقان تۈەنىنى قارشى ئالدى، ئىمىنوۋ باشچىلىقىدىكى بىر پولك جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا گوپېڭ، ۋاڭ ئىنماۋلار باشلاپ بارغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى بىلەن قوشۇلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھەربىي، مەمۇرىي، تەشكىلىي ئىشلارغا ھەم پارتىيە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ئىشلىرىغا بىرلىكتە قاتناشتى. مىللىي ئارمىيەنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان قىسىملىرىدىن ئۇلار بىرقىسىم كادىرلارنى ئاجرىتىپ، مەمۇرىي ئىشلارغا قاتناشتۇردى. كېيىن ئۇلار نۇرغۇنلىرى مەسئۇل خىزمەتتە بولۇپ ئىشلىدى.

بۇ بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە بېيجىڭدە مەن يولداش ماۋ زېدوڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يۇقىرىدىكى بىرنەچچە مەسىلىلەر توغرىسىدا بىرقانچە رەھبىرىي يولداشلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ كېلىشىۋالدۇق ھەم مۇھىم يوليورۇقلارنى ئالدۇق. بۇ بولسا دەرھال شىنجاڭدا ھەل قىلىشى لازىم بولغان خىزمەتلەر توغرىسىدا ناھايىتى مۇھىم پرىنسىپلار ھەم يوليورۇقلار بولۇپ قالماستىن، ئومۇمەن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ھەم ھەل قىلغۇچ يوليورۇقلار بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بېيجىڭدىن قايتىش ئالدىدا بېيجىڭدە ئۆتكەن بۇ بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتنى دائىم ئەسلەيمەن. بۇ ھەقتىكى ئالغان تەسىراتىم، تەربىيەم، شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىنكى خىزمەتتە بەزى مەسىلىلەرنى ھودۇقماي ھەل قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مۇھىم ھالقا بولدى.

يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن بىز شىنجاڭغا قايتىش ئالدىدا ماۋ جۇشى، ليۇ شاۋچى، جۇ ئېنلەي، جۇ دېلار بىلەن بىرلىكتە بىزنى جۇڭنەنخەيدىكى ئۆزىنىڭ تۇرار جايىدا قوبۇل قىلدى. ماۋجۇشى بىرقانچە ۋاقىتتىن بۇيانقى باشقا رەھبىرىي يولداشلار بىلەن سۆزلەشكەنلىكىمىز توغرىسىدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ، مەن ئاڭلىدىم، ھازىر پېڭ دېخۇەي بىلەن ۋاڭ جېن جۇڭچۇەندە سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا ھازىر كېلىشىلگەن پرىنسىپ ئاساسىدا بىرمۇنچە كونكرېت مەسىلىلەرنى ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ كېلىشىۋالساڭلار بولىدۇ، دېدى. ئاندىن كېيىن ماۋ جۇشى تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى: بىرسى - شىنجاڭدا مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلماقچى، ۋاڭ جېن دېگەن بىر كىشى بار، بۇ كىشى شۇ شۆبىنىڭ سېكرېتارى ھەم شىنجاڭ جۈنچۈيىنىڭ سىلىڭيۈەنى بولماقچى. بۇ ئادەم ناھايىتى ياخشى كادىر. ئىلگىرىدىن تارتىپ ئىنقىلابتا چوڭ جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلگەن. بۇ ئادەم ئۇرۇشتا دۈشمەننى يەڭمىگىچە ھەرگىز ئارقىغا قايتمايدىغان قەھرىمان. ئەمما، سىياسىي خىزمەتتە ئوبدان ئويلاشماي ئاشۇنداق يۈگرۈۋەرسە بولمايدۇ. سىز مۇشۇ ئادەم بىلەن بىللە ئىشلەيسىز، بۇ ئادەم ئالدىراپ كەتكەندە بىرئاز پېشىنى تارتىپ قويسىڭىز، چۈنكى سىز شىنجاڭ ئەھۋالىنى ۋاڭ جېندىن ياخشى بىلىسىز، دېدى.

ئاندىن كېيىن ماۋ جۇشى — سىلەرنىڭ مىللىي ئارمىيە بىر كورپۇسى بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە كىرىشى توغرىسىدا يولداش جۇ دې بىلەن كېلىشىلەر؛ جۇنجاڭ بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ، شۇنداق قىلارسىلە، دېدى. كېيىن ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى ئاساسەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئايلاندۇرساڭلار. شىنجاڭغا بېرىپ شىنجاڭ مەسىلىلىرى بىرتەرەپ بولغاندىن كېيىن بىزنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭمۇ چوڭ بىرقىسمى يەرلىككە ئۆتىدۇ. بۇ قىسىملارنى بوز يەر ئېچىش ئىشلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرقىسمىنى يېڭى سانائەت قۇرۇلۇشىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. مىللىي ئارمىيىدىن قورغاندىن يەنە ئېشىپ

www.uyghurkitap.com

قالدىغان ئادەملەر بولسا، ئۇلارنىمۇ مۇشۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۈندىسەڭلار بولىدۇ، دېدى.

كېيىن ماۋ جۇشى، سىزنىڭ يولداش ليۇ شاۋچى بىلەن سۆزلەشكەندە سىلەرنىڭ «خەلق ئىنقىلابى پارتىيەڭلارنىڭ قانداق شارائىتتا ئەمەلدىن قالغانلىقى توغرىسىدا دەپسىز، ھەم يازما دوكلات قىلىپسىز. مەن ئۇنى كۆردۈم. شۇ شارائىتتا پارتىيەڭلار ئەمەلدىن قالغان بولسا، بۇنىڭغا سىلەرنىڭ كۆڭلىڭلار يېرىم بولمىسۇن، سىلەرنىڭ پارتىيەڭلارنىڭ ئاساسى كۆپچىلىك كادىرلىرى يېڭى قۇرۇلغان ئىجتىمائىي تەشكىلات «ئىتتىپاق»قا قوشۇلۇپتۇ. «ئىتتىپاق» خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلىرى يەنە ئوخشاشلا سىلەرنىڭ پارتىيەڭلارنىڭ ئۇتۇقلىرى، دېدى. ئاندىن كېيىن ماۋ جۇشى يولداش جۇ ئىنلەيگە قاراپ: «سىز پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېنلارغا خەۋەر قىلىپ قويۇڭ، شىنجاڭدا فېنجۇي قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى كاندىداتسىز بىۋاسىتە جۇڭگو گوڭچەنداڭغا ئەزا قىلىپ قوبۇل قىلسۇن، دېدى.

ماۋ جۇشى ئۆزىنىڭ يولىيورۇقىدا، شىنجاڭدىكى ئىجتىمائىي ئەھۋال، يەر ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلىكى، ياخشى تەييارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈش، لېكىن ئالدىراپ كەتمەسلىك ھەم ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قارىغاندا كەڭرەك بولۇش، توغرىسىدا سۆزلەپ، «يولداش ليۇ شاۋچى بىلەن بۇ توغرىدا مۇشۇ مەسىلىلەردە ئوبدان كېلىشىپسىلە، جۇڭياڭ بۇنىڭغا قوشۇلىدۇ» دېدى.

كېيىن ماۋ جۇشى، سىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئۆتۈش توغرىسىدىكى ئىلتىماسىڭىز ناھايىتى ياخشى، بۇنىڭغا بىز قوشۇلدۇق. (يولداش جۇ ئىنلەيگە قاراپ) يولداش سەيپىدىننىڭ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى ھەم بىزنىڭ تەستىقىمىزنى يولداش پېڭ دېخۇەي، يولداش ۋاڭ جېنغا ئەۋەتىپ بېرىڭ، رەسمىيىتىنى شىنجاڭ فىنجۇ قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆتكۈزسە بولىدۇ، دېدى.

ئاخىرىدا ماۋ جۇشى مېڭىش ئۈچۈن ئايروپىلان تەييارلىقى قانداق بولغانلىقىنى يولداش جۇ ئىنلەيدىن سورىدى. يولداش جۇ ئىنلەي — ئەتە ئۇچماقچى، ياخشى ئايروپىلان تەييارلىدۇق، دېدى. كېيىن ماۋ

جۇشى قانداق ئايروپىلان، ئۇچقۇچىلار قانداق؟ دەپ يولداش جۇ ئىنلەيدىن سورىغاندا، يولداش جۇ ئىنلەي — ئايروپىلان ياخشى، ئامېرىكا ئايروپىلانى، ساق، ئوبدان ئايروپىلان ئىكەن، ئۇچقۇچىلار شۇ ئايروپىلان بىلەن ئۈچ ئاي ئىلگىرى گومىنداڭ تەرىپىدىن قېچىپ ئۆتكەن، بۇ ئۇچقۇچىلارنىڭ سىياسىي ئەھۋالى، تېخنىكىسى ياخشى ئەكەن، بىز تولۇق تەكشۈردۇق دېدى. كېيىن ماۋ جۇشى يولداش جۇ ئىنلەيگە قاراپ، «شۇنداق بولسىمۇ، بۈگۈن كەچ سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يەنە بىر تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، ئەشۇ ئايروپىلاننى ھەم ئۇچقۇچىلارنى چوڭقۇر بىر تەكشۈرۈپ چىقساڭلار، تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇچسۇن دېدى. ئاندىن ماۋ جۇشى ماڭا قاراپ، ئەتە يولداش جۇ ئىنلەي تېلېفون بېرىپ سىزگە ئۇچۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئېيتمىغىچە سىز ئايرودرومغا چىقماڭ، جۇ ئىنلەينىڭ تېلېفونىنى كۈتۈڭ دېدى. بۇ مەسىلىگە كەلگەندە، مەن ماۋ جۇشىنىڭ بىزدىن ئىلگىرى بېيجىڭغا كېلىشتە قۇربان بولغان ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق يولداشلارنى ئويلاپ، بۇدا ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشتا تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك، دېگەن نۇقتىدىن بۇ يوليورۇقنى ئېيتقانلىقىنى تونۇپ تەسىرلەندىم ھەم بىز خوش بولدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە جۇ زوڭلىنىڭ كاتىپىدىن تېلېفون كەپتۇ. سائەت 8 گىچە كۈتسۇن، ئاندىن خەۋەر قىلىمىز، ھازىر ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئايروپىلاننى تەكشۈرۈش قىلىدىغان گۇرۇپپا تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇردى، دەپتۇ. بىز سائەت 7 دە تاماقنى يەپ كۈتتۇق. توپتوغرا سائەت 8 دە يولداش جۇ ئىنلەيدىن تېلېفون كەلدى: «ھەممە تەييار بولدى، ئۇچۇشقا بولىدۇ. ئايرودرومغا چىقىڭلار» دەپتۇ. بىز دەرھال ئايرودرومغا چىقتۇق. ئۇ يەردە ئايروپىلاننى ھەم ليۇتچىكلارنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى. بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىمۇ بار ئىكەن. يولداش جۇ ئىنلەي تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىغا، تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىشنى ئېيتتى. ئۇ كىشى قىسقا قىلىپ — ئايروپىلان ھەممە جەھەتتىن يارايدۇ، ليۇتچىكلار ھەممىسى سىياسىي، تېخنىكا جەھەتتىن ياخشى، تولۇق كاپالەتلىك بار. بىز

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇشنى قارار قىلدۇق، دېدى. مەن جۇ زوڭلىغا ماۋ جۇشىنىڭ، يولداش جۇ ئىنلەينىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىزنىڭ ئۇچۇشىمىز ئۈچۈن چوڭ غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىز بېيجىڭدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭغا قاراپ ماڭدۇق. بۇ 1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئىدى.

## ئىككىنچى باب جۇ چۈەندە

بىز شىنجاڭغا قايتىش سەپىرىمىزدە ئاۋۋال جۇ چۈەنگە بېرىپ توختاپ، ئۇ يەردە يولداش پېڭ دېخۇەي ھەم يولداش ۋاڭ جېنلار بىلەن بىرنەچچە كۈن شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. بېيجىڭدىن ئايروپىلان كۆتۈرۈلدى، ئايروپىلان ئامېرىكىنىڭ «دوگلاس» دەپ ئاتىلىدىغان يۈك ئايروپىلانى (ياكى ھەربىي ئەسكەر توشۇش ئايروپىلانى) بولسا كېرەك. ئىچى ئادەتتىكى ئورۇندۇق، بەندىڭلار بىلەن تولغان بولسىمۇ، ئايروپىلاننىڭ ئۇچىشى ناھايىتى ياخشى ئىدى. بىزنى باشلاپ ئۇزۇتۇپ بىللە ماڭغان ئەن زىۋىن دېگەن يولداش بىللە ئىدى. بۇ يولداش يېڭى قۇرۇلغان ئاۋىئاتسىيە مەكتەپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، ئايروپىلان ھەيدەشنىمۇ بىلىدىكەن. بۇ يولداشنى جۇ زۇڭلىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىزگە قوشۇپتىكەن. بىز ئايروپىلاندا يولداش ئەن زىۋىن بىلەن ھەر خىل تېمىدا پاراڭلىشىپ ماڭدۇق، ئالدىنقى تېمىمىز ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى، كېڭەشنىڭ غالىبىيەتلىك ئېچىلىشى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، پۈتۈن ۋەتىنىمىزنىڭ تولۇق ئازاد قىلىنىشى مەسىلىلىرى ئۈستىدە بولدى. كېيىن شىنجاڭ توغرىسىدا يولداش ئەن زىۋىن بىرمۇنچە ئەھۋاللارنى بىلگىسى كەلدى بولغاي، ئۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ توغرىسىدىمۇ پاراڭلاشتۇق. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە سائەت ئۇچۇپ بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا يامان بۇلۇتلۇق ھاۋاغا توغرا كەلدى، ئايروپىلان بۇلۇتنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاندىن كېيىن تېخىمۇ قارا بۇلۇتلار كېلىپ ئايروپىلاننى ئورىۋالدى. بىرئاز ئۇچقاندىن كېيىن ھاۋا تېخىمۇ يامانلىشىپ ئايروپىلان قاتتىق سىلكىنىشكە باشلىدى، سىلكىنىش كۈچىيىپ ئايروپىلان تۆۋەن – يۇقىرى ئۆرلەپ، چۈشۈپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇچۇش تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئەن زىۋىن لىيۇتچىكلارنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەن زىۋىن ۋە لىيۇتچىكلارمۇ بىرئاز جىددىيلىشىپ قالدى بولغاي، ئايرو-

www.uyghurkitap.com

پىلان تېخىمۇ تاسقاپ، ئېگىز - پەس ئۆچقىلى تۇردى. بىردەمدىن
كېيىن يولداش ئەن زىۋىن چىقىپ، ئايروپىلان قاتتىق، يامان ھاۋاغا
يولۇقۇپ قالدى. بىز قايتىپ تەيىۋەنگە ياكى شىئەنگە چۈشسەك، ئەتە
ھاۋا ياخشى بولغاندىن كېيىن كۆتۈرۈلسەك دېدى. بىز ماقۇل دېدۇق.
ئايروپىلان ئارقىسىغا قاراپ بۇرۇلدى. بۇرۇلۇپ ئۇچۇپمۇ يەنە شۇنداق
بىرەر سائەتچە ئېگىز - پەس ئۇچتى. بەزىلەر، بولۇپمۇ يولداش ئا-
لىمجان بەكمۇ بىئارام بولدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ھاۋا بىرئاز
ئېچىلىپ يورۇقلۇققا چىقتۇق. ئەن زىۋىن لېيۇتچىكلارنىڭ يېنىدىن
چىقىپ شىئەنگە چۈشۈشكە بولمايدىكەن، ئۈرۈمچىدىن كېيىن تېخى
ئايروپىلان چۈشكىدەك ياسالماپتۇ. بىز تەيىۋەنگە چۈشسەك دېدى. شۇ-
نىڭ بىلەن تەيىۋەنگە قاراپ ماڭدۇق. ۋاقىت بارغانچە كەچ بولۇشقا
باشلىدى، ئايلىنىپ ئايروپىلان تەيىۋەنگە بارغاندىن كېيىن، ئايرودروم
تېخى تولۇق تۈزۈتۈلۈپ بولمىغان، ئايروپىلان چۈشۈشكە بولمايدۇ،
دەپ خەۋەر كەپتۇ. ئەمدى بېيجىڭگە قايتايلى دېسەك بېنزىن يەتمەيدى-
كەن، لېكىن يولداش ئەن زىۋىن تەيىۋەن ئايرودرومىغا «ئايرودرومنىڭ
ئايروپىلان چۈشۈش لېنىيىسىنىڭ ئىككى چېتىدىكى بۇزۇلغان يېرى-
نى بويلاپ ھەربىيلەر تۇرۇشى كېرەك، بىز شۇ ھەربىيلەر قاتار بولغان
يول بىلەن چۈشىمىز» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئەھۋالنى ماڭا ئېيت-
قاندىن كېيىن مەنمۇ ئەندىشە قىلدىم. بۇ خەتەرلىك چۈشۈش ئىدى.
ئەمدى چۈشمەي ئاسماندا قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، لەنجۇغا يېتىپ
بارغىلى بولمايدۇ. ئاخىر چۈشىدىغان بولدۇق. دېگەندەك كۆن ئولتۇ-
رۇپ بىرئاز قاراڭغۇلۇق باشلانغان مەزگىل ئىدى، ئايلىنىپ پەسلە-
سەك ئايرودروم كۆرۈندى، ئىككى تەرەپتە قاتار تىزىلغان ھەربىيلەر،
ئوتتۇرىسىدا ئوچۇق يول كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ يەردىن چۈشىدىكەن-
مىز - چۈشتۇق. ئەمما ھەممىمىز قاتتىق ئەندىشىدە چۈشتۇق. چۈش-
كەندىن كېيىن ئايروپىلان شۇ يول بىلەن مېڭىپ ئاخىرى تىنچ، ئامان
ئايرودرومنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ھەممىمىز خۇشال بولۇپ
كەتتۇق. بىزنى تەيىۋەندىن قارشى ئالغىلى چىققانلارمۇ بار ئىكەن،
ئۇلارنىڭمۇ خېلى جىددىيلەشكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. كېيىن ئاڭ-
لىساق، بۇ يەردە ئىلگىرى ئۇرۇش ۋاقتىدا پارتلاپ كەتكەن چوڭ بىر

چوڭقۇر بار ئىكەن، ئايروپىلان شۇ چوڭقۇرغا ئىككى مېتىر قالغان يەردىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ناھايىتى ئەندىشىلىك بوپتۇمىش.

شۇ كۈنى تەييۇەندە قوندۇق. ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق، چۈشتىن ئاۋۋال بۇ شەھەرنى ئانچە - مۇنچە ئايلىنىپ كۆردۇق. چۈشتە تاماق يېدۇق، چۈشتىن كېيىن جۇڭچۇەنگە قاراپ ئۇچتۇق، بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئوچۇق بولدى. بىز چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر چامىسىدا جۇڭچۇەن ئايرودرومىغا بېرىپ چۈشتۇق. ئايرودرومدا يولداش ۋاڭ جېن، يولداش شۈي لىچىڭ ھەم بىرقانچە ھەربىي كادىرلار بىزنى قارشى ئالدى. جۇڭچۇەندە بىر مېھمانخانىغا چۈشكەندىن كېيىن يولداش ۋاڭ جېن، شۈي لىچىڭلار ئازراق پاراڭلىشىپ، ئاندىن كېيىن يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ مېھمانخانىغا كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى ھەم كەچتە بىللە تاماق يەيدىغانلىقىمىز، تاماقتىن كېيىن ھەربىيلەر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كونسېرتىنى كۆرىدىغانلىقىمىزنى ئېيتتى. ئۇلار قايتىپ كەتتى. بىزمۇ بىرئاز دەم ئالدۇق. كېيىن ھويلىغا چىقىپ ئولتۇراتتۇق، تالادىن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى، بۇ ئادەم ناھايىتى سىمىز كەلگەن دوغىلاق ئادەم ئىكەن، ئادەتتىكى ئەسكەرلەرگە ئوخشاش پاختىلىق چاپان، پاختىلىق شەپكە كىيگەن، بېشىدا «بايى» كاكاردىسى بار، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ بىزگىلا قاراپ كەلدى، بىردەمدىن كېيىن مەن يېنىمدىكى ئالىمجان، تۇجىژلارغا، بۇ ئادەم ھەجەپ توپتوغرا بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ كىمدۇ، دېسەم، ئۇلارمۇ بۇ مۇشۇ يەردىكى كۈتكۈچىلەرنىڭ بىرسى بولسا كېرەك دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەم كېلىپ توپتوغرا ماڭا قولىنى سۇندى، مەنمۇ ئۇنىڭغا چالا ھۆرمەت قىلىپ قولۇمنى سۇنۇپ قويدۇم، ئاندىن كېيىن ماڭا قاراپ، «نېشى سەيفۇدىنما؟» («سىز سەيپىدىنمۇ؟») دېدى ۋە جاۋاب بەرگىچە: «ۋوشى پېڭ دېخۇەي» دەپ قولۇمنى قاتتىق سىقتى. «ھە، مەن» دەپ ھودۇقۇپراق ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارشى ئالدىم. ئۇ كىشى بۇ ۋاقىتتا مەندە يەنە بىر قېتىم پارتىيە رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ جۈملىدىن ھەربىي رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ قىياپىتى ئاددىي جەڭچىلەردىن كۆرۈنۈش قىياپىتىدە ھېچ پەرق قىلمايدىغان بىر ھالىتىنى كۆرۈپ يەنە بىر چوڭقۇر تەسىرات پەيدا بولدى. مەن كۆڭ-

لۇمدە بۇ پېلىڭ دېخۇەي دېگەن ئادەم يەنە بىر كىچىك جۇ دې دېگەن
ئويغا كەلدىم. بىز ئازراق ئامان ـ سالام قىلىشقاندىن كېيىن مېھ-
مانخانىنىڭ مەجلىسخانىسىغا كىردۇق.

بۇ ئۇلتۇرۇشتا يولداش پېڭ دېخۇەيمۇ ئالاھىدە مەسىلە قويمىدى،
بىزنىڭ ئەھۋالىمىز، بېيجىڭدىكى ئەھۋال، بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى ئاي-
روپىلان سەپىرى — مۇشۇ توغرىدا گەپ بولۇپ، ئۇ ئادەم تونۇگۈن
سىلەرنىڭ بېيجىڭدىن ئۇچۇپ لەنجۇغا چۈشەلمەي قايتىپ يەنە تەيىيۇ-
ەنگە چۈشكەن ئەھۋالىڭلارنى بىلىپ تۇردۇق، بىز ھەقىقەتەن ئەندىشە
قىلدۇق. بىراق ئايروپىلان ياخشى ئىكەن، لىيۇتچىكى ئىشەنچلىك ئە-
كەن، يولدش جۇ ئىنلەي ئالاھىدە كاپالەتلىككە ئىگە بولغاندىن كېيىن
ئاندىن ئۇچۇشقا رۇخسەت قىپتۇ، دېگەننى ئاڭلىغاندىن كېيىن خا-
تىرجەم بولۇپ ئولتۇردۇق، دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇياقتىن ـ بۇياق-
تىن، بېيجىڭدىن ـ شىنجاڭدىن، ھازىر شىنجاڭغا قاراپ ماڭغان
ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىدىن پاراڭلىشىپ بىرەر سائەت ئولتۇرغاندىن
كېيىن يولداش ۋاڭ جېن، يولداش شۈي لىچىڭ يەنە بىرقانچە ھەربىي
مەسئۇل كادىرلار كەلدى، ئۇلار بىلەنمۇ شۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇر-
دۇق. كېيىن تاماق يېدۇق، تاماقتىن كېيىن ھەربىيلەر سەنئەت ئۆ-
مىكىنىڭ كونسېرتىنى كۆردۇق. بۇ كونسېرت دېگەندەك ياقتى، بۇ
كونسېرت ئۆمىكى — ھەربىيلەرنىڭ ئۇرۇش جەريانىدا كىچىكتىن
چوڭغا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئارمىيە سەنئەت ئۆمىكىكەن. شۇڭغا
قارىماستىن ئۇلار ناھايىتى ياخشى نومۇرلارنى خېلى ئوبدان جاسارەت
بىلەن ئىجرا قىلدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ھەربىيلەر تۇرمۇشىدىن ئې-
لىنغان، ئۇرۇش تېمىسىدا ئىشلەنگەن، يەنە خەنزۇ خەلقىنىڭ مىللىي
ئاھاڭلىرىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلغان، تەسىرلىك تېمىلارنى قويدى.
بەك ئىشتىياق بىلەن كۆرۈپ ئولتۇردۇق. جۇ چۈەندىكى بىر كۈنىمىز
شۇنداق ئۆتتى.

ئەتىسى سائەت 9 لاردا يولداش پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېن، شۈي
لىچىڭ يولداشلار يەنە بىرقانچە يولداشلار بىلەن مېھمانخانىغا كەلدى.
بىز بۇ ئولتۇرۇشتا، شىنجاڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇزاكىرە قى-
لىشقا كىرىشتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئالدى بىلەن يولداش پېڭ دېخۇەي ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بىزنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلارغا ماتەم بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق بىر يوقىتىش بولغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. يولداش ۋاڭ جېننىمۇ سۆز قوشۇپ تەزىيە بىلدۈردى. ئاندىن كېيىن يولداش پېڭ دېخۇەي بىزنىڭ بۇ ئىككىنچى ۋەكىللەر ئۈرۈمچىدىن بېيجىڭغا كېلىشىمىز، بېيجىڭدىكى چوڭ - كىچىك پائالىيەتلەرگە قاتناشقانلىقىمىز توغرىسىدا گەپ قىلىپ، بىرىنچى قېتىملىق سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش كۈنى سۆزلىگەن سۆزۈمنى گېزىتتىن كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ، «سىزنىڭ سۆزىڭىز بەك ياخشى، بىز بۇنىڭدىن خوش بولدۇق، سىزنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە ۋاكالىتەن قىلغان بۇ سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ بىز شىنجاڭنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا يەنىمۇ تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلدۇق» دېدى. يولداش ۋاڭ جېننىمۇ «سىزنى ئاڭلىغان ئىدۇق، مانا بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈۋاتىمىز، كېڭەشتىكى سۆزىڭىز ناھايىتى ياخشى سۆز بولدى. شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى سۆزلىدىڭىز، بۇ بىز ئۈچۈن ياخشى ئىلھام بولدى» دېدى.

يولداش پېڭ دېخۇەي «بىز شىنجاڭ مەسىلىلىرى توغرىسىدا سىزنىڭ ماۋ جۇشى ۋە باشقا رەھبىرىي يولداشلار بىلەن سۆھبەتلىرىڭىز، ماۋ جۇشى ۋە باشقا يولداشلارنىڭ بەرگەن يوليورۇقلىرى توغرىسىدا خەۋەر تاپتۇق. ئەمدى بىز ئاشۇ مەسىلىلەرنى شىنجاڭدا قانداق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئەمەلىي تەدبىرلەر توغرىسىدا، يەنە باشقا بىرقانچە مۇھىم تەدبىرلەر توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزسەك، ئاندىن كېيىن سىز ۋاڭ جېن، شۈي لىچىنلار بىلەن شىنجاڭغا ماڭساڭلار، سىلەرنىڭمۇ چاپسانراق بېرىشىڭلار كېرەك، شىنجاڭ خەلقىمۇ سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىمۇ سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ...» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز جۇ چۈەندە ئىككى كۈن تۇرۇپ يولداش پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېن، شۈي لىچىڭلار يولداشلار بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. بېيجىڭدا ماۋ جۇشى ۋە باشقا رەھبەرلەر بىلەن كېلىشكەن پىرىنسىپلار ۋە ئۇلارنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن، بىرمۇنچە ئەمەلىي،

www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەرنى سۆزلەشتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنى تەشكىل قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپرەك توختالدۇق. ھەر خىل تەركىپ، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ تەركىبى، مىللىي تەركىپ، ئاندىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەركىبى، ھەقىقەتكە قايتقانلارنىڭ تەركىبى ۋە باشقىلار... ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي سانى، ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ بىرىنچى يىغىنىنى ئۆتكۈزۈشتە مۇزاكىرە قىلىدىغان كۈنتەرتىپى قاتارلىق بىرقاتار مەسىلىلەرنى سۆزلەشتۇق. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى تەشكىللەشنىڭ ئالدىدا ئالدى بىلەن بېرىپلا فېنجۈي (مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبىسى)نى تەشكىل قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ئويلاشتۇق. بۇ توغرىدا جۇڭياڭنىڭ مەخسۇس يوليورۇقى بار ئىكەن، شۇ يوليورۇقنىڭ روھىنى يولداش پېڭ دېخۇەي بىزگە ئېيتتى، بىز ئادەتتە ئۇنىڭغا باشقا پىكرىمىز بولمىدى. يەنە يولداش ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى فېنجۈنى قۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىنى تەشكىل قىلىش، ئاندىن كېيىن شىنجاڭ ھەربىي رايوننى تەشكىل قىلىش توغرىسىدا سۆزلەشتۇق. شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سىلىڭلىقى ھەم بىرىنچى جىڭۋېيلىقىنى شۇنىڭ بىلەن ھەربىي رايون پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارلىقىنى يولداش ۋاڭ جېن ئېلىپ بارماقچى ئىكەن. فېنجۈنىڭ بىرىنچى شۇجىلىقىغا ۋاڭ جېن، ئىككىنچى شۇجىلىقىغا شۈي لىچىڭ تەيىنلىنىپ جۇڭياڭنىڭ ئۇقتۇرۇپتىكەن. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكى توغرىسىدا يولداش پېڭ دېخۇەي بېيجىڭدىكى ۋاقىتتا ماۋ جۇشى، يولداش جۇ ئېنلەيلەر سۆزلەشكىنى بويىچە يەنە بۇرھان ئەپەندى كۆرسىتىلمەكچى دېدى. (بېيجىڭدا ماۋ جۇشى مېنىڭ ئالدىدىكى سۆھبەتتە ماڭا «جۇڭياڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا يەنە شۇ دەرىجىدە خىزمەت بېرىش پرىنسىپى بار، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە يەنە بۇرھان بولسا» دېگەن ئىدى. مەن «ئەلۋەتتە ماۋ جۇشى ۋە جۇڭياڭنىڭ قارارىغا تولۇق قوشۇلىمەن» دېگەن ئىدىم). يولداش پېڭ دېخۇەي «فېنجۈنىڭ خىزمىتىگە قاتناشقاندىن باشقا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھەم جۈنچۈنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولۇشنى جۇڭياڭ قارار قىلدى، بۇ ئىشلارنى شىنجاڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غا بارغاندىن كېيىن ئورۇنلاشتۇرماقچى» دېدى. مەن — پىكرىم يوق دەپ ئىپادە بىلدۈردۈم. كېيىن شىنجاڭدا ئالتاي، بارىكۆل تەرەپتىكى باندىتلارنى قانداق يوقىتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. مەن، باندىتلارنى مۇمكىنقەدەر چاپسانراق تازىلاش، ھەل قىلىش كېرەك، ئۇنداق بولمىسا، پارتىيىنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ نورغۇن ئىشلىرىغا كاشىلا بولىدۇ، دېدىم. يولداش پېڭ دېخۇەي، ۋاڭ جېنلار بۇنىڭغا قوشۇلدى. كېيىن مەن، باندىتلارنى يوقىتىشتا ھەم قوراللىق كۈرەش بىلەن قاتتىق تەلەپ قىلىش ھەم سىياسەت بىلەن قولغا كەلتۈرۈش، ئۇنىڭدىن باشقا خەلققە، بولۇپمۇ ئالتاي قازاق خەلقىگە پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېيتتىم. يولداش پېڭ دېخۇەي بۇنىڭغا تولۇق قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن كېيىن يولداش ۋاڭ جېنغا، سىلەر بېرىپ باشقا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي تەشكىلىنى باندىتلارنى تازىلاش توغرىسىدا بىر لايىھە تەييارلاپ بىزگە، — جۇڭگياڭغا خەۋەر قىلساڭلار، دېدى. يولداش ۋاڭ جېنمۇ ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى بىلدۈردى ھەم باسمىچىلارنى قانچە تېز تازىلىساق، يوقاتساق شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ ئولتۇرۇشلاردا شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر — شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تەركىبى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى شۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىي ھەم ھازىرقى مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشلار بولدى، بۇ توغرىدا مەن ئۆزۈمنىڭ مىللىي ئەھۋال ھەم مىللىي مەسىلىلەر توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بىزدە ئومۇمىي كېلىشىلگەن پىرىنسىپ، يەنە بىرىنچى قېتىملىق سىياسىي كېڭەش ئومۇمىي پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن مىللىي سىياسەتنىڭ پىرىنسىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللىي سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئالدى بىلەن «ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر» دېگەن مۇشۇ پىرىنسىپنى چىڭ تۇتۇش، كەڭ تەشۋىق قىلىش، دەپ كېلىشتۇق.

يولداش ۋاڭ جېن شىنجاڭدىكى دىنىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا

www.uyghurkitap.com

قويدى، مەن شىنجاڭدىكى دىنلار ۋە دىنىي مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئىسلام دىنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەر ۋە بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا تونۇشتۇردۇم. يولداش ۋاڭ جېننىڭ كەيپىياتىغا قارىغاندا، قانداق قىلغاندا دىن مەسىلىسىنى چاپسانراق ھەل قىلىشقا بولىدۇ، دېگەن بىر قاراش بار ئىكەن. مەن، ھازىرقى مەسىلە، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، دىنىي نىقاپ قىلىپ ئەكسىيەتچىلىك قىلىدىغانلار بولسا، ئۇلارغا يول قويماسلىق، قارشى تۇرۇش لازىملىقىنى ئېيتتىم. ئومۇمەن دىنىي سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — بىر ئىنچىكە خىزمەت. ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەم مەيدانىمىز ئوچۇق بولۇش، ھەم تاكتىكىغا دىققەت قىلىش زۆرۈر، دېگەن پىكىرنى ئېيتتىم، يولداش پېڭ دېخۇەي مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ شىنجاڭدا دىنىي مەسىلە مىللىي مەسىلە بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئىكەن، بۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلغاندا، دىنىي جەھەتتىكى بىرقانچە مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلىش مۇمكىن، ئەگەر ئېھتىيات قىلمىساق دىنىي مەسىلىدە ئىش چىقىپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتىمۇ بۇنىڭ دەخلىسى بولىدۇ، بۇنىڭغا دىققەت قىلساڭلار، دېگەن پىكىرنى ئېيتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كادىرلىرى (ھەربىيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا كادىرلار)نىڭ پۈتۈن ئۆلكە بويىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ھەم ھەربىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىشى ھەم بۇ توغرىدا ئاساسىي كۈچ بولۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە، پارتىيىنىڭ ياردەم قىلىپ ئىشلىشى توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردۇق. مەن يەنە بېيجىڭدىكى پىكىرىم بويىچە ئىككى پولكنىڭ بىرسى ئۈرۈمچى، بىرسى قەشقەرگە بېرىشى، مىللىي ئارمىيىدىن ئاز دېگەندە بىرە كادىرنى تاللاپ چىقىپ ئۈرۈمچى ھەم يەتتە ۋىلايەتكە خىزمەتكە قويۇش توغرىسىدىكى پىكىرىمگە جۇڭياڭدىكى رەھبەرلەرنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ئېيتتىم. يولداش پېڭ دېخۇەي بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. يولداش ۋاڭ جېنمۇ مۇنداق قىلىشنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلىكىنى ئېيتتى. ئاندىن كېيىن مىللىي ئارمىيىنىڭ كادىرلىرىغا ھەم ئۈچ ۋىلايەتتىكى باشقا سىياسىي، مەمۇرىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كادىرلارغا پارتىيىنىڭ ئومۇمىي سىياسىتىنى، شىنجاڭ رايونىدىكى ئاساسىي پرىنسىپ — سىياسەتلىرىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش، بولۇپمۇ مىللىي كادىرلار ئىچىدە ماركسىزم، لېنىنىزملىق تەربىيىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئېلىپ بېرىش، مىللىي كادىرلار قوشۇنىنى ياخشى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا سۆزلەشتۇق.

شۇنداق قىلىپ بىز ئىككى كۆڭۈلدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، سۆھبەتلەر نەتىجىسىدە جۇڭگىيادىكى ماۋ جۇشى ھەم باشقا رەھبەرلەرنىڭ يولىيورۇقىغا ھەم شۇ يەردە كېلىشكەن پىكىرلەرگە ئاساسەن بىرمۇنچە مەسىلىلەر توغرىسىدا خېلى سۆزلىشىۋالدۇق. ئاخىرىدا مەن ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق قۇربانلار ۋاپاتىنى ئاۋال غۇلجىغا بېرىپ ئاڭلاتماقچى ئىكەنلىكىمنى، ھەم ئاڭلىتىش توغرىسىدىكى ئۇسۇللارنى ئېيتىپ بەردىم. يولداش پېڭ دېخۇەي بۇنىڭغا قوشۇلدى، ئۇ يولداش ۋاڭ جېننىڭ غۇلجىغا بېرىپ ئەشۇلارنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىتىش ھەم ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىشى لازىملىقىنى تاپشۇردى.

www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب ماتەم مۇراسىمى

بىز يولداش ۋاڭ جېن، سۇ شىڭلار بىلەن ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، بەزى مۇھىم ئىشلارنى سۆزلىشىۋېلىپ، غۇلجىغا باردۇق. غۇلجىغا ئالدىراپ بېرىشىمىزدىكى سەۋەب ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ۋاپاتىنى ئاڭلىتىش ھەم مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئىدى. ئۇلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىغا ئىككى ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ بىز ھازىرغىچە يوشۇرۇن تۇتقان ئىدۇق. ئۇلارنىڭ قۇربان بولۇشىنى يوشۇرۇن تۇتماساق، ئىلىنىڭ ۋەزىيىتىدە بەزى كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق يولداشلارنىڭ بېيجىڭغا كەتكەنلىكىنىمۇ يوشۇرۇپ «ئالتايغا كەتتى» دېگەن ئىدۇق. كېيىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى بولماي، بېيجىڭدا ئېچىلغان بىرىنچى سىياسىي كېڭەشكە مېنىڭ قاتناشقانلىقىم توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غۇلغۇلا بوپتۇ. بىرمۇنچە كادىرلار بېيجىڭدا سىياسىي كېڭەش مەجلىسى ئېچىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان خەۋەرلەرنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەجلىس ئېچىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندا «ئەخمەتجان يولداشلار بېيجىڭغا كەتكەن بولۇشى كېرەك» دەپ تەخمىن قىلغان ئىكەن. كېيىن ئۇلارنىڭ نامى يوق، مېنىڭ نامىم چىققاندىن كېيىن، بۇ ئەھۋال تەبىئىي كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. بۇ ئىشنى مەن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا بېرىشنىڭ ئالدىدا ئاڭلىغان ئىدىم. ئەمدى ۋەقەنى ئاڭلىتىش كېرەك، دەرھال ئاڭلاتمىساقمۇ بولمايدۇ.

ئەسلىدە كېڭەش مەجلىسى ئېچىلغان كۈنى يولداش جۇ ئېنلەي مەجلىستە ئېلان قىلىپ، ئىلىغا تەزىيە يوللىساق، دېگەن ئىدى. مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ھازىرچە (مەن قايتىپ بارغىچە مەخپىي تۇتۇشنى ئېيتقاندىن كېيىن يولداش جۇ ئېنلەي قوشۇلغانىدى).

بىز غۇلجىغا ئايروپىلان بىلەن بارغاندا ئالدىمىزغا قارشى ئېلىشقا چىققان ئادەملەر 10 مىڭدىن ئاشاتتى. بىز ۋەكىللەر ئۆمىكى

ئايروپىلاندىن چۈشكەندە كىمنى قارشى ئېلىشنى بىلمەيۋاتقان كىشىلەردە ھودۇقۇش، ھەيرانلىق بولدى. بىز ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، بىر چەتكە قويۇلغان يۈك ماشىنىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ، ئاما بىلەن كۆرۈشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا شىنجاڭ خەلقىگە ۋاكالىتەن شەرەپ بىلەن قاتناشقانلىقىمىزنى بايان قىلىپ، ماۋ جۇشى ۋە بېيجىڭدىكى باشقا رەھبەرلەرنىڭ شىنجاڭ خەلقىگە، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە ۋە ئىلى خەلقىگە ئېيتقان سالىمىنى يەتكۈزدۇق. بۇ ۋاقىتتا كىشىلەردە ھەم خۇشاللىق ھەم ئەندىشىلىك ناھايىتى جىددىي قىياپەت كۆرۈلۈپ ئۆتتى. مەن ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇپ، يىغلاپ تاشلاشتىن ساقلىنىشقا تىرىشتىم. يىغلاپ تاشلىماسلىق كېرەك، بۇ ۋاقىتتا، بۇ سورۇندا تۇيۇقسىزلا قۇربانلارنىڭ ۋاپاتىنى ئېيتىش ئوڭايتىش ـ دە، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز كىشىلەر بىلەن خۇشلىشىپ شەھەرگە كىردۇق. ئەمدى بۇ ماتەم مۇراسىمىنى قانداق ئېچىش، ۋەقەنى قانداق ئاڭلىتىش توغرىسىدا ئاۋال مەسئۇل يولداشلار بىلەن پىكىرلىشىۋالدۇق. شۇنداق قىلىپ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كۇلۇپتا ئاۋۋال ھۆكۈمەت، مەمۇرىي، ھەربىي كادىرلارنىڭ ۋە خەلق ۋەكىللىرىنىڭ مەجلىسىنى ئاچتۇق، شۇ مەجلىستە مەن ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق قۇربانلارنىڭ قانداق قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەرنى يەتكۈزدۈم... زالدا بىردىنلا يىغا- زارە كۆتۈرۈلدى. بۇ يىغىنى مەن باشلاپ بەردىم. چۈنكى مەن سۆزنى باشلاپ ئۇلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتىش بىلەنلا ئۆزۈمنى تۇتالمىغانىدىم. مەنمۇ يىغلىدىم، خەلقمۇ يىغلىدى، شۇنداق يىغا ـ زارە بىلەن خېلى ۋاقىت ئۆتتى. كېيىن ئاران بالالىقتا كىشىلەرنى يىغىسىنى توختۇتۇپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدۇق، ئولتۇردى. مەن سۆزۈمنى داۋام قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا كەتكەنلىكى، نېمىگە مەخپىي تۇتقانلىقىنى سۆزلەپ، كېيىن قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئايروپىلان خەتىرىگە ئۇچراپ ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئاندىن، ماۋجۇشىنىڭ ئەخمەتجانغا يازغان خېتىنى ئوقۇپ بەردىم. ماۋ جۇشىنىڭ ئۇلارنىڭ قۇربان بولغانلىقىغا بېغىشلاپ يازغان تەزىيە سۆ-

www.uyghurkitap.com

زىنى، بېغىشلىمىسىنى ئوقۇپ بەردىم، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ چوڭ، ئۇلۇغ سەپەردە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەشكىل بولۇش، چوڭ، مۇھىم يىغىنغا كېتىپ بېرىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولغانلىقى، ماۋجۇشى ئېيتقاندەك ئۇلارنىڭ قۇربان بولۇشى شىنجاڭنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ يوقۇتۇشى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ روھىنىڭ ئەبەدىي خەلق بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى، شىنجاڭدىكى پۈتۈن خەلق ئامىسى ھەم جۇڭگو خەلقى ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىدىم. ئاخىرىدا مەن، بىز ھەممىمىز زىچ ئىتتىپاق بولۇپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇربانلار ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولمىغان مەقسەتلىرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىملىقىنى سۆزلىدىم، مەن بۇ مەجلىستە شۇ ۋاقىتتىكى ئىلىنىڭ ھەم شىنجاڭنىڭ شارائىتىدا ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلىدىم. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەمدى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بىلەن تولۇق ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەشنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقى، بۇندىن كېيىن بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبىدىن - غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىشى توغرىسىدا سۆزلەپ، ئاخىرىدا يەنە قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ھەممىمىز بىرلىكتە تېخىمۇ چوڭ غەيرەت بىلەن ئالغا باسايلى! دېگەن سۆز بىلەن سۆزۈمنى تۈگەتتىم.

مېنىڭ سۆزۈم يىغا ھەتتا ھۆكىرەپ يىغلاش بىلەن بۆلۈنۈپ تۇردى. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ شەرەپلىك قۇربان بولغانلىقى، ماۋجۇشىنىڭ خېتى، ماۋجۇشىنىڭ تەزىيە خېتى، ئاندىن كېيىن جۇڭياڭ رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭ ئىشىغا، ئۈچ ۋىلايەت ئىشىغا چوڭ ئېتىبار قىلغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆزلەپ، بۇندىن كېيىنكى قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ كۈرەش قىلىشىمىز لازىملىقىنى ئېيتقاندا، كۆپچىلىك تېخىمۇ تىنجىپ، رازىلىق ئىپادىسىنى بىلدۈرۈشتى.

مەجلىس تۈگىگەندىن كېيىن، بىز بىر مۇنچە مەسئۇل كادىرلار بىرلىشىپ ئاۋۋال ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىسھاقبېك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ ئۆيىگە، ئابدۇكېرىمنىڭ ئۆيىگە، يەنە باشقا قۇربانلارنىڭ ئائىلىلە-
رىگە بېرىپ ماتەم خەۋىرىنى ئاڭلاتتۇق ھەم ئۇلارغا تەزىيە بىلدۇردۇق.
بۇ تاسادىپىي خەۋەرگە ئائىلە ـ بالا چاقىلىرىنىڭ ناھايىتى قاتتىق ئې-
چىنغانلىقى، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن يىغا ـ زارە قىلىدىغانلى-
قى بۇ ھەممىگە چۈشىنىشلىك. بىز ئۇلارغا سەۋر قىلىشنى ئېيتتۇق.
كۆڭۈل ئېيتتۇق. بىز يەنىلا ئۇلارنىڭ قۇربان بولۇشى ئىنقىلاب ئۈچۈن
ئۇلۇغ، شەرەپلىك ئىش. خەلق ھېچ ۋاقىتتا ئۇلارنى ئۇنۇتمايدۇ، دېگەن
سۆزلەر بىلەن ئۇلارغا كۆڭۈل ئېيتتۇق. بۇ ۋەقە رادىئو ئارقىلىق ئاھ-
مىغا يەتكۈزۈلدى، شۇنداق قىلىپ شۇ كۈنى كەچقۇرۇن پۈتۈن غۇلجىغا
مەلۇم بولدى. شۇ كۈندىن باشلاپ غۇلجا شەھىرى چوڭقۇر ماتەم قايغۇ-
سىغا چۆكتى، شۇ كۈندىن باشلاپ، غۇلجا شەھىرىدە كۆپچىلىك خەلق-
نىڭ، كادىرلارنىڭ قاتتىق ھەسرىتى، يىغا ـ زارىسى داۋاملىق بولۇپ
تۇردى. بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ يالغۇز غۇلجا شەھىرىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن
ئەمەس، يالغۇز ئۈچ ۋىلايەتتىكى خەلقلەر ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن شىن-
جاڭنى ھەسرەتكە سالغان ناھايىتى ئېغىر بىر ئېچىنىشلىق قايغۇ بول-
دى.

بىز غۇلجىدا يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن ھەم ئادالەت ئىسھاقوۋ،
سەيپۇيوللايوف، لېكسىنلەر بىلەن ئىلىنىڭ ئەھۋالىنى مۇزاكىرىلەش-
تۇق. ئۇندىن كېيىن 3 ـ 4 كۈن تۇرۇپ بىر مۇنچە ئىشلارنى ئو-
رۇنلاشتۇرماقچى بولدۇق. بۇنىڭ مۇھىمى بىر كادىرلار يىغىنى ئېچىپ
بېيجىڭدا ئېچىلغان بىرىنچى قېتىملىق سىياسىي كېڭەش مەجلىسى-
نىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ھەم ماۋجۇشى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ شىنجاڭ
خىزمىتى ئۈچۈن بولغان مۇھىم يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزۈش ئىدى، شۇ
مەجلىسكە تەييارلىنىپ تۇرغان كۈنلەردە ئىلگىرى ئابدۇكېرىم بىلەن
ئىككى قارشى بولۇپ كەلگەن بىر نەچچە پىتنى ـ ئىغۋاگەرلەر يوشۇرۇن
يىغىلىشىپ شىنجاڭغا كىمنى رەئىس قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە-
نى مۇزاكىرە قىپتۇ. ئۇلار «مېنى رەئىس بولۇپ قالمىغىدى» دەپ ئەن-
دىشە قىلىدىكەن. بۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلى ئىدىيىسى راستىنى ئېيتق-
اندا بۇمۇ بىر ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار قار-
شىلىقىنى قىلماي قويمايتتى. كۈنلەردە ئۇلارنىڭ يەنە بۆلگۈنچىلىك

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەت، مەخپىي ئىبغۋا ھەرىكەت قىلىپ يۈرگەنلىكى ناھايىتى كە-
چۈرمەيدىغان بىر ئىش بولدى. ئۇلار مەخپىي ئولتۇرۇشىدا رەئىسلىككە
بىرەسىنى كۆرسىتىپ بىرلىككە كېلەلمەپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۇلارنىڭ بۇ قىلـ-
مىشىنى — مۇشۇنداق مۇھىم بىر مەزگىلدە ئاشۇنداق ئىبغۋاگەرچىلىك
قىلغان ھەرىكەتلىرىنى چوقۇم مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن تەنقىد قىلىش
كېرەك دېگەن، پىكىرگە كەلدۇق. ئەتىسى ئىتتىپاقنىڭ تەشكىلى ھەي-
ئەت مەجلىسىنى چاقىردۇق. تەشكىلىي ھەيئەتنىڭ ئەزالىرىدىن باشقا
يەنە شۇ مەجلىسكە قاتناشقانلارنىمۇ چاقىردۇق. مەن مەسىلىنى قوي-
دۇق. كېيىن يولداش دېڭ لىچۈن ناھايىتى قاتتىق تەنقىد بېرىپ ئۇلار-
نىڭ قىلمىشىنىڭ ناھايىتى ئېغىر خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، مەج-
لىسدە يولداش ئەسخەت، سەيپۇيوللايوۋلار يەنە باشقا يولداشلارمۇ ئۇلار-
نى قاتتىق تەنقىد قىلدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى تەكشۈ-
رۈپ خاتالىقىنى ئۈستىگە ئالدى، بەزىلىرى جىم تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلارنىڭ خاتالىقىغا بۇندىن كېيىن پەقەت يول قويماسلىق
لازىملىقىنى ئېيتتۇق.

ئۇنىڭ ئەتىسى غۇلجىدىكى روس كلوبىدا كادىرلارنىڭ مەجلىسىنى
ئاچتۇق، بۇ مەجلىستە ئاساسى كونتەرتىبى جۇڭگىياڭنىڭ كېڭەش مەج-
لىسىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش بىلەن ماۋجۇشى، داڭجۇڭگىياڭدىكى رەھ-
بەرلەرنىڭ شىنجاڭ ۋە ئۈچ ۋىلايەت توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى
يەتكۈزۈش ئىدى. مەن سۆزلىدىم، ئەھۋاللارنى تەپسىلىي يەتكۈزدۈم، ئا-
خىرىدا مەن نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ۋەزىپىلەرنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئىتتىپاق بولۇپ بىرلىكتە پار-
تىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز
توغرىسىدا سۆزلىدىم. مەن بولۇپمۇ بىز ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق
ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مۇھىم مەقسەتلىرى-
نى داۋاملىق ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك، دەپ تەكىتلىدىم، بۇ سۆزۈم
مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كۆزۈمدىن ياش چىقتى، كۆپچە-
لىكمۇ كۆز يېشى قىلىشتى، مۇشۇ ۋاقىتتا مەن، ئەپسۇسكى مۇشۇنداق
بىر مۇھىم ۋەزىيەتتە شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىلىدىكى، غۇلجىدىكى

خەلقنىڭ ئىككى كۈندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ۋاپاتىغا
قايغۇرۇپ، بىر كۆزى قان ـ بىر كۆزى ياش بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا بەزى
ئادەملەر مەخپىي مەجلىسلەر قىلىپ شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىنى تالىـ-
شىش ھەرىكىتى قىلىۋاتىدۇ، بۇ پەقەت يول قويغىلى بولمايدىغان ئىش،
دېگەنتىم. مەجلىستە بىر قانچە كىشى كەينى ـ كەينىدىن ئورنىدىن
تۇرۇپ ماڭا ئۇ ئادەملەر كىملەر، قانداق ئادەملەر، بۇلار نېمە قىلماق-
چى؟ مۇشۇ مەجلىستە سىز ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇڭ، بىز ئۇلار بىلەن
كۆرەش قىلىمىز، دېدى. مەن كۆپچىلىككە ئۇ ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى
ھازىر دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى تەكشۈردى، تېخى
چوڭقۇر ئەمەس. بەزىلىرى تېخىچە تەكشۈرگىنى يوق. مەن بۈگۈن
ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتماي، بىز ئۇلاردىن تەلەپ قىلىدىغىنىمىز
يەنە ئىتتىپاقلىق، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا بىرلىكتە كۆرەش قىلىش،
ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ياخشى تونۇشى كېرەك، دېدىم. شۇنىڭ بە-
لەن مەن: ئۆلكىگە كىم رەئىس بولىدۇ، كىم قوماندان بولىدۇ، كىم
پارتىيە شۇجىسى بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى پارتىيە مەركىزى كومىتېتى
قارار قىلغان ئىش. بىز مەركىزى كومىتېتنىڭ قارارىغا قەتئىي بوي
سۇنىشىمىز كېرەك. بۇ توغرىدا ھەرگىز باشباشتاقلىق قىلىش، ھەر-
گىز ئېغىزۋا ـ پىتنە قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، دېگەندىن كېيىن كۆپچە-
لىك ناھايىتى گۈلدىراس ئالقىشلار بىلەن بۇ سۆزگە قوشۇلدى، كىشى-
نى خۇش قىلىدىغىنى ئايرىملاردىن باشقا مۇتلەق كۆپچىلىك پارتىيە
مەركىزى كومىتېتى ھەم ماۋجۇشىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە، ئۈچ ۋىلا-
يەت خىزمىتىگە بەرگەن باھاسى، ئىنقىلابى قۇربانلارغا بەرگەن تەزىيە
سۆزى ۋە باشقا بىر قاتار يوليورۇقلىرى توغرىسىدا ناھايىتى زور خۇ-
شاللىقلىرىنى بىلدۈردى. مەجلىس ياخشى ئېچىلدى، بىز خېلى خاتىر-
جەم بولدۇق.

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب تەشكىلى خىزمەتلەر

(شىنجاڭدا پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشلاش كېرەك ئىدى).

شىنجاڭ ئەمدى تولۇق ئازاد بولدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئازدلىق تەنتەنىلىرىنى ھەممە يەردە دېگىدەك چوڭ خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزدى. ۋەزىيەت ئومۇمەن ياخشى ئىدى، لېكىن يەنە ھەل قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى، تەشكىلىي خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۇندىن كېيىن داۋاملىق ئالغا بېسىش مۇھىم ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ئەمما، شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقىغا قوشۇلمايدىغان، ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئازاد بولغانلىقى ئۆزىگە يامان ئىش دەپ ھېسابلايدىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. گومىنداڭنىڭ كۆپ قىسمى تاۋ سىيۇنىڭ باشچىلىقىدا ھەقىقەتكە قايتتى، بۇرھان ئەپەندى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەقىقەتكە قايتتى، ھەقىقەتكە قايتىشنى خالىمايدىغان، ھەتتا قولىدىن كەلسە شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىغا قارشى ھەرىكەت قىلىشنى خالايدىغان ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

گومىنداڭ ھەربىيلىرىدىن ما چېڭشياڭ دېگەن بىر سىجاڭ باشلىق بىر نەچچە يۈز ئادەم، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن بىر مۇذ-
چە ئادەم ھىندىستانغا قاچتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بىر قىسىم تەسىرى تې-
خى شىنجاڭدا بار ئىدى. گومىنداڭ قىسىملىرىنىڭ قۇمۇل، كۇچادا تو-
رۇشلۇق ئەسكەرلىرى ئازادلىققا قارشى توپىلاڭمۇ كۆتەردى. ئوسماننىڭ باندىتلىق ھەرىكىتى تۈگىمىگەن ئىدى. خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ۋە كادىرلارغا نىسبەتەن يەنە تېخى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈش ۋە ئىدىيە — خىزمەتلىرىنى ئىشلەش كېرەك ئىدى.

ئالدىنقى ۋەزىپە — پارتىيە تەشكىلاتى، يەنى داڭجۈڭيياڭ شىنجاڭ

شۆبىسىنى قۇرۇش كېرەك ئىدى، بۇ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى 1949 ـ يىل-
نىڭ 12 ـ ئاي ئىچىدە ئوڭۇشلۇق تاماملاندى. يولداش ۋاڭ جېن فېن-
جۈنىڭ بىرىنچى شۇجىسى، يولداش شۈي لىتىڭ ئىككىنچى شۇجىسى
بولدى. چاڭۋېيلار، ھەر بىر بۆلۈمنىڭ بۇجاڭلىرى جۇڭياڭغا يوللاپ تەس-
تىقلاندى. (مەن جاڭۋۇي ھەم تۇڭجەنبۇنىڭ بۇجاڭى بولدۇم) . ئەمدى
فىنجۇنىڭ خىزمىتىنى تولۇق يولغا قويۇش بىلەن بىللە، پۈتۈن شىن-
جاڭ بويىچە يەرلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش خىزمىتى ئېلىپ
بېرىلدى، ۋىلايەتلىك پارتكوملار، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم، ناھىيە-
لىك پارتكوملار شۇنىڭ بىلەن تا تۆۋەنگىچە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى
قۇرۇش، قۇرۇلۇش خىزمىتى تېز راۋاجلىنىپ كەتتى، 3 ـ 4 ئاي ئە-
چىدە جىق دېگەندە يېرىم يىل ئىچىدە پۈتۈن ئۆلكە بويىچە يۇقىرىدىن
تۆۋەنگە پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ بولدى.

ھۆكۈمەت تەشكىلى خىزمىتى پارتىيە قۇرۇلۇشى تۈنتۈلۈشى بىلەن
تەڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى تەييارلىق
قىلىنىۋاتقان مەزگىللەردە 1950 ـ يىل بىرىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا
يولداش پېڭ دېخۇەي شىنجاڭغا كەلدى. بىز ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى توغ-
رىسىدا ئاۋۋالقى تەييارلىقىمىزنى يولداش پېڭ دېخۇەيگە دوكلات قىل-
دۇق. ئۇ ئادەملەرنىڭ باشچىلىقىدا يەنە قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلدۇق.
ھۆكۈمەت ئەزالىرى 18 كىشى بولدى. ھۆكۈمەت ئەزالىرى تەركىبى
كوممۇنىستىك پارتىيە ۋەكىللىرى، پارتىيىسىزلەر ۋەكىللىرى، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان مىللىي ۋەكىللەر، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىغا قاتناشمىغان يەتتە ۋىلايەتتىن بولغان ۋەكىللەر سانلىرى، ھەقىقە-
تەنكە قايتقان ھەربىي، مەمۇرىي ۋەكىللەر، قايتا ـ قايتا مۇزاكىرىدىن
كېيىن ھۆكۈمەت تەركىبى قارار قىلىندى، ئاندىن كېيىن ئۆلكىلىك
ھۆكۈمەت رەسمىي قۇرۇلدى، مەركىزى كومىتېتنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان
ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىگە تەڭ ۋەزىپە
بېرىش، دېگەن پرىنسىپكە ئاساسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكە-
گە بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن رەئىسلىككە، بىرى مەن، (يەنە بىرى پار-
تىيە تەرەپتىن كونا كادىرلاردىن بىر ئادەم تەيىنلەنمەك بولدى. كېيىن
گاۋ جۇنچۇاڭ دېگەن ئادەم يېتىپ كەلدى). ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇ-

روش بىرىنچى نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت مەجلىسىنى ئېچىش بىلەن باشلاندى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى خىزمەت پروگراممىسى، ۋەزىپىلىرى قايتا - قايتا مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلدى. يىغىپ ئېيتقاندا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ فىنجۈننىڭ رەھبەرلىكىدە پارتىيە كومىتېتىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەپ، تەشكىللەپ داۋاملىق خەلق دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەپ بېكىتىلدى. كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتلەر، كېيىن رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر قۇرۇپ چىقىلدى. ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرىنىڭ يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە قۇرۇپ چىقىلىشى شىنجاڭنى تىنجىتىش ھەم بۈگۈندىن كېيىن خەلق دېموكراتىك ھەرىكىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتا مۇھىم بىر ئىش بولدى. ھەربىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە، جۇڭيائىنىڭ قارارى بويىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلدى. ھەربىي رايوننىڭ قوماندانلىقىغا ۋاڭ جېن، مۇئاۋىن قوماندانلىقىغا گو پېڭ ۋە مەن (كېيىن تاۋ سىيۆ) بەلگىلەندۇق. شىنجاڭ چۈنچۈيىنىڭ بىرىنچى جىڭۋيلىقىنى يولداش ۋاڭ جېن ئۆتىدى، شىنجاڭدا ئىشلىگەن ھەربىي قىسىملارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى — شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى مۇستەھكەملەش، شىنجاڭنىڭ پۈتۈن دائىرىسى بويىچە ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، ماۋ جۇشىنىڭ شەندۇڭ («گ داۋى»)، يەنى جيەندۇدۇي، گوڭزودۇي، شۈەنچۈەندۇي (كۈرەش دۈيى، خىزمەت دۈيى، تەشۋىقات دۈيى) بولۇشى كېرەك دېگەن يوليورۇقىغا بىنائەن ھەربىيلەرنىڭ كۆپ قىسمى، يەرلىك خىزمەتلەرگە يۆتكەلدى. بۇنىڭ ئەڭ كۆپچىلىكى پارتىيە، مەمۇرىي خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى، شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭغا كەلگەن ئىلگىرىدىن ياخشى تاۋلىنىپ تەربىيىلەنگەن ئاز ساندىكى كادىرلارنىڭ مۇشۇ كۈچى بولمىسا، شىنجاڭدا كادىرلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش قىيىن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ھەربىي كادىرلار، بىر قىسىم جەڭچىلەر بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ سانائەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشقا كىرىشتى. ئالدى بىلەن بىر نەچچە مۇھىم بولغان سانائەت قۇرۇلۇشى، مەسىلەن: «1 - ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، تۇدېڭخې پولات زاۋۇتى قۇرۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شى باشلاندى. بۇ شىنجاڭدا زامانىۋى سانائەتنىڭ باشلىنىشى ئىدى. يولداش ۋاڭ جېن مۇشۇ قۇرۇلۇشلارنى ئېلىپ بېرىشتا ئۆزى بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلەپ، ناھايىتى مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، بىر ئىككى يىل ئىچىدە بۇ زاۋۇتلارنى تىكلەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى يەنى 2 - ئارمىيە 6 - ئارمىيىلەر بولۇپمۇ چىڭخەيدىكى مابۇفاڭ بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرگەن بىر مۇنچە ئالتۇن، كۈمۈش، مەبلەغلىرىنى چىقىرىپ مۇشۇ سانائەت قۇرۇلۇشلىرىغا سەرپ قىلدى. يولداش ۋاڭ جېن ھەربىيلەرنىڭ ئۇزاق ئۇرۇش سەپەرلىرىدە جاپا تارتقىنىغا قارىماستىن، قەتئىي تىرىشىپ چىڭ تەلەپ بىلەن ئۇلارنى تەربىيىلەپ، بۇ ئىشلارنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلدى. بۇ خىزمەت يولداش ۋاڭ جېننىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتلىرى ئىچىدە كۆرۈنەرلىك بىر ئۇتۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇندىن قالسا يەنە بىر قىسىم ھەربىيلەر ئايرىلىپ گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملىرىنى باشلاپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش خەلق ئازادلىق قىسىملىرىنىڭ ھەم يېتەكچىلىكىدە ھەم باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئىشتىمۇ يولداش ۋاڭ جېن ناھايىتى چوڭ كۈچ چىقاردى. دەسلەپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇق قول بىلەن چوڭ دېگەندە كەتمەن، گۈرجەك بىلەن تېخى ئېچىلمىغان بوز يەرلەرگە بېرىپ بوز يەر ئېچىشقا باشلىدى. بۇ ھەرىكەتنى سانجى رايونىدا، ئاندىن كېيىن ماناس دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپى ئالاۋۇسۇن رايونىدا باشلىۋەتتى. شىخو، كۈيتۇن ئەتراپىدا يەنە بىر چوڭ جەڭ باشلاندى. ھازىر شۇ رايوندا مەيدانغا كەلگەن شىخەنزە، كۈيتۇڭدىن شەھەر سانائەت شەھىرى، سودا شەھىرى، ماناس دەرياسىدىن تارتىپ تا شىخوغىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن زامانىلاشقان، ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق مەيدانلىرى شۇ ۋاقىتتىكى بىرىنچى قەدەمدە باشلانغان ئاساس بويىچە مەيدانغا كەلدى، بۇ ناھايىتى چوڭ ئۇتۇق بولدى.

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ھازىرقى خىزمىتى — بىرىنچىدىن، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭ ھەربىي رايونى قارمىقىدىكى 5 - كورپۇسى قىلىپ قۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشقا ئانچە چوڭ ۋاقىت ۋە كۈچ كەتمىدى. بىز ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭ سىلىڭ، پېڭ دېخۇەي يولداشلارنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇلاردا باشقا چوڭ پىكىر بولمىدى، شۇنداق قىلىپ مىللىي ئارمىيە 5 ـ كورپۇسى يەنە داۋاملىق غۇلجىدا ئۆزىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. 5 ـ كورپۇسنىڭ بىر قىسمى ئىلى سۇيدۇڭ رايونىدىكى كۆكدالادا بىر بوز يەر ئېچىش بىلەن چوڭ بىر نوڭچاڭ قۇردى. ئىلى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىمىنوف باشچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان قىسىملىرى قەشقەردە 5 ـ كورپۇسنىڭ 11 ـ دىۋىزىيىسى بولۇپ قۇرۇلدى. ئۇلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ چوڭ تىرىشچانلىق بىلەن كۆرەش قىلدى. مىللىي ئارمىيىنىڭ قىسىملىرىدىن يەنە بىر نەچچە مىڭ كادىر ئايرىلىپ پارتىيە، مەمۇرىي ئىشلارغا قويۇلدى. ھەر بىرى يەرلىككە يۆتكەلگەن پارتىيە، مەمۇرىي، ھەربىي خىزمەتلەرنى يولغا قويۇشتا، سىياسىي ـ ئىدىيە خىزمەتلەردە جاپالىق ئىشلەش بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇقىم ۋەزىيىتىنى ياخشىلاشتا چوڭ رول ئوينىدى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ ئازاد قىلىنىشى بىلەن بىللە شىنجاڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاق ۋەزىيىتى مەيدانغا كەلدى.

## بەشىنچى باب باسمىچىلارنى يوقىتىش.

ئوسمان باشچىلىقىدىكى باندىتلارنى تازىلاش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي شىنجاڭنىڭ تولۇق تىنچلىقىنى، خاتىرجەملىكىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

مەن يۇقىرىدا ئوسمان باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ خەلققە قارشى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى ۋە سوۋېتكە قارشى ئېلىپ بارغان بىر مۇنچە تەتۈر ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا يازغان ئىدىم، ئازاد بولغاندا ئوسمانِ يەنىلا ئالتاي تاغلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىر قىسىم بارىكۆل رايونىدا ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. يولداش پېڭ دېخۇەي شىنجاڭغا كەلگەندە، بىز باندىتلارنى تازىلاش ئىشىنى ئىلگىرىكى تەييارلىقتا ئاساسەن قايتىدىن مۇزاكىرە قىلدۇق. ئاخىرى باسقىنچىلارنى چوقۇم تازىلاش، بۇ ئىشتا ھەر قانداق قارشىلىققا ياكى كاشىلىغا يول قويماسلىق؛ پرىنسىپتا قاتتىق بولۇش، سىياسەتتە (ئەگەردە ھەقىقەتكە قايتقۇچىلار بولسا) كەڭچىلىك قىلىش، باشلىقلىرىغا قاتتىق بولۇش، ئەگەشكۈچىلەرگە كەڭچىلىك قىلىش، شۇ رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش — دېگەن پرىنسىپلار ماقۇللاندى، شۇنىڭ بىلەن يولداش لى چۈەننىڭ باشچىلىقىدا خەلق ئازادلىق قىسىملىرى ئالتايدا باسمىچىلارنى تازىلاش كۆرشىنى باشلىۋەتتى. مىللىي ئارمىيە قىسىملىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرىغا ماسلىشىپ بۇ كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشتى. باندىتلارنى تازىلاش كۈرىشى خېلى زامان خېلى جىددىي داۋام قىلدى. ھەم ئۇرۇش ھەم سىياسەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى كۈرەشلەردىن كېيىن ئوسمان بىر قىسىم ئادەملەرنى ئېلىپ بارىكۆلگە كەلدى. بىر قىسىم ئەگەشكۈچىلەر قوزغالدى. ئۇلار ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بارىكۆلدە ئوسمان ھەم قوسايىن دېگەن بىر باشلىقى بىلەن قېچىپ ئاخىرى چىڭخەيگە بېرىۋالدى، ھەم خېلى قارشىلىق كۆرسەتتى، بىزنىڭ قىسىملىرىمىز چىڭخەيدە ئۇلارغا

www.uyghurkitap.com

ئەگەشكەن ئاممىغا نىسبەتەن ياخشى، سەۋىرچانلىق بىلەن خىزمەت قىلدى. كۆپچىلىك ئەگەشكۈچىلەر ئوسماننىڭ كەينىگە كىرمىدى. بىز تەرەپكە ئۆتتى.

ئوسماننىڭ بارلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قارشى قولغا چۈشتى، قۇسايىن يەنە جانىمقاننىڭ ئوغلى دەلىلقان قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملەر بىلەن 2 ـ 3 مىڭ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ تىبەت ئارقىلىق ھىندىستان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ساۋەن رايونىنىڭ مەسئۇلى بولغان قالىبېك دېگەن ئادەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇپ تاغقا چىقىۋالغان، ئۇمۇ قېچىپ كورلىدىن ئۆتۈپ تىيانشان ئارقىلىق قۇسايىنغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇزاقتىن بېرى توپىلاڭ قىلىپ كەلگەن، يەنى گومىنداڭغا قوشۇلۇپ ئۇلارغا قول چوماق بولۇپ كەلگەن ئوسمان، قۇسايىن باندىتلىرى، جانىمقاننىڭ ئوغلى دەلىلقان، قالىبەكلەر بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا قاچتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى باسمىچىلار تازىلاندى. قېپقالغان ئاممىغا كەڭچىلىك قىلىنىپ، بىر قىسمى چىڭخەيدە ھازىرقى ئاقساي دېگەن جايدا ئورۇنلىشىپ قالدى، بىر قىسمى باركۆل، ئالتايدا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ بەزى مەشھۇر ئادەملىرى مەسىلەن: ئوسماننىڭ سەنمۇجاڭى لاتىپ، ئوسماننىڭ ئوغلى شايماردان دېگەن ئادەملەر كەڭچىلىك قىلىنىپ خىزمەتلەرگە قويۇلدى. ئوسمانغا ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا ئاممىۋى يىغىندا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلگىرى شىنجاڭ گوڭئەن گۇەنلىچۇنىڭ چۇجاڭى بولغان قانخور جاللات لى يىڭغىمۇ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 6 ـ باب بىرىنچى قىسىم خۇلاسىسى

ئۆتكەن بىر مەزگىلدىكى ئەمەلىي ئەھۋال بىزگە ناھايىتى ئوبدان تەربىيىۋى ساۋاقلارنى كۆرسەتتى.

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى بىلەنلا تولۇق قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە 28 يىل جەريانىدا ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق كۈرەش جۇڭگونىڭ شىللىسىنى بېسىپ تۇرغان ئۈچ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىنلا جۇڭگو خەلقى ئازادلىققا ئېرىشتى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ ئازادلىققا ئىگە بولدى. جۇڭگودا ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىپ، بۇلاپ ئۆلتۈرۈپ كەلگەن ھۆكۈمرانلار ئىرغىتىپ تاشلاندى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەمسىتىدىغان، ھاقارەتلەيدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قېنىنى شورايدىغان چوڭ زۇلۇمغا خاتىمە بېرىلدى.

جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىختىن بېرى ئىككى خىل زۇلۇم ـ بىرسى مىللىي زۇلۇم يەنە بىرى ئېكسپىلاتاتسىيە زۇلۇمى ـ قارشى قىلىپ كەلگەن كۆرشى، نۇرغۇن قانلارنى بېرىپ، بەزى ۋاقىتتا ئايرىم نەتىجىلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا مەغلۇپ بولغان ئىدى. لېنىن ئېيتقاندەك: «ئىنقىلابىي پارتىيە بولمىسا، ئىنقىلابىي ھەرىكەت بولمايدۇ». بۇ ھەقىقەت جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىدىمۇ ئۇچۇق ئىسپاتلاندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئىلگىرىلا جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقىغا چوڭ ئېتىبار قىلدى. ئىلگىرىكى خەنزۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن يۈز بەرگەن زۇلۇمىنى يوقىتىپ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تولۇق ئەركىنلىككە، باراۋەرلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن يوليورۇقلارنى بەرگەن، ھەم ئەمەلىي خىزمەتلەرنى قىلغان ئىدى. پۈتۈن جۇڭگو خەلقى دەس تۇرۇپ ئازاد بولۇش بىلەن تەڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يولداش ماۋ زې-

www.uyghurkitap.com

دۇڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى، ئازادلىقى ئۈچۈن ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي سەۋىيىسىنى قەدەممۇ-قەدەم كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئېتىبار بەردى. يىغىپ ئېيتقاندا جۇڭگودىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى بىر، نىيىتى بىر، كۈرەش ئىرادىلىرى بىر، ھەممە مىللەت ئورتاق كۈرەش قىلغاندىلا ئاندىن كېيىن ئازادلىققا چىقىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىكەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەم ئەركىنلىك ئۈچۈن قىلغان كۈرىشىنى ئاخىرقى غەلىبە پۈتۈن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غالىبىيەت قازىنىشى بىلەن تەڭ يەنى ئەمەلگە ئاشتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى، ئۇنىڭ ئۆتۈقلىرى توغرىسىدا يولداش ماۋ زېدۇڭ: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئادىل، توغرا باھا بەردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇنداق غەلىبىگە ئىگە بولۇشى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىلگىرىكى قوراللىق قوزغىلاڭلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆز ئالدىغا بىر ئالاھىدىلىكىنى كۆرسەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى گەرچە ئۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابى بولمىسىمۇ، شۇ ۋاقىت ، شۇ شارائىتتا ئاساسەن ھەم كەلگۈسى نىشانىنى كۆزلەپ بىر قاتار ئىنقىلابىي ئەمەلىي تەدبىرلەرنى ۋە ئورۇنلارنى ئېلىپ باردى. يەنە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئازادلىقنىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلدە خىزمەتتىكى ۋە سىياسەتتىكى بەزى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، بولۇپمۇ مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ، جۇڭگو ئازادلىق ئىنقىلابى بىلەن بىرنىيەتتە ئالغا باستى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كادىرلىرىدىن بىر قىسىم ماركسىزم ئىدىيىسىدىكى كىشىلەر — «ئەتە ئۈچۈن» دېگەن تەلەپ بويىچە «خەلق ئىنقىلابى پارتىيە» سىنى قۇردى. ھەم ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتى بىلەن بىرلىشىپ شىنجاڭدا بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا نۇرغۇن ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ باردى. ئەڭ مۇھىمى خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ رەئىسى يولداش ئاببասوف نەنجىڭگە گومىنداڭ قۇرۇلتىيىغا بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن ھالدا بېرىپ يولداش دۇڭ بىۋۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ يولىيورۇقىنى قولغا كەلتۈردى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولالىشى، شۇنىڭ بىلەن پارتىيە مەر-

كىزبى كومىتېتى بىلەن ئالاقە باغلىشى ـ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئالاھىدىلىكى بولدى.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

## موسكۋاغا سەپەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب موسكۋاغا سەپەر

1950- يىلى بىرىنچى ئايدا ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى موسكۋاغا مېڭىپ كەتتى. ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قاتنىشىش ئۈچۈن موسكۋاغا بېرىشنى جۇڭگىيالىڭ ماڭا ئۇقتۇردى. مەن دېڭلىچۈن، خۇسايىن مۇراتوۋا (بۇ ئادەم مالىيە نازارىتىنىڭ تىنجاڭى بولغان ئىدى)، يەنە كاتىپلىقتا ما خەنپىڭ دېگەن يولداش، تەرجىمانلىقتا چىڭ شىخۋا دېگەن يولداش بولۇپ، بىز بىر نەچچىمىز موسكۋاغا قاراپ سەپەرگە چىقتۇق. بۇ 1950- يىلى 1- ئاينىڭ ئاخىرى ئىدى.

جۇڭگو ئازاد بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي يەنە كېلىپ ماۋ جۇشىنىڭ باشچىلىقىدا موسكۋاغا ۋەكىللەر ئۆمىكى بېرىشتى. (بۇ ماۋ جۇشىنىڭ ئۆمرىدە بىرلا قېتىم چەت ئەلگە چىقىشى بولۇپ قالدى) بۇ تاسادىپىي ئىش ئەمەس ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەم موسكۋادىكى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال جۇڭگو ئىنقىلابىغا ئەزەلدىنلا كۆڭۈل بۆلۈپ ھەم ياردەم قىلىپ كەلگەن. مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئايرىم مەسلىھەتچى ئەۋەتىپ مەسلىھەت بېرىش بولسۇن، مەيلى ئايرىم كادىرلارنى تەربىيىلەپ بېرىش بولسۇن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇ ياردەملىرى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىيەت بىلەن ئالغا بېسىشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ يۆلەنچۈك كۈچ بولدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ شۇ كۈنىلا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەم جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى، ئۇزاق ئۆتمەي بىر تەبرىكلەش ۋەكىللەر ئۆمىكىنى بېيىجىڭغا ئەۋەتتى. تېخى بىرىنچى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش مەجلىسى تۈگىمىگەن ۋاقىتتا ۋەكىللەر ئۆمىكى يېتىپ كېلىپ، ئالاھىدە تەبرىكلەش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى. يېڭى قۇرۇلغان شەرقتىكى بىر ئۇلۇغ دۆلەت — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى دەرھال ئۇچۇق پوزىتسىيە بىلەن تولۇق قوللاشنى بىلدۈرۈش، بۇ يالغۇز جۇڭگودىلا ئەمەس، خەلق-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئارا ۋەزىيەتتىمۇ ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. ئاشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە ماۋ جۇشىنىڭ يېڭى ئازاد بولغان جۇڭگونىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ موسكۋاغا بېرىشى چوڭ، ئەھمىيەتلىك ئىش بولدى.

بىز 1950- يىلى 1- ئاينىڭ 30- كۈنى موسكۋاغا يېتىپ باردۇق. ئەتىسى چۈشتىن ئاۋۋال ماۋجۇشى، جوزۇڭلىلار تۇرغان جايغا بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇق. ماۋ جۇشىلار شەھەرنىڭ سىرتىدا ستالىن تۇرىدىغان بىر يازلىق سارايدا تۇرىدىكەن. ماۋ جۇشى: «بۇ قېتىمقى موسكۋاغا كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى بۇ يەردە ساياھەتتە بولۇشتىن تاشقىرى بىر قاتار مەسىلىلەرنى كېلىشىپ بىللە توختامغا قول قويماقچى، سىزمۇ ياخشى كەلدىڭىز، ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قاتناشقانلىقىڭىز ياخشى بولدى»، دېدى. يولداش جۇ ئېنلەي: «بۇ قېتىمقى سوۋېت بىلەن بولىدىغان توختامدا، سوۋېت تەرەپنىڭ تەكلىپى بويىچە شىنجاڭدا بىر جۇڭگو – سوۋېت نېفىت شىركىتى ۋە جۇڭگو – سوۋېت مېتال شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشىم قىلىنماقچى، سىزنىڭ كېلىشىڭىز بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ياخشى بولدى»، دېدى.

ماۋ جۇشى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى، ئازاد بولغاندىن بېرىكى خىزمەتلەرنى سورىدى، مەن قىسقا قىلىپ بىر قانچە ئايلىق خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدىم. ماۋ جۇشى كۈلۈپ: «ئىلى ئازات بولغاندا ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەتكەن خەنزۇلار سىزنى خاپا قىپتۇ، ئۇلارنىڭ خاتا، ۋاڭ جېن ياخشى قىلغان. ئەگەردە ئۇلار سىزنى ئىنقىلاب ۋاقتىدا خەنزۇلارنى ئۆلتۈردۇڭ؟ دېسە، سىز باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، زو زوڭتاڭ شىنجاڭدا ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى ئالدىغا قويۇپ قويۇڭ، ھېسابىنى ئۆزلىرى چىقىرىۋالسۇن»، دېدى. ئىزاھات: مەن موسكۋاغا كېلىشتىن ئىلگىرى، يەنى بىرىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ئۇياقتىن قېچىپ كەلگەن ئەمەلدارلار، بەزى كاپىتالىستلار، پومىشچىكلار ھەم بەزى ھەربىي ئەمەلدارلار بولۇپ 2000 دەك خەنزۇلار فىنجۇگە نامايىش قىلىپ كىرگەن ئىدى. ئۇلار: «سەيپىدىن چىقسۇن، بىزنىڭ تەلەپلىرىمىزگە جاۋاب بەرسۇن»، دەپ تۇرۇۋالدى. كېيىن ئادەم چىقىرىپ، نېمە تەلەپلىرى باركىن بىلىپ باقساق، «ئىلىدە ئۆلتۈرۈلگەن خەنزۇلارنىڭ قان – قەرزىنى تەلەپ قىلىمىز، مۇساد-

www.uyghurkitap.com

ـرە قىلغان يەر ـ مۈلۈك، ئۆي ـ جاي پۇللىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەر-
سۇن››، دېگەندەك 5 ماددىلىق تەلەپلەر ئىكەن. مەن ئىككىنچى قەۋەتتە-
كى ئىشخانىنىڭ بالكونىدىن قارىسام ئۇلارنىڭ خېلى پەيلى بۇزۇق، مەن
نېمە بولسا بولسۇن چىقاي، ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى ئېيتىپ باقاي
دەپ تۇرغان ئىدىم، يولداش ۋاڭ جېن كىرىپ: ‹‹ياق، سىز چىقماڭ، مەن
چىقىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشەي››، دەپ چىقىپ كەتتى، يولداش ۋاڭ
جېن چىقىپ ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋارقىراپ: «نە-
دىن كېلىشتىڭ، يوقال، گۇن تالادى...!» دەپ تىللاپ ئۇلارنى قوغلاپ
چىقارغان ئىدى. مۇشۇ مەسىلىنى ماۋ جۇشى ئاڭلىغان ئىكەن.( كېيىن
جۇزۇڭلى: «بۇ ئەمەلىيەتتە سىنىپىي كۈرەشنىڭ داۋاملىق ئىپادىسى،
بۇلار ياكى بۇنداق ئادەملەر سىلەرگە يەنە ئاۋارىچىلىق سېلىشى مۇمە-
كىن، لېكىن ئۇلارغا قاتتىق بولۇش كېرەك» دېدى. ماۋ جۇشى: «ئۇلار-
نى ھەرگىز ئىلى تەرەپكە قايتۇرماي، ئۈرۈمچى ئەتراپىدا يەر بېرىپ ئو-
رۇنلاشتۇرۇپ، ئەمگەككە سېلىش كېرەك» دېدى. كېيىن ماۋ جۇشى
سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ، بولۇپمۇ ستالىننىڭ بىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمە-
كىگە بولغان ناھايىتى ياخشى مۇئامىلىسى توغرىسىدا سۆزلىدى، «بىز-
نىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلىرىمىزنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشتا بەزى قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، بىز كۆزلىگەن مەقسەتكە
چوقۇم يېتىمىز» دېدى.

شۇ كۈنى كەچتە شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىر-
لىكى ۋىتونسكى دېگەن ئادەم بىزنى زىياپەتكە قىچقاردى. بۇ زىياپەت
مېنىڭ شىنجاڭدىن موسكۋاغا كەلگىنىمنى قارشى ئېلىش زىياپىتى
ئىكەن. يولداش جۇ ئېنلەي، لى فۇچۈن ۋە بىزنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپا-
قىدىكى كونسۇلىمىز قاتارلىق بىر قىسىم ئادەملەرنىمۇ تەكلىپ قىپ-
تۇ. بىز بېرىپ بىر ئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن داستىخانغا
تەكلىپ قىلدى، ئولتۇردۇق. ۋىشىيەنسكى تۇرۇپ: ‹‹شىنجاڭ– سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى›› دېدى. پىدارىنكوۋ دېگەن بىر
ئادەم سوۋېتلىك بولىدىغان (بۇ ئادەم خەنزۇ تىلىغا ئۇستا. «خەنزۇ
تىلشۇناسى» دەپ ئاتالغان ئادەم ئىكەن.) ئۇ ئادەم ھەيرانلىق بىلەن
سۆزنى تەرجىمە قىلماي تۇرۇپ، ۋىسىنسكىغا ئاستا:‹‹جۇڭگونىڭ بىر

قىسمى، دېمەكچى بولسىڭىز كېرەك» دېدى. ۋېيسۇنسكى «مەن قانداق سۆزلىگەن بولسام شۇنداق تەرجىمە قىلىڭ» دېدى: ئۇ ئادەم شۇنداق تەرجىمە قىلدى، بىزمۇ ھەيران قېلىپ قاراشتۇق، ئۇندىن كېيىن ۋېشونسكى «بۇ سۆزنىڭ يېقىندا ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىبى ئېقسون ئېيتتى» دېدى. بىز ھەممىمىز كۈلۈشتۇق، ئۇ ئاندىن كېيىن بىزنى قارشى ئالدىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئۇلۇغ داھىسى ستالىننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ماۋ زېدۇڭنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، سوۋېت – جۇڭگو دوستلۇقى ئۈچۈن!» دەپ قەدەھ كۆتەردى، كېيىن مەن تۇرۇپ قىسقا سۆز قىلدىم. ئاۋۋال بوگونكى ئالاھىدە زىياپەت بىلەن بىزنى قارشى ئالغانلىقى ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتىگە، شەخسەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋىشونسكىگە رەھمەت ئېيتتىم. ئاندىن كېيىن مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ، «ئامېرىكا دۆلەت سىكرېتارى ئېچىسون شىنجاڭ سوۋېتنىڭ بىر قىسمى ياكى بىر قىسمى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، دېگەن سۆزلەرنى قىلىشى بۇ تاسادىبى ئىش ئەمەس، ئامېرىكا ئۈچۈن، جاھانگىرلار ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭ ئازاد بولۇشى، جۇڭگو – سوۋېت دوستلۇقىنىڭ يېڭى بىر بالداقتا كۆتۈرۈلۈپ كۈچىيىشى، ئەمدى جاھانگىرلار ئىلگىرىكىدەك جۇڭگوغا قول سېلىش، شىنجاڭغا قول سېلىش، شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ بىر قورچاق ئورنىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش نىيىتى ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى چۈشەندى» بۇ ئەھۋال ئامېرىكا جاھانگىرلىرىگە ھەم ئېچىسونلارغا ناھايىتى ئەلەم قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەنە ھەر خىل ئېغۋالارنى تارقىتىشقا ئۇرۇنۇشى ھەرگىز ھەيران قالارلىق ئەمەس، ئۇلار نېمە دېسە دېسۇن شىنجاڭ ئىلگىرىدىن جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىدى، ھازىر جۇڭگو گوڭچەنداڭى رەھبەرلىك قىلغان يېڭى جۇڭگونىڭ يەنىلا بىر قىسمى بولۇپ، پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بىلەن بىللە ئازاد بولدى. ئېچىسونلار نېمە دېسە دەۋەرسۇن بىز ئۆز يولىمىزدا مېڭىۋېرىمىز، «ئىت ھۈرىدۇ، كارۋان يۈرىدۇ» دېدىم. ئاندىن كېيىن مەن، دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ستالىننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سالا-

www.uyghurkitap.com

مەتلىكى ئۈچۈن، جۇڭگو – سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ ھەم ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ سەمىمىي دوستلۇقى ئۈچۈن! دەپ قەدەھ كۆتۈردۇم. ۋشو-نىسكى بۇ سۆزۈمگە قايىل بولغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئىككىنچى باب  جۇڭگو– سوۋېت توختامىغا قول قويۇش

جۇڭگو– سوۋېت توختامى توغرىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللەر
ئۆمىكى تەپسىلىي سۆھبەت ئېلىپ باردى. بۇ سۆھبەتلەر ناھايىتى سە-
مىمىي ئۆتكۈزۈلدى، ئىككى دۆلەت ئارىسىدا بىر دوستلۇق توختامى
تۈزۈش توغرىسىدا ئىككىلا تەرەپنىڭ باشقا پىكرى يوق ئىدى. بۇ ئال-
لىقاچان ھەل بولغان مەسىلە ئىدى. ئاخىرى توختامنىڭ باشلاپقى لايى-
ھىسى ئىشلەندى. ئىككى تەرەپنىڭ تەكرار مۇزاكىرىسىدىن كېيىن
«جۇڭگو– سوۋېت دوستلۇق ھەم ئۆزئارا ياردەم توختامى: دېگەن توختام
لايىھىسى مەيدانغا چىقتى. توختامنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «جۇڭگو–
سوۋېت ئىككى دۆلەتنىڭ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى مۇس-
تەھكەملەش، ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆز ئارا قوللاش، ئۆز ئارا يار-
دەم قىلىش» دىن ئىبارەت بولدى. ئەڭ مۇھىمى، سوۋېت ئىتتىپاقى
جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا چوڭ ياردەم قىلىدىغان، جۇڭگودا
162 كارخانا قۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. بۇ ئاساسەن كۆپرەك ئېغىر سا-
نائەت، ئاندىن كېيىن يېنىك سانائەتلەرنى ۋە باشقا تىپتىكى كارخا-
نىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، مەدەنىيەت– مائارىپ ۋە سەھىيە ساھەسى-
دىمۇ ياردەم قىلىدىغان بولدى. بۇ توغرىدا ئاساسەن مۇتەخەسسىسلەرنى
ئەۋەتىش، تېخنىكا ھەم ئىلمىي ساھەدە ياردەم قىلىش قارار قىلىندى.
مەن سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا بىر ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، يەنە بىر
تىببىي ئىنستىتوت قۇرۇپ بەرسە، دېگەن پىكىرنى قويغان ئىدىم، بۇ
ئىككى ماددىمۇ توختامغا كىرگۈزۈلدى، 1950 – يىلىدىن تارتىپلا سو-
ۋېت مۇتەخەسسىسلىرى شىنجاڭغا كېلىپ ماشىنا رېمونت زاۋۇتىنى
ھەم تىببىي ئىنستىتوتنى ئۇزاق ئۆتمەي قۇرۇپ بەردى، بۇ ماشىنا
رېمونت زاۋۇتى كېيىن تراكتور زاۋۇتىغا ئايلاندى، بۇ ئىككى ئورۇن
زاۋۇت شىنجاڭنىڭ ماشىنا ترانسپورت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇشقا ھەم شىنجاڭنىڭ تىببىي ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، بولۇپمۇ تىببىي ساھەدە نورغۇن مۇتەخەسسىسلەر ھەم كادىرلارنى تەييارلاشتا، سالامەتلىكنى ساقلاش ئىشىدا چوڭ رول ئوينىدى.

ھەممە تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن 1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى توختامغا قول قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بىز جۇڭگو ۋەكىللىرى يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدا كىرېمىل سارىيىغا بېرىپ سوۋېت تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدۇق، ئاندىن كېيىن بىر زالغا كىرىپ ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ ستالىننى كۈتتۇق. بىر ئاز پاراڭلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن زالنىڭ ئۇدۇل تۆر تەرىپىدىكى كىچىككىنە بىر ئىشىكتىن ئۆزى ئاددىي، جىگەررەڭ يىپ رەختتىن پەشمەت، شالۋۇر كىيگەن، پۇتىغا تېرىدىن ئاددىي باشماق كىيگەن، بويى ئانچە ئېگىز ئەمەس، ئاددىيغىنە بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. زالدىكى ھەممە ئادەم ئاشۇ تەرەپكە دىققەت قىلىپ قالدى. كېيىن ماۋ جۇشىمۇ شۇ ياققا دىققەت قىلىپ، شۇ ئادەمگە قاراپ ماڭدى. مەن، «بۇ ئادەم كىمدۇ، ھەممە ئادەم بۇنىڭغا دىققەت قىلىۋاتىدۇ، ماۋ جۇشىنىڭمۇ بۇنچە ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېتىپ بارىدىغۇ؟!»، دەپ ھەيران قالدىم. مەن بۇ ئادەمنىڭ ستالىن ئىكەنلىكىنى ھەرگىزمۇ ئويلىماپتىمەن. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا دائىم ھېلىقى كىنولاردا كۆرۈنىدىغان بويى ئېگىز، گېنېرال لىيىمۇس كىيىمىنى كىيگەن، ناھايىتى سۈلەتلىك، ھەيۋەتلىك بىر ئادەم ئەكس ئېتەتتى. مەن بۈگۈن ئاشۇ ئادەمنى كۆرىمەن دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، كېيىن ماۋ جۇشى ناھايىتى سەممىي كۆرۈشتى، ئۇ ئادەممۇ ماۋ جۇشىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى مېڭىپ زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. ئۇ ئادەم يولداش جۇ ئېنلەي بىلەن قول ئېلىشقاندىن كېيىن مەن ماياقتا تۇرۇپ، بىرىنىڭ پاسولدىن: «بۇ كىشى كىمدۇ؟» دەپ سورىغان ئىدىم، پاسول: «ھەي، تونۇمايۋاتامسىز؟ ستالىن ئەمەسمۇ؟» دېدى. ئۇنىڭغىچە ئۇ ئادەم بىزگە يېقىنلاپ كەلگەن ئىدى، ۋىشونىسكى مېنى ستالىنغا تونۇشتۇرۇپ: «بۇ كىشى يولداش سەيپىدىن ئەزىزوف» دېدى. ستالىن مېنىڭ قولۇمنى قاتتىق سىقىپ كۆرۈشتى ـ دە، بېشىمدىن – ئايىغىچە بىر قاراپ قويدى. ئاندىن كېيىن: «قارشى ئالىمىز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىلەرنى قارشى ئالىمىز، مەن سىزنى بىلىمەن» دېدى. مەن بىر ئاز هودۇققان هالدا قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «سىزگە رەهمەت، بەك رەهمەت» دېدىم. مېنىڭ كەيپىياتىمدا بىر ئاز جىددىيلىك بولغانلىقىنى سەزدىم. ستالىن بىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئۆرە تۇرۇپ ماۋ جۇشى بىلەن پاراڭلاشتى، ئاندىن ۋەشونىسكى يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى. يۇقىرىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۈستەل قويۇلغان ئىكەن، بىز هەممىمىز شۇ ئۈستەلنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قاتار تۇردۇق. ئۈستەل ئۈستىدە، ئىككى ياقتا ئىككى ئورۇندۇق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا توختامنىڭ ئىككى لايىهىسى قويۇلغان. يولداش جۇ ئېنلەي بىلەن ۋەشونىسكى ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئىككى توختامغا قول قويدى. قول قويۇپ بولغاندىن كېيىن ستالىن، ماۋ جۇشى بىلەن قول ئېلىشىپ سەمىمىي كۆرۈشتى. ئىككى قول قويغۇچىلارمۇ بىر – بىرىنى تەبرىكلىشىپ كۆرۈشتى. هەممىمىز قىزغىن چاۋاك چېلىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن هەر ئىككى مەملىكەت ئۈچۈن مۇهىم ئەهمىيەتلىك بولغان، ئىككى مەملىكەتنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئارا سەمىمىي ياردەملىشىدىغان، پۈتۈن دۇنياغا ناهايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئەشۇ جۇڭگو – سوۋېت دوستلۇق، هەمكارلىق ۋە ئۆز ئارا ياردەم توختامى رەسمىي مەيدانغا كەلدى. كېيىن پەتنۇسلاردا تۇتۇلغان قەدەهلەرنى كۆتۈرۈپ، ئىككى تەرەپ بىر – بىرىمىزنى تەبرىكلەشتۇق. ئۆرە تۇرغان بويىچە بىر ئاز پاراڭلار بولدى، كېيىن ستالىن سائىتىگە قاراپ 7 دە سىلەرنىڭ زىياپىتىڭلار بار، راست، ئەمدى سىلەر قايتساڭلار بولار، دېدى. (بۇ ۋاقىتتا سائەت 6 دىن ئېشىپ قالغان ئىدى.) ماۋ جۇشى: «بىز بارايلى، سىزمۇ قاتنىشىپ بېرەرسىز؟» دېدى. ستالىن: «مەن سىلەرنىڭ زىياپىتىڭلارغا چوقۇم بارىمەن» دېدى. بىز شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق خوشلىشىپ كېرىملىدىن قايتتۇق.

## ئۈچىنچى باب  بىزنىڭ زىياپەت

توختاملار ئىمزالانغاندىن كېيىن شۇ كۈنى كەچ سائەت 7 دە موسكۋادىكى چوڭ بىر مېھمانخانىدا بىزنىڭ توختامغا قول قويۇش مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ زىياپىتىمىز بېرىلدى. بۇ زىياپەتكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ستالىن باشلىق ئاساسىي رەھبەرلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك كادىرلار چاقىرىلغاندىن باشقا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى چەت ئەل پاسوللىرى چاقىرىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم خىزمەت كۆرسەتكەن نامدار ئادەملىرى، پەن– تېخنىكا جەھەتتە نامدار ئالىملار، مەدەنىيەت، مائارىپ جەھەتتە نامدار ئادەملەر، داڭلىق سەنئەت خادىملىرى ۋە باشقىلار. مېھمانخانا ئىشىكىدىن كىرگەندىن كېيىن زالدا لى فۇچۈن، پاسول ليو شاۋ، مەن بىر نەچچىمىز مېھمانلارنى قاتار تۇرۇپ كۈتتۇق. بۇ ۋاقىتتا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر ماشىنا توختىدى. ئالدى بىلەن ماشىنىدىن كەينى ـ كەينىدىن ئىككى سېرىق ئۆتۈك كىيگەن ئاياق چۈشتى، كېيىن ستالىن ماشىنىدىن چۈشتى. بۇ خۇددى بايىقى كېرىملدا كۆرگەن ستالىننىڭ ئۆزى، كىيىمىنى ھېچ قانداق ئۆزگەرتمىگەن، ستالىن باشقىلارنىڭ قوللىشى بىلەن زالغا كىردى، بىز بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. بىز قارشى ئالىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردۇق. كېيىن سالىننى چوڭ زال ئىشىكىگە كېلىپ ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلىلار قارشى ئالدى. ستالىن زالغا كىرىشى بىلەنلا پۈتۈن زالدا گۈلدىراس ئالقىش ھەم ھۇررا ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بولۇپمۇ سوۋېتلىك دوستلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ناھايىتى قىزغىن ئاۋاز بىلەن ھەم چاۋاك بىلەن «ستالىن– ماۋ زېدۇڭ، ماۋ زېدۇڭ– ستالىن!» دەپ ناھايىتى قىزغىن كەيپىيات بىلەن قارشى ئالدى. بۈگۈنكى زىياپەت زالىنىڭ يۇقىرىسىغا ئۇزۇن ئۈستەل قويۇلغان شۇ يەردە ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ھەم ئىككى تەرەپنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى ئولتۇرىدىكەن، قالغان ئادەملەرگە زالنى چۆگىلىتىپ كىچىك ئۈستەل– ئورۇندۇقلار قويۇلغان، لېكىن ئۆرە تۇرۇپ تاماق يەيدىكەن.

لېكىن ھېچ كىم تاماققىمۇ بارمىدى، ئورۇندۇققىمۇ بېرىپ ئولتۇرمەدى. ھەممە ئادەم ئاشۇ ئۈستەلنى ئوراپ ئېلىپ: «ستالىن — ماۋ زېدۇڭ، ماۋ زېدۇڭ ـ ستالىن» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ تۇرۇپ ئالدى. بىزنىڭ پوسۇلىمىز مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا، تاماققا تەكلىپ قىلدى. ھېچ كىم ئولتۇرغىنى ئۇنىمىدى. كېيىن ماۋ جۇشى تۇرۇپ سۆز قىلدى، ماۋ جۇشى ئالدى بىلەن ئىككى دۆلەت دوستلۇقى توختامىغا قول قويۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش، شۇنىڭ بىلەن ستالىن ھەم ستالىن باشلىق سوۋېت پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ بىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، جۇڭگو — سوۋېت دوستلۇقى ئۈچۈن، ستالىننىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈردى. قەدەھتىن كېيىن يەنە «ھۇرا، ستالىن ـ ماۋ زېدۇڭ، ماۋ زېدۇڭ ـ ستالىن!» دېگەن ئاۋاز ئەۋجىگە چىقتى. كېيىن، ستالىن سۆز قىلدى. ستالىننىڭ سۆز قىلىش ئۇسۇلىمۇ ماۋ جۇشىنىڭ سۆز قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. چاقچاق ئارىلاش سۆز قىلىدىغان ئادەم ئېكەن. ئۇ ئادەم ئەشۇنداق يۇمۇرلۇق، چاقچاق ئارىلاش، خەقنى كۈلدۈرۈپ سۆز قىلدى. ئۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىمۇ يەنە ئوخشاش سوۋېت ـ جۇڭگو توختامىغا قول قويۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش، ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى تەبرىكلەش، يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەت دوستلۇقى ئۈچۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۈرەشلىرىدە ئۇلۇغ غەلىبە قازىنىشى ئۈچۈن، دەپ قەدەھ كۆتۈردى. شۇندىن كېيىن ھېلىقى شوئار، ھۇررالار يەنە بارغانچە ئەۋج ئالدى. شۇ چاۋاك، ھۇررا، شوئارلار يەنە ئۇزاققىچە داۋام قىلدى. ئاخىرى بۇ زىياپەتنى پىلان بويىچە داۋام قىلدۇرۇشقا بولمىدى. كېيىن يولداش جۇ ئېنلەي ۋىشىنسكى بىلەن بۇ ئىككىيلەننىڭ قايتىپ دەم ئېلىشىنى تەكلىپ قىلدى. ستالىن بىلەن ماۋ جۇشىنى كۆپچىلىك بىلەن خوشلۇشۇپ قايتىشقا ماڭدى. كىشىلەر ئۇلارنى بىر ياقتىن يول بېرىپ بىر ياقتىن ئوراپ، يەنە بايىقى شوئار، ھۇررالار، تەنتەنە بىلەن تا مېھمانخانىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزۇتۇپ چىقتى.

www.uyghurkitap.com

ئەمدى بىزنىڭ پوسۇمىز مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار ناھايىتى خوشال كەيپىياتتا ئۆز جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، تەخسە، پىچاق، ئارىلىرىنى كۆتۈرۈپ تاماق ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. بۇ تاماق يېيىشىمىز ئانچە ئۇزاققا بارمىدى، بىر قانچە ئاتاغلىق سوۋېت سەنئەتچىلىرى ئويۇن باشلىۋەتتى. بۇگۈنكى بۇ زىياپەتكە سوۋېتنىڭ ئاتاقلىق تىياتىر ھەم كىنو ئارتىستلىرى ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، بالېتچى، چاقچاقچى، ھەجۋىچى، شائىرلار يىغىلغان ئىكەن. بۇلار ئۆز ئويۇننى قىزىتىشقا باشلىدى. بۇگۈنكى ئولتۇرۇش شۇنداق قىزىدىكى، ئارتىستلار ھەر خىل ئويۇنلار كۆرسىتىپ، كېيىن كوللېكتىپ تانسىلار باشلاندى. شۇنداق قىلىپ ئولتۇرۇش ناھايىتى چوڭ قىزغىنلىق بىلەن دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، تاكى كەچكى سائەت 11 گىچە داۋام قىلدى. بۇ ئولتۇرۇشنىڭ مۇنداق قىزىغانلىقىدا ھەر تۈرلۈك سەۋەب بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، كۆپچىلىكنىڭ جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسىغا قول قويۇلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقىنى تەنتەنە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## تۆتىنچى باب  شىنجاڭدا ئىككى شىركەت قۇرۇش توغرىسىدا

توختام توغرىسىدا سۆھبەت داۋامىدا سوۋېت تەرەپ شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى شىركەت — بىرى جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى، يەنە بىرى جۇڭگو - سوۋېت مېتال شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ قويغان ئىدى. بۇ تەكلىپكە بىز تەرەپ قوشۇلغان. توختامنىڭ ئومۇمىي لايىھىسىگە قول قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ ئىككى شىركەتنىڭ قوشۇمچە توختام ئالاھىدە مۇزاكىرە قىلىنىپ، قارار قىلىنماقچى بولغان ئىدى. ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلى مېنى ھەم لى فۇچۈن، لىيۇ شاۋ چاقىرىپ، بىزنى مۇشۇ سۆھبەت ئۈچۈن جۇڭگو تەرەپ ۋەكىللىرى قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىمىزنى ئېيتتى، ماۋ جۇشى بۇ مەسىلىنىڭ سۆھبىتى باشلانغاندا، سىز (مېنى دېمەكچى) بىزنىڭ جۇڭگو تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئاۋۋال بايان قىلىپ ئۆتسىڭىز، ئاندىن كېيىن سوۋېت تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقسىلار، ئىككى تەرەپ بىرىنچى قېتىم پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن كېيىن لايىھە توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ بىر كېلىشىم قىلساڭلار، دېدى. كېيىن يولداش جۇ ئېنلەي بۇ مەسىلە توغرىسىدا سوۋېت تەرەپ تاشقى ئىشلار مۇئاۋىن مىنىستىرى گرومىكوۋ باشچىلىقىدا بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى تەيىنلىگەنلىكىنى بىز تەرەپكە ئۇقتۇردى. ئۇلار ئۆز پىكرىنى قويۇشتا ئىككى مەسىلىنى سىلەرگە قويۇشى مۇمكىن، بىرى، ئىلگىرى جاڭ جىجۇڭ رەئىس ۋاقتىدا ئۇلار كېلىشكەن بىر لايىھىنى مۇزاكىرە ئۈچۈن لايىھە دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن، بۇنىڭغا بىز قوشۇلالمايمىز. يەنە بىرى، ئىككى شىركەتنىڭ مۇددىتى توغرىسىدا، ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتنى قويۇۋاتىدۇ. يەنى «40 يىل» دەيدۇ، بۇ بەك ئۇزۇن ۋاقىت. سىلەر قىسقىراق ۋاقىتنى قويساڭلار، ئۇلار 40 يىل دېسە، سىلەر 20 يىل دېسەڭلار، كېيىن ئۇلارمۇ تۆۋەنگە چۈشسە، بىزمۇ يۇقىرىراققا قوشۇلساق، شۇنداق قىلىپ 25 يىل 30 يىل ئىچىدە بولسا قانداق بولار، بۇنى ئويلىشىپ باقساڭلار بۇ ئىككى مەسىلە بە-

رىنچى قېتىم سىلەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن، نۆۋەتتە جاڭ جىجۇڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىگە بىز قوشۇلالمايمىز، بۇ كونا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپ بىلەن كېلىشكەن لايىھە. بىز ئىككى تەرەپ باشقىدىن پۈتۈنلەي يېڭى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇزاكىرە قىلىشىمىز كېرەك، ئەگەر مۇشۇ ئىككى مەسىلىنى قويسا، سىز ئۆز پىكرىڭىزنى قويسىڭىز بولىدۇ دېدى.

2. ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سۆھبەتنى باشلىدۇق. بىرىنچى قېتىم سۆھبەتنى باشلاش بىلەن ئالدى بىلەن مەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شىنجاڭدا ئىككى شىركەت — جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى، جۇڭگو - سوۋېت مېتال شىركىتى قۇرۇش توغرىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى قانداق مۇزاكىرە قىلىمىز، لايىھىنى قانداق چىقىرىمىز، بۇ توغرىدا سوۋېت تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقساق، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. گرومىكوۋ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن رازىلىقىنى، رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى دېدى ۋە بايىقى يولداش جۇ ئېنلەي ئېيتقاندەك ئىككى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچىسى، جاڭ جىجۇڭ بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان، لېكىن كېلىشىم بولمىغان لايىھىنى ئاساس قىلىپ بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ بىر قارارغا كېلىش؛ يەنە بىرى شىركەتنىڭ ۋاقتىنى 40 يىل قىلساق قانداق؟ دېدى.

مەن «بىز گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسئۇللىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان لايىھىنى سۆھبىتىمىزنىڭ ئاساسى قىلىشقا قوشۇلالمايمىز، بۇ قايسى جەھەتتىن بولسىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس،» دېدىم. ۋە، «بىز سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ يېڭى لايىھە قويۇشىنى ياكى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ، يېڭى بىر لايىھىنى ئىشلەپ چىقىشىنى تەكلىپ قىلىمىز، دېدىم. ئىككىنچى مەسىلىگە، يەنى شىركەتنىڭ ۋاقتى 40 يىل بولسا بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىدۇ. جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت دوست دۆلەتلەر بولغىنىمىز ئۈچۈن ئاۋۋالقى ۋاقىتنى قىسقىراق قويۇپ تۇرۇپ، كېرەك بولسا يەنە ئۇزارتىشىمىز مۇمكىن، دېدىم. گرومىكوۋ سىزنىڭچە قانچىلىك ۋاقىت بولسا؟» دېدى. مەن: «15 يىلدىن

20 يىلغىچە بولسا» دېگەن ئىدىم، ئۇ ئادەم ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرىگە بىر - بىرىدىن قارىشىۋالدى - دە، كېيىن ئالدىدا ئوچۇق تۇرغان سومكىنى ياپتى - دە:

«بۇنداق بولسا بۇ سۆھبەتنى باشلىيالمايدىكەنمىز، مەن سىلەرنىڭ — جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ پىكرىنى بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىزگە ئېيتىپ ئاندىن كېيىن سۆھبىتىمىزنى كېيىن باشلايلى، دەپ بۈگۈنكى بىرىنچى سۆھبەتنىڭ مۇشۇنىڭ بىلەن تۈگىگەنلىكى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈردى. مەن، بۇ ياخشى گەپ، سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا بىز سىلەرنىڭ خەۋەر قىلىشىڭلارنى كۈتىمىز» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن خېلى ئوبدان ئۈمىد بىلەن باشلانغان بۇ سۆھبەت يېرىم سائەتكە يەتمەستىنلا توختىدى.

بۇ ئىككى شىركەت توغرىسىدا خېلى ئۇزۇندىن بېرى سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ بىلەن ئالاقە قىلىپ كەلگەن ھەم بۇ ئىككى شىركەتنى خېلى ئىلگىرىلا باشلىۋەتكەن. 1930 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭ — شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىپ بىر توختام تۈزۈپ، شىنجاڭدا نېفىت ھەم مېتال شىركىتى قۇرۇشنى باشلىغان. بىرىنچى بولۇپ قاراماينىڭ ئوتتۇز بىرىنچى يىللار ئوتتۇرىسىدا نېفىتنى ئېچىش ئىشى باشلانغان، بۇ خېلى چىڭ تۇتۇلۇپ، ئۇزاق ئۆتمەستىن قاراماي نېفىتلىكى ئېچىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. شىنجاڭنىڭ نېفىت مەسىلىسى بېنزىن ۋە باشقا مەھسۇلاتلار مەسىلىسى ئاساسەن ھەل بولغان. مېتال شىركىتىمۇ شۇ ۋاقىتتا ئىش باشلىغان، شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا ئاۋۋال تەكشۈرۈش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، كېيىن ئالدى بىلەن ئالتاي - كۆكتوقاي ناھىيىسىدە مېتال قېزىش ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىغان ئىدى. بۇ مېتال ئاساسەن ئاز ئۇچرايدىغان مېتال دەپ ئاتالغان مېتاللار قاتارىدا بولۇپ، بۇنىڭ مۇھىمى خەنزۇچە «لىيۇ» دەپ ئاتىلىدىكەن، رۇسچە ياكى ياۋروپا «ۋولفرام» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ناھايىتى مۇھىم ئاز ئۇچرايدىغان مېتال بولۇپ، ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى ئىشلىتىش تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر مېتال ئىكەن. بۇ ئىككى شىركەت تا 1941 - يىلىغىچە داۋام قىلىپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ شېڭ شىسەي سوۋېتكە قارشى

www.uyghurkitap.com

ئەسلى قىياپىتىنى ئاشكارە قىلىپ چىققاندىن كېيىن، بۇ ئىككى توختام بوزۇلغان. يەنە، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ئايروپىلان ياردەم قىلىش كېلىشىمى قىلغان ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا، غۇلجىدا لوتچىكلار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ ئادەم تەييارلاش، يەنە بىرى ئۈرۈمچى تۇدۇڭخېدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئېلىپ كەلگەن ئايروپىلان قىسىملىرىنى قوراشتۇرۇپ قۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. بۇ ئىشمۇ ئەشۇ ۋاقتىدا توختاپ قېلىپ سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى سوۋېتتىن ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن مۇھىم ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن.

بىز سۆھبەت ئەھۋالىنى يولداش جۇ ئېنلەيگە دوكلات قىلدۇق، يولداش جۇ ئېنلەي «سىلەر ياخشى پىكىر قويۇپسىلەر، ئەمدى سوۋېت تەرەپنىڭ پىكىرىنى كۈتەيلى، ئۇلار نېمە دەيدۇ، ھەر ھالدا پرىنسىپتا جاڭ جىجوڭ بىلەن كېلىشكەن لايىھەنى ئاساس قىلماسلىق، ۋاقىتنى قاراپ بېقىپ قىسقارتىش، قانچىلىك قىسقارتقىلى بولىدۇ، يەنە ئويلىشارمىز» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز سوۋېت تەرەپنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ياتتۇق، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن يولداش جۇ ئېنلەي ماڭا سىزنىڭ قويغان ئىككى پىكىرىڭىز توغرىسىدا سوۋېت تەرەپتە ئۇقۇشماسلىق بولغان ئوخشايدۇ. مىكويان ماڭا: «شىنجاڭلىق يولداشلار سوۋېت بىلەن ئىككى شىركەت قۇرۇش قوشۇلمايدىغان ئوخشايدۇ» دېدى، دەپ ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن يولداش جۇ ئېنلەي كۈلۈپ: «مەن مىكويانغا ئۇنداق ئەمەس، بىز بۇ مەسىلىدە پرىنسىپتا كېلىشىپ قويغان، يولداش سەيپىدىن شۇ پرىنسىپ بويىچە ئىش قىلىۋاتىدۇ، يەنە داۋاملىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش لازىم» دېدىم، دېدى. كېيىن جۇ زۇڭلى ماۋ جۇشى بىلەن ئىلگىرىكىدەك قايتماقچى بولغاندا «سىلەر سۆھبەتنى مۇمكىن قەدەر يەنە داۋام قىلدۇرۇپ، ئىلاجى بار بىر لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر قارارغا كېلىڭلار».

«مەسىلىلەر بولسا، بىز بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرۇڭلار، ئاخىرقى قارارنى بىز جۇڭيائىڭ ماقۇللىغاندىن كېيىن ئاندىن لايىھەگە قول قويۇشقا بولىدۇ. بىز يەنە ئالاقىلىشىپ تۇرايلى» دېدى.

ئىككىنچى ھەپتىدىن كېيىن سوۋېت تەرەپتىن سۆھبەتنى

داۋالاشتۇرساق، دېگەن تەكلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەتنىڭ 2 ـ ئولتۇرۇشى باشلاندى. 2 ـ ئولتۇرۇشتا سوۋېت تەرەپ، جاڭ جىجوڭ بىلەن كېلىشكەن لايىھىنى ئېلىپ چىقاسلىقتا سوۋېت ھۆكۈمىتى قوشۇلغانلىقى، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بىر يېڭى لايىھە تەييارلىغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇ لايىھىدىن بىر نۇسخىنى بىزگە بەردى. ئۇندىن كېيىن يەنە ۋاقىت مەسىلىسى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ۋاقىتنى 40 يىل ئۇزاق بولۇپ كەتسە ئويلاشساق بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇلار، باشتا «گرولمىلوۋ» بولسا تۈزىتىش لازىم. لېكىن ئىلاجى بولسا شۇ 40 يىلدىن قىسقارتمىساق، ۋاقىت ئۇزاقراق بولسا، بىز سوۋېت تەرەپنىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىككى شىركەتتىن ئوبدانىراق نەتىجە چىقىرىش، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ پايدىلىق بولۇش، دېگەن پرىنسىپنى ئويلاۋاتىمىز، ـــ دېدى. گرومىكو ئۆزىنىڭ پىكىرىنى ئېيتىپ بولۇپ، ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بىزگە تونۇشتۇردى. بىز سوۋېت تەرەپ لايىھە قويغانلىقىغا قوشۇلدۇق. لايىھىنى بىز ئاپىرىپ ئۆزىمىز كۆرۈپ مۇزاكىرە قىلايلى، ئاندىن كېيىن سىلەرگە خەۋەر قىلايلى، دېدى. ۋاقىت توغرىسىدا مەن يەنە ئىلگىرىكى پرىنسىپنى تەكىتلىدىم. «30 يىل بولسىمۇ جىقراق بولۇپ كېتىدۇ، 20 يىل بولسا قانداق، ناھايىتى جىق بولسا، 25 يىل بولسا قانداق؟» دېگەن پىكىرنى قويدۇم. گرومىكو بۇ مەسىلىدە ئۆزىنىڭ قاتتىق پىكىرىنى قويمىدى، «ھەر ھالدا بۇنى داۋاملىق مۇزاكىرە قىلايلى» دېدى. كېيىن گرومىكو مۇشۇ سوۋېت ئوتتۇرىغا قويغان لايىھىدە ئىككى شىركەتنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىككى تەرەپنىڭ سالىدىغان مەبلىغىگە ئىلگىرىدىن شىنجاڭدا قۇرۇلغان جۇڭگو نېفىت شىركىتى ۋە سوۋېت ـ جۇڭگو مېتال شىركىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتا ساقلىنىپ قالغان ئىمارەت، مۈلۈكلىرىنىمۇ مەبلەغ ھېسابىغا كىرگۈزسەك، دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلە غەلىتە قويۇلۇپ قالدى. مەن دېدىم ئىككى شىركەتنىڭ شىباڭ شىسەي ۋاقتىدا قېپ قالغان جايلىرى بار ئىدى. ماشىنا ئۈسكۈنە ياكى باشقا پۇلغا يارايدىغان ھېچ نېمە يوق. شىباڭ شىسەي بىلەن باشلىغان ئىككى شىركەتنىڭ توختاپ قالغىنىغا 10 نەچچە يىل بولدى. ئۇ ۋاقىتتا قۇرۇلغان ئىمارەت-

www.uyghurkitap.com

لەر خام خىشتىن ياغاچ بىلەن قۇرۇلغان بۇ ئىمارەتلەر ئاللىقاچان يەقىلىپ تۈزلىنىپ بولدى. ئۇنىڭدىن ھېچ قانداق سوۋېت تەرەپ مەبلەخكە قوشىدىغان، يولغا يارايدىغان ھېچ نېمە يوق، بۇ مەسىلىگە بىز قوشۇلالمايمىز. ئەگەر سوۋېت تەرەپ لايىق كۆرسە، بىر ئادەم ئەۋەتىپ ئاشۇ ۋەيران بولغان جايلارنى كۆرۈپ كەلسە بولىدۇ، دېدىم. بۇ مەسىلىنى مەن مۇشۇنداق ئوچۇقراق قويغاندىن كېيىن گرومىكو بۇنىڭغا باشقا گەپ قىلمىدى. كېيىنكى سۆھبەت داۋامىدىمۇ بۇ مەسىلىسىنى گرومىكو يەنە ئوتتۇرىغا قويمىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ مەسىلە بولماي قالدى.

ئەمدى يەنە ئەشۇ ئىككى مەسىلە، لايىھە، لايىھىنىڭ مەزمۇنى، جاڭ جىجۇڭ قويغان لايىھىنى قوبۇل قىلماسلىق، يېڭى لايىھە سوۋېت تەرەپنىڭ لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا كېلىشتۇق. ۋاقىت مەسىلىسى ئۇ يەنە ئوچۇق قالدى. سۆھبەتنىڭ ئىككىنچى ئولتۇرۇش شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى.

سوۋېت تەرەپ قويغان لايىھىنى كۆرۈپ چىقىپ مۇزاكىرە قىلدۇق. بۇ لايىھە جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئوتتۇرىغان لايىھە ئەمەس ئىكەن. لېكىن بۇنىڭدا جاڭ جىجۇڭ بىلەن كېلىشكەن لايىھىنىڭ بىر مۇنچە مەزمۇنلىرى بار. بۇ بىر تەرىپى. يەنە بىر ياقتىن بۇ لايىھىدە يەنە ئويلىشىدغان بىرقانچە مەسىلىلەر بار ئىكەن، بۇنىڭدا ئىككى تەرەپنىڭ مۇشۇ ئىككى شىركەتكە بولغان ئىگىدارچىلىق، رەھبەرلىك، ئاندىن باشقا كونكرېت مەسىلىلەردە مۇۋاپىق بولمىغان تەرەپلىرى بار ئىكەن، بىز بۇنى ئۇزاق مۇزاكىرە قىلدۇق. مۇزاكىرە قىلىپ بىزنىڭ پىكرىمىزنى بېيجىڭگە ــ جۇ زۇڭلىغا يوللىدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىز ۋاقىتنى ئۇلار 10 يىل قىسقارتساق، 30 يىل قىلساق قانداق؟ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، كېيىن جۇ زۇڭلىدىن قوشۇلغان تېلېگرامما كەلدى. ئاخىرىدا بىز بۇ شىركەتلەر توغرىسىدىكى لايىھە ئۈستىدە پرىنسىپ جەھەتتە بىرلىككە كەلدۇق، بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى ئەشۇ يىل ۋاقىت مەسىلىسىنى 30 يىل دەپ كېلىشتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى تەرەپنىڭ مەبلەغ سېلىشى، ئىككى تەرەپنىڭ شىركەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسى، ئۇنىڭدىن باشقا تېخنىكا مەسىلىلەرگە ئوخشاش بىر مۇنچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ ئاخىرى بىر پىكىرگە كېلىش-
تۇق. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى كېلىشكەن پىكىرىمىزنى بېيجىڭگە جۇ
زوڭلىغا دوكلات قىلدۇق، جۇ زوڭلى قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ
جاۋاب بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز بۇ ئىككى كېلىشىمنىڭ لايىھە-
سىگە قول قويدۇق. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدا جۇڭگو ـ سوۋېت نېفىت
شىركىتى، جۇڭگو ـ سوۋېت مېتال شىركىتى توغرىسىدىكى توختام
مەيدانغا كەلدى.

بۇ ئىككى شىركەتنىڭ ئىشىنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ناھايىتى
چىڭ تۇتتى، ئۇزاق ئۆتمەي مۇتەخەسسىسلەرنى، رەھبەرلىككە كىرىد-
غان كادىرلارنى ئەۋەتتى، ئاندىن سالىدىغان مەبلەغ، قۇرۇلۇشقا كېتە-
دىغان ھەم مېتال، نېفىت ئىشلەش تېخنىكىسىغا كېتىدىغان ئۈسكۈنە
ماتېرىياللارنىمۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئەكىردى، شۇنىڭ بىلەن 1954 ـ يىلە-
غىچە ، شىركەتنىڭ ئىشى تېز تەرەققىي قىلىپ خېلى نەتىجىلەر كۆ-
رۈلدى. ئەڭ مۇھىمى مايتاغ نېفىتچىلىكى ئىلگىرىكى ئاساستا كېڭەي-
تىپ قۇرۇلدى، بىر مۇنچە يېڭى قۇدۇقلار ئېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن
قارامايدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، نېفىت چىقىش، ئايرىش زاۋۇتى
قۇرۇلدى. نېفىت مەھسۇلاتلىرى چىقىشقا باشلىدى. 1954 ـ يىلى بە-
رىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئې-
چىلغاندا باشقا ئەللەردىن يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەر قاتارىدا
سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خروشوۋ باش بولۇپ ۋاراشىلوف، ئۇنىڭغا مىكو-
يان ھەم باشقا بىرقانچە ئادەملەر قوشۇلغان بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى كەل-
دى. شۇ ۋاقىتتا خروشوۋ شىنجاڭدىكى ئىككى شىركەتنى سوۋېت تەرەپ
جۇڭگو تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆزىنىڭ ھەسسىسىدىن قالىدىغانلى-
قىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز بۇ پىكىرلەرگە قوشۇل-
دى. شۇنداق قىلىپ جۇڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى شىنجاڭدا قۇ-
رۇلغان بۇ ئىككى شىركەت 40 يىل توشقۇل 30 يىلمۇ بولمىدى، 4 ـ 5
يىل ئىچىدە سوۋېت تەرەپنىڭ ھەسسىدارلىقى توختىدى. بىز ئۆزىمىز،
ئۆز ئالدىمىزغا باشقۇرۇشقا باشلىدۇق. بۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ
ئىككى شىركەتنىڭ بولۇپمۇ نېفىت شىركىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتا سېلىن-
غان ئاساسى بويىچە بىز خېلى سۈرئەت بىلەن داۋاملاشتۇردۇق. بۇ-

نىڭدا سوۋېت بىلەن ھەمسىدارلىق شىركەت بولغانلىقىدا، سوۋېت تە-
رەپنىڭ مەيلى مەبلەغ بولسۇن، مەيلى ئۈسكۈنە ماتېرىيال بولسۇن، مەي-
لى تېخنىكا كادىرلاردىن بولسۇن قىلغان ياردىمى ناھايىتى مۇھىم.

## بەشىنچى باب  ستالىننىڭ زىياپىتى

ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلىلار قايتىش ئالدىدا، كرېملدا ستالىن كەچىك بىر زىياپەتكە چاقىردى. بۇ زىياپەتكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرى، سىياسىي بيۇرونىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى، مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى. بىز تەرەپتىنىڭ سوۋېت تەرەپنىڭ تەكلىپى بويىچە ئالتە كىشى — ماۋ جۇشى، جۇ زوڭلى، لى فۇچۈن، چېن باۋكې، ليۇ شاۋ ھەم مەن بولۇپ ئالتە كىشى قاتناشتۇق. بىز سائەت كەچ يەتتىدە كرېمىلغا بېرىپ بىر كىچىكرەك زالدا قارشى ئېلىنىپ، شۇ يەردە دەم ئالدۇق. قارشى ئېلىنىشتا كرېمىل چوڭ دەرۋازىسىدىن تارتىپ كرېمىل سارىيىغا كەلگىچە مەخسۇس قويۇلغان ھۆرمەت ساقچىلىرى، كرېمىل سارىيى دەرۋازىسىغا كەلگەندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قارشى ئېلىشى، ھەربىيلەرنىڭ قارشى ئېلىشى، ئاندىن كېيىن سارايغا كىرگەندىن كېيىن ھەر بىر دوقمۇشتا، ھەر بىر پەلەمپەيدىن چىقىشتا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى — شۇنداق قىلىپ ناھايىتى ھۆرمەت بىلەن ماۋ جۇشىنى ھەم جۇڭگولۇق يولداشلارنى قارشى ئالدى. بىز كىرسەك ستالىندىن باشقا ھەممە سوۋېت تەرەپ رەھبەرلىرى كىرىپ بولغان ئىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ستالىن ئىچكىرىدىن چىقىپ، چوڭ ھۆرمەت بىلەن ماۋ جۇشى بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن كېيىن بىر – بىرلەپ ھەممىمىز بىلەن كۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ بىر ئاز پاراڭلىشىش بولدى. ستالىن: جۇ زوڭلىنىڭ قايتماقچى بولغانلىقى، كېتىش ئالدىدا يەنە بىر پاراڭلاشماقچى، بىر چىنە چاي ئىچىشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ماۋ جۇشى موسكۋادا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقىنى، مەملىكەتتە ئىشلار ناھايىتى ئالدىراشلىقىنى، تېزرەك قايتىش زۆرۈرلىكىنى ئېيتىپ ھوزۇر سورىدى. بۇ ئولتۇرۇشتا ستالىندىن باشقا مالىنكوۋ، ماگونوۋىچ، مىكويان، خىروشوۋ، ۋىشىنسكى بولۇپ 7 – 8 كىشى قاتناشتى. ستالىن ناھايىتى سەمىمىي قوبۇل قىلدى ھەم

www.uyghurkitap.com

سەممىيەت بىلەن قارشى ئالدى. شۇ كۈنى پۈتۈن زىياپەت ئۇندىن كې-
يىنكى ئولتۇرۇشلاردا ستالىن 5 ـ 6 سائەت ۋاقىتنى بېرىپ، ماۋ
جۇشىغا، جۇڭگو ۋەكىللىرىگە ھۆرمەت بىلدۈردى.

تاماق باشلاندى، ستالىن قىسقا سۆز قىلىپ قەدەھ كۆتۈردى.
سۆزىنىڭ مەزمۇنى يەنى ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقى، ئىككى دۆلەت
خەلقىنىڭ دوستلۇقى، جۇڭگو پارتىيىسىنىڭ، جۇڭگو دۆلىتىنىڭ،
جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇندىن كېيىنكى كۈرەشلەردە چوڭ ـ چوڭ غەلىبىيەت
قازىنىشى ھەم يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەم يولداش جۇ ئېنلەينىڭ سالا-
مەتلىكى، ئۇلارغا ئاق يول تىلەش توغرىسىدا سۆزلەپ قەدەھ كۆتەردى.
بۈگۈنكى ئولتۇرۇش شۇنداق سەممىي بولدۇكى، بۇنىڭدا ئالاھىدە دىپ-
لوماتىيىلىك خەلقئارا تەكەللۇپ گەپلەر ئاز، ئۆز ئارا پاراڭ، ئۆز ئارا
دوستانە مۇھەببەت ـ چاقچاقلار بىلەن ئۆتتى. ستالىنمۇ چاقچاقچى
ئادەم ئىكەن، ماۋ جۇشىمۇ چاقچاق، يۇمۇرلۇق گەپكە ناھايىتى ئۇستا
ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، بۇ ئۆز ئارا چاقچاق قىلىپ ئولتۇرۇش بەك كۆ-
ڭۈللۈك بولدى. ماۋ جۇشى قىسقا سۆز قىلىپ قەدەھ كۆتەردى، ماۋ
جۇشى جۇڭگو خەلقىنىڭ، جۇڭگو پارتىيىسى ھەم دۆلىتىنىڭ ئالدىدا
تۇرغان ۋەزىپىلەرنىڭ جىددى ھەم مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ،
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ تىرى-
شىشى بىلەن بۇ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئۇتۇقلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇ-
شىغا ئىشىنىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىدى. شۇنىڭ بىلەن ماۋ جۇشى
سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ، سوۋېت خەلقىنىڭ بولۇپمۇ ستالىننىڭ بۇ قې-
تىمقى جۇڭگو ۋەكىللىر ئۆمىكىگە بىلدۈرگەن چوڭ سەممىيىتى ھەم
قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقى، بۇ توختامغا قول قويۇلغانلىقى، بۇلار-
نىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، جۇڭگو دۆلىتىنىڭ بۇندىن
كېيىنكى خىزمەتلىرىدە چوڭ ئىلھام بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆز-
لەپ، ئاخىرىدا جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلىقى ئۈچۈن، ستالىننىڭ سالا-
مەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەردىن ـ بۇ يەر-
دىن پاراڭ بولۇپ تاماق يەپ ئولتۇرۇشتۇق. بىز ئۇستەلنىڭ بۇ تەرىپى-
دە، مەن ماۋ جۇشىنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپتىمەن، مېنىڭ نېرى
يېقىمدا كاگونوۋىچ ئولتۇرۇپتىكەن، ئۇندىن كېيىن ۋشونىسكى، يەنە

باشقىلار، ماۋ جۇشىنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە جۇ زۇڭلى لى فۇچۇن يەنە باشقىلار. ئالدىمىز تەرەپتە ستالىن، ستالىننىڭ ئىككى تەرىپىدە سوۋېتلىك مەسئۇل رەھبىرى ئادەملەر ئولتۇرغان ئىدى. ستالىن ماڭا قاراپ، «يېنىڭىزدىكى يولداش بىلەن ئەركىن سۆزلىشىپ ئولتۇرسىڭىز بولىدۇ. بۇ ئادەم ئۆزبېكچىنى ياخشى بىلىدۇ، (كاگانوۋىچنى ئېيتماقچى) ئىككىڭلار قانداقلا سۆزلەشسەڭلارمۇ مەيلى، ئىككىڭلار بىر بولۇپ بىزنى تىللىساڭلارمۇ بىز چۈشەنمەيمىز» دېدى. ھەممە كۈلۈشتى. مەن باياتىن بىر ئاز ئۇقۇشتۇق، «يولداش كاگانوۋىچ ھەقىقەتەن ئۆزبېكچىنى ياخشى سۆزلەيدىكەنسىز» دېدىم. ۋېشۇنىسكى سۆز قوشۇپ: «يولداش كاگانوۋىچ ئۆزبېكىستاندا ئۇزاق تۇرغان، ئۆزبېك تىلىنى، روس تىلىنى ئوخشاش سۆزلەيدۇ» دېدى. بىر ئازدىن كېيىن ستالىن ماڭا قاراپ، «ئۇيغۇر خەلقى كۈرەشچان خەلق ئىكەن» دېدى. مەن «قەيەردە زۇلۇم بولسا، شۇ يەردە كۈرەش بولىدىكەن، ئېزىلگەن خەلقلەر كۈرەشچان بولۇشى تەبىئىي ئوخشايدۇ»، دېدىم. ستالىن كۈلۈپ: «گېپىڭىز توغرا، ئەمدى يولداش ماۋ زېدۇڭ بار، ئۇيغۇرلار ئېزىلمەيدۇ» دېدى. ھەممە كۈلۈشتى. مەن «بۇنىڭدا ھېچ قانداق مەسىلە يوق، ئەمدى ئۇيغۇرلار خاتىرجەم» دېدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ستالىن ئالدىدىكى باكال (چوڭ رومكا) غا يېرىم قويۇلغان شامپانىسكىنىڭ ئۈستىگە يەنە شامپانىسكىنى تولدۇرۇپ ماڭا قاراپ تۇتۇپ: «گەمبېي» دېدى. (ستالىن خەنزۇ «گەمبېي» دېگەن سۆزنى ئۆگىنىۋاپتىكەن، ئەشۇ ئولتۇرۇش جەريانىدا بۇ سۆزنى خېلى جىق قوللاندى.) مەن رەھمەت دەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ستالىن سۇنغان باكالغا سوقۇشتۇرۇپ ئازراق ئىچىپ، رەھمەت دەپ ئولتۇرماقچى بولغان ئىدىم. ستالىن ئولتۇرۇشقا قويمىدى، «گەنبېي» دەپ تۇرۇۋالدى. ماۋ جۇشى «نىڭ گەن جو گەنما» (ئىچەلمىسىڭىز ئىچەۋېتىڭ) دېدى. مەن كۆچىنىپ ئىچىۋەتتىم. يۈرۈكىم قاتتىق سوقۇپ كەتتى. قىزىپ كەتكەنلىكىمنى ماۋ جۇشى سەپسالدى بولغاي، ماڭا قاراپ: «زېمىيالڭ؟...» دەپ سورىدى. «مېيگۈەنشى» دېدىم مەن، كېيىن ۋېشىنىسكى كېلىپ: «يولداش سەيپىدىن، ئايەدە ئۆي بار، بىرئاز دەم ئېلىۋالامسىز؟» دېدى. مەن: «ھېچ گەپ يوق، رەخمەت» دېدىم.

تاماقتىن كېيىن كىنوغا تەكلىپ قىلىدى. بىز زالغا كىردۇق.

www.uyghurkitap.com

ۋشىنىسكى كېلىپ: «قانداق كىنو قويساق بولار؟» دەپ سورىدى. ئىستالىن: «يولداش ماۋ زېدۇڭ »

چاۋاك چېلىپ جىق ئىچىشىمنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى. شۇ ۋاقىتتا ماۋ جۇشى ماڭا قاراپ: «قانداق ئىچىۋەتكىلى بولسا ئىچىۋېتەمسىز؟» دېدى. مەن غەيرەت قىلىپ قەدەھنى پۈتۈن باكال شامپانىسكىنى ئىچىپ كۆتۈرۈۋەتتىم. ئىستالىنلار ھەممىنى ئىچىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن تېزلا چاۋاك چالدى. ئولتۇردۇق. مەن ئازراق ھاراق ئىچكەندە قىزىرىپ كېتىدىغان ئادىتىم بار. بەك قىزىرىپ كەتتىم. يۈرۈكۈممۇ خېلى چاپسان سوقۇشقا باشلىدى. ئۆزۈممۇ بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇردۇم. شۇ ۋاقىتتا ماۋ جۇشى ماڭا قاراپ قانداق ھېچ گەپ يوقما «زېمىياڭ مېيېۋېنتىما؟» دەپ قارىدى. مەن ھېچگەپ يوق «مېيۋېنتى» دېدىم. بىر ئازدىن كېيىن ۋشىنىسكى مېنىڭ ئارقامغا كېلىپ قولۇمغا مەيەدە ئۆي بار كارۋات بار، كىرىپ كىچىككىنە دەم ئالامسىز؟ دېدى. مەن ياق ھېچگەپ يوق دەم ئالمايمەن دېدىم. شۇنداق قىلىپ ئولتۇرۇش ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولدى. تاماق تۈرلىرى جىق تەييارلانغان ئىكەن. تاماق يېيىش ۋاقتى خېلى ئۇزاق بولدى. ئاندىن كېيىن تۆۋەندىكى ئەتراپتىكى سافالاردا ئولتۇرۇپ مېۋە، قەھۋە، ماروژنىغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىپ يەنە قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئولتۇرۇشتۇق. بۇ ئولتۇرۇشتا تاماق ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا ئاز ـ ئازدىن ئىستالىن بىلەن ماۋ جۇشىنىڭ قىززىق پاراڭلىرى داڭ قىلىۋەتتى. كېيىن ۋاقىت سائەت 9 لاردىن ئۆتكەن بولسا كېرەك، ۋاشىنىسكى كىرىپ ئىستالىنغا كىنو كۆرۈرىمىزمۇ يا دەپ ئېيتتى. ئىستالىن ماۋ جۇشىغا قاراپ ھەم باشقا مېھمانلارغا قاراپ كىنو كۆرسەك قانداق دېدى. ماۋ جۇشى رازى بولغاندىن كېيىن باشلاپ ماڭدى. بىز ئارقىدىن ماڭدۇق. شۇ بىز تاماق يېگەن

ئۆينىڭ ئىچىدە كىنو كۆرىدىغان كىچىك كۇلۇب بار ئىكەن. كۇلۇبلار پۈتۈن يۇمشاق ئورۇندۇقلار بىلەن چىرايلىق تەييارلانغان ئىكەن. شۇ يەرگە ۋىشىنىسكى كىرىپ ستالىندىن كىنو باشلايمىزمۇ دېدى. ئىستالىن نېمە كىنو قويىسىلەر؟ دەپ سورىغان ئىدى. ۋىشىنىسكى، يولداش ماۋ زېدۇڭ نېمىنى كۆرمەن دېسە شۇنى قويۇمىز، دەپ جاۋاب بەردى. ستالىن بۇنىڭغا كۇلۇپ قاراپ تولا يولداش ماۋ زېدۇڭ دېگەن كىنونى قويالىشىمىز بەلكى قىيىندۇر، دېدى. ۋىشىنىسكى، يولداش ماۋ زېدۇڭ شەرقتە ئىشلەنگەن كىنولارنىڭ قايسىنى كۆرۈمەن دېسە ھازىر ئىككى مىنوت ئىچىدىلا قويۇمىز، دەپ ئېيتتى. ئۇنداق بولسا قېنى، لېكىن ستالىن ماۋ جۇشىغا قاراپ قېنى سىز نېمىنى كۆرۈسىز؟ دېگەن ئىدى. ماۋ جۇشى «چاپايوفنى» نى كۆرگۈم بار ئىدى. ئىستالىن كۇلۇپ قاراپ يولداش ماۋ زېدۇڭ تېخى پارتىزانلىق ئورۇشىنى ئۇنتۇماپتۇ، دېدى - دە، ۋىشىنىسكىغا قاراپ، ھە ئەمدى قانداق قىلىسىز؟ دېدى. ۋىشىنىسكى گەپ يوق ھازىرلا تەييارلايمىز، دېدى. كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي دېگەندەك بىر - ئىككى مىنۇت ئۆتتىمۇ - يوق چاپايوق باشلىنىپ كەتتى. ئىستالىن كۇلۇب كەينىدە تۇرغان ۋىشىنىسكىغا يارايسىز، ۋەدىڭىزدىن چىقتىڭىز، دېدى. شۇنداق ئولتۇرۇپ ناھايىتى قىزىقىشى بىلەن چاپايوفنى كۆردۇق. چاپايوق تۈگىگەندىن كېيىن ستالىننىڭ ئوغلى «ئىتنى ۋاسىلى» قوماندانلىق قىلغان ھاۋا ئارمىيە پەرۋازى، دېگىنە بىر ژورنال بار ئىكەن شۇنى كۆردۇق. بۇ ژورنال كىنو ژورنال ياخشى ئىشلەنگەن ئىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھاۋا ئارمىيە كۈچى چوڭ تەنتەنە بىلەن نامايىش قىلىنغان بىر كىنو ژورنال ئىكەن. بىزنىڭ دىققىتىمىزنى جەلپ قىلدى. بۇ ژورنال خېلى ياخشى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ كىنو ژورنالنى كۆرۈش ئۈچۈن 3 سائەت ۋاقىت كەتتى. مۇشۇ جەرياندا ئىستالىن ماۋ زېدۇڭ بىلەن چارچىغاننى بىلمەي خۇشال - خۇرام پاراڭلاشقاچ كىنو كۆردى. بىز ھەممىمىز خۇشال كەيپىياتتا كىنو كۆرۈپ تۈن يېرىم بولغاندا كىنودىن قايتتۇق. قايتىپ بىز يېتىش ئالدىدا بۇگۈنكى زىياپەت ھەم ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئۆز ئارا مۇھەببەت بىلەن تولغانلىقىدەك شۇنىڭ بىلەن ستالىننىڭ جۇڭگوغا، جۇڭگو پارتىيىسىگە، جۇڭگو خەلقىنىڭ داھىيسى يولداش ماۋ زېدۇڭغا

بولغان مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۆز ئارا
پاڭلاشتۇق. بۇگۈنكى زىياپەت خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك مېنىڭ يادىمدا.
شۇ ۋاقىتتىكى ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى-
نىڭ موسكۋادىكى پائالىيىتىدىن ئالغاندا، بولۇپمۇ ھېلىقى بىزنىڭ زى-
ياپىتىمىز يەنە بىرى ستالىننىڭ زىياپىتى مۇشۇ ئىككى كۆڭۈللۈك
ھالقىلىق زىياپەتنى ئويلىغاندا خۇددى يېقىندا بولغان ئىشتەك يادىمدىن
چىقمايدۇ. بۇ بىر ماڭا ياخشى تەسىرات ھەم ياخشى ئۆگىنىش بولغان.

## ئالتىنچى باب  شىنجاڭغا قايتىش

ماۋ جۇشى جۇ زۇڭلىلار كەتكەندىن كېيىن بىز شىنجاڭدا قۇرۇلىدىغان ئىككى شىركەتنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش، ئىككى شىركەت توختامىنىڭ لايىھىسىنى قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلىپ تەييارلاش ھەم ئۇنىڭغا قول قويۇش بىلەن خېلى ئۇزاق ۋاقىت موسكۋادا تۇرۇشقا توغرا كەلدى. بۇ ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن بىز 1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شىنجاڭغا قايتتۇق. شىنجاڭغا قايتىش ئالدىدا بىز يەنە ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلىلار موسكۋادىكى ۋاقىتتا سوۋېت ۋەيجاۋبۇسىنىڭ مەسئۇللىرى ماڭا «ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ يەشىكلەرگە قاچىلاپ تەييارلاپ قويدۇق. شىنجاڭغا ئېلىپ قايتىشقا بولىدۇ» دەپ ئۇقتۇردى. مەن ماۋ جۇشى ھەم جۇ زۇڭلىلارغا بۇ ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ قانداق قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدىم. ماۋ جۇشى «ياخشى ئىش، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئېلىپ قايتىڭ، شىنجاڭغا ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ قەۋرىلىرىنى قاتۇرۇڭلار. شىنجاڭ خەلقى ئۆزى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەھرىمانلىرىنى ئۇنتۇمايدىغان بولسۇن» دېدى. يولداش جۇ ئېنلەي ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆزىنىڭ ياخشى پىكرىنى ئېيتتى.

بىز ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رېسپۇبلىكىلىرىنى كۆرۈپ قايتىمىزمۇ دېگەن پىلانىمىز بار ئىدى. كېلىپ جىق كۆرەلمىدۇق. بىز تاشكەنتكە كېلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئالمۇتىغا باردۇق. ئالمۇتىغا بارساق ئۇ يەردە سوۋېتنىڭ ئىككى ھەربىي كادىرى — بىرى پولكوۋنىك يەنە بىرى — مايور جەسەتلەرنى ئالمۇتىغا ئەكېلىپ مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۇلار ئالمۇتىدا بۇ جەسەتلەرنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن مەخسۇس بىر ئايروپىلان تەييارلاپ قويغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئالمۇتىدا بىر ـ ئىككى ئۈچ كۈنلا تۇردۇق. بەزى مۇھىم ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئالمۇتىدا قازاقىستاننىڭ مەسئۇل

كادىرلىرى، مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى، ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى، سىرتقى ئىشلار مىنىستىرى قاتارلىق كىشىلەر بىزنى قوبۇل قىلدى. زىياپەت بەردى. ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى.

شۇنداق قىلىپ بىز شىنجاڭغا ماڭدۇق. بىز ۋەكىللەر ئاۋۋال جەسەتلەرنى بىر ئايروپىلان بىلەن ماڭغۇزۇۋېتىپ ئارقىدىن يەنە بىر مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ غۇلجىغا قاراپ ئۇچتۇق. بىزنىڭ جەسەتلەرنى ئېلىپ قايتىۋاتقىنىمىز توغرىسىدا ئۈرۈمچىگە ھەم غۇلجىغا خەۋەر قىلىنىۋەتكەن.

غۇلجا ئايرودرومىغا بېرىپ چۈشكەندە ئايرودرومغا قارشى ئېلىشقا چىققان مەسئۇل كادىرلار، قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، يەنە بىر قىسىم ئامما ۋەكىللىرى قارشى ئېلىشقا چىققانىكەن.

ئۇلار جەسەتلەرنى ئايروپىلاندا چۈشۈرۈپ بىر ئۆيگە قويۇپ بىزنى كۈتكەن ئىكەن. ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي شەھەرگە كىردۇق. چۈشتىن كېيىن مەسئۇل كادىرلار بىلەن قۇربانلانىڭ قەۋرىلىرىنى قۇربانلانىڭ جەسەتلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىپ ئاخىرى ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى غۇلجىدا يەرلىككە قويۇش، دەلىلقانىنىڭ ئانىسى ھەم بالىلىرىنى ئالتايدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش دېگەن پىكىرگە كەلدۇق. شۇ كۈنى ئالتايغا ئايروپىلان بېرىپ دەلىلقانىنىڭ ئانىسىنى ھەم بالا ـ چاقىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ئەتىسى مەسئۇل كادىرلار قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ يەشىكلەرنى ئاچتۇق. جەسەتنىڭ بىر مۇنچىسى كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن. ئەمما جەسەتلەر پارچە ـ پارچە بولۇپ كەتكەندىن كېيىن سوۋېت تەرەپ ئۇلارنى تونۇيدىغانلارنى يەنى ئىلگىرى غۇلجىغا بارغانلارنى تېپىپ جەسەتلەرنى رەتلەپتۇ، قۇراشتۇرۇپتۇ، قارىساق جەسەتلەرنىڭ ئەزالىرىنى پارچىلانغان قىسىملىرىنى رەتلەپ ئورۇنلاشتۇرۇش ھەر بىر يەشىككە سېلىش جايىدا بوپتۇ. بۇ ئاستى ياغاچ ئۈستى ئەينەك بىلەن قاپلانغان چىرايلىق ساندۇقكەن. مەن مۇشۇ ساندۇق بويىچە قوزغىماي شۇنداق قويۇشنى تەكلىپ قىلدىم، چۈنكى ئۇلار بۇنى خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن چىرىمايدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن. كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنۇمىدى، بۇلار چوقۇم ئېچىپ كۆرۈ-

مىز دەپ تۇرۇۋالدى. يەنە بىرى ئىسھاقبەك بىلەن دەلىلقاننىڭ جەسىتىنى ياخشى ئايرىغىلى بولمىدى. سوۋېت تەرەپ ئىسىملىرىنى يېزىپ قويۇپتۇ. بىزنىڭكىلەر ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىدى. پەقەتلا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ جەسىتىنىڭ بېشى يېرىلغان ئىكەن، كىيىملىرىنىڭ ئازراق بىر قىسمى كۆيگەن.

ئاساسەن جەسەت پۈتۈن دېگۈدەك، بۇنى مەن ئالمۇتادىكى ۋاقىتتا بۇ جەسەتلەرنى تاغدىن ئېلىپ چۈشكەن ھەم ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل ھېلىقى پولكوۋنىك، ئابباسوفنىڭ جەستى ئايروپىلان چۈشكەن يەردىن 20 مېتىر يىراقلىقتا بىر تاشنىڭ ئۈستىدە يېتىپتىكەن، دەپ ماڭا ئېيتقان ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا ئابدۇكېرىمنىڭ جەستى ئايروپىلان قاتتىق ئۆرۈلۈپ پارچىلانغاندا شۇ يەڭگىل بولغانلىقتىن ئىرغىپ چۈشۈپ كېتىپ يىراقتا تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئوخشايدۇ، — دېدى.

شۇ تاپتا ئابدۇكېرىمنىڭ جەسىتىنى باشقىلاغا قارىغاندا بىرلا كۆرۈپ تونۇشقا بولىدۇ. ئاخىرى ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنۇمىغاندىن كېيىن يەشكىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئەمدى گېنىرال ئىسھاقبەك بىلەن دەلىلقاننىڭ جەسىتىنى ئايرىش مەسىلىسى، بۇنىڭغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمىدى. ھەر كىم تەخمىنى دەيدۇ. لېكىن دەلىلقاننىڭ ئانىسى مەن بالامنى ئايرىيالايمەن دەپ كېلىپ دەلىلقاننىڭ بىر پۇتىنىڭ ئايىغىنى ئېچىپ قول سېلىپ بىر يەرنى ئىزدىدى كېيىن بىر ئاياقنىڭ ئاستىدىن بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن دەلىلقاننىڭ بارماقلىرىنىڭ ئاستىدا بىر چوڭ قاداقمۇ يا بىر ئۆسكەن گۆشمۇ بىر نېمە باركەنتۇق، شۇ يەردىن ئانىسى كېيىن تۇرۇپلا مانا مۇشۇ دەلىلقان دېدى. بۇ مېنىڭ بالامنىڭ يوتىدا كىچىكىدىن تارتىپلا مۇشۇ قاداق بار ئىدى، ئاخىرىغىچە مۇشۇ قاداق شۇنىڭغىچە ساقلىنىپ كەلگەن، مانا مۇشۇ جەسەت بالام دەلىلقان دېدى. بۇ مومايىنىڭ سۆزىدىن ئىشەنمەي بولمايتتى، شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككىيلەننىڭ جەسىتىمۇ ئايرىلدى. ئەمدىن قايتىدىن يەشكىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېكىتىپ بولدۇق. كېيىن قەۋرىلەرنى جەسەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق. جەسەتلەرنى يەرلىككە قويۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە دەلىلقاننىڭ ئانىسى دەلىلقاننىڭ جەسىتىنى ئالتايغا ئاپىرىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

www.uyghurkitap.com

دەللقاننىڭ باللىرىمۇ شۇ تەلەپنى قويدى. بۇنىڭغا ماقۇل بولدۇق. دەللقاننىڭ جەسىتىنى ئالتايغا ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ بېرىپ شۇ يەرگە يەرلىككە قويۇلدى. كېيىن بىر نەچچە كۈن تەييارلىق قىلىنغاندىن كېيىن غۇلجىغا خەلق باغچىسىغا قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرى يەرلىككە قويۇلدى. پەقەت دىنىنى ئۇقتىدىن بەزىلەرنىڭ بەلكى، بولۇپمۇ دىنىي زاتلارنىڭ پىكرى بويىچە يولداش لو جىنىڭ قەبرىسىنى غۇلجىنىڭ غەربى تەرىپىدىكى بىر باغچىغا قويۇشقا توغرا كەلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. داۋاملىق تەييارلىق قىلىپ مۇشۇ قەبرىلەر ياسالدى. قەبرىلەر ياسىلىدىغان ۋاقىتتا مەن لو جىنىڭ قەبرىسىنى جەسەتلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ قەبرىسىنى مۇشۇ يەرگە قاتۇرۇش كېرەك، دېگەن تەكلىپنى قويدۇم، باشقىلار بۇنىڭغا قوشۇلدى.

ئاخىرى ئۇلارغا خىزمەت قىلدۇق، بۇلار بىرگە بېرىپ بىرگە قۇربان بولغان ئۇلۇغ ئىش ئۈستىدە تەڭ قۇربان بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بىللە تۇرغان ياخشى بولىدۇ، جەسەتنى ئايرىش توغرا بولمايدۇ دېگەن سەۋەبنى بەزى پىكرى بارلارغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى رازى قىلدۇق. شۇنداق قىلىپ بۇ قەبرىستان بۇ باغدىكى بۇ دەپنە قىلىدىغان يەرنىڭ ئۈستىگە قېزىلغان، قەبرە ھەممىسىنى شۇ قۇربان بولغانلار ــ ئەخمەتجان قاسىمى، گېنېرال ئىسھاقبەگ، ئابدۇكېرىم ئابباسوف، دەللقان سوگۇربايوف، لوجىلار بولۇپ بۇ بەشەيلەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىغى ھەم ئەزالىرى ئىدى، يەنى غېنى، ئابدۇرشىت، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۇغقىنى ئوسمان بۇ ئۈچەيلەن كاتىپ، تەرجىمان، مۇھاپىزەتچى بولۇپ مۇشۇ 8 ئادەمنىڭ قەبرىسى كېيىن ئاشۇ باغقا ياساپ قويۇلدى.

شۇنداق قىلىپ بىز يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ ئىنقىلابى قۇربانلارنىڭ قەبرىسىنى ياساش دېگەن يوليورۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇردۇق.

بۇ قەبرىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭ خاتىرىسى، ھەم خەلقنىڭ ھۆرمەت قىلىپ ئۇلارنى ئۇنۇتمايدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدىغان بىر مەيدانى بولۇپ قالدى. بىراق كېيىن ئاستا ــ ئاستا بۇ قەبرىلەر ياخشى خاتىرىلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى.

بولۇپمۇ مەن مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بېيجىڭگە يۆتكىلىپ كەتكەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىن كېيىن 8 يىلدىن كېيىن، 1985 ـ يىلى شىنجاڭغا بارغاندا بېرىپ قارىسام بۇ قەبرىلەر خارلىنىپ قاپتۇ. دەللىقاننىڭ ئالتايدىكى قەبرىسىمۇ يېرىم يىقىلىپ قاپتۇ. بىر مۇنچە جۇڭگياڭدىن بارغان رەھبەرلەر ئىلگىرى بۇ غۇلجىدىكى قەبرىستانلىقتا بېرىپ خاتىرلەيتتى. ھۆرمەت بىلدۈرەتتى، كېيىن ئۇلارمۇ ئەمەلدىن قاپتۇ. بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى كۆرەدە ياسالغان «جاڭ جىڭفۇ»، شىنجاڭ خەلقىنى خالىغانچە ئەزگەن قېنىنى شورىغان بىر جاللاتنىڭ قەبرىسىگىمۇ يەتمەي قاپتۇ.

مەن بۇنىڭغا ناھايىتى قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردۈم. ئۆزۈمنىڭ پىكىرىمنى قاتتىق ئېيتتىم. ئاڭلىسام كېيىن بىر ئاز ئېتىبار قىلىنىپتىمىش. لېكىن بۇمۇ ئېغىزدىلا، يەنىلا جاڭ جىڭفۇ ئېتىبار قىلىنىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىدىغان بىر جايغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئادەتتە ئېچىنىشلىق گەپ، ھەم ماۋ زېدۇڭنىڭ يولىيورۇقىغىمۇ خىلاپ بىر ئىش. بۇنى ئۇنتۇشقا بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب تەجرىبە ـــ تەسىرات

مەن يولداش ماۋ زېدوڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تەركىبىگە كىرىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بارغانلىقىم ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغان مەزگىلدە چوڭقۇر مۇزاكىرىلەردىن كېيىن جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇق ھەمكارلىق ئۆز ئارا ياردەم توختامىغا قول قويۇشقا قاتناشقانلىقىم، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا قۇرۇلماقچى بولغان ئىككى شىركەت توغرىسىدا سۆھبەتكە جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىدە تۇرۇپ قاتناشقانلىقىم، موسكۋادا ئىستالىن ھەم سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىگە بولغان مۇناسىۋىتى ۋە باشقىلار توغرىسىدا بىر مۇنچە تەجرىبىت ۋە تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم:

### 1. ستالىن ۋە ماۋ زېدوڭ

مۇشۇ موسكۋادىكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە مەنستالىنىنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى، جۇڭگو خەلقى، بولۇپمۇ يولداش ماۋ زېدوڭغا ئالاھىدە سەممىيەت بىلەن ھۆرمەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ بۇنىڭغا خۇشال بولدۇم. ماۋ زېدوڭ ماركسىنىڭ سادىق شاگىرى، جۇڭگونىڭ لېنىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غورۇرى — مەن مۇشۇ يولداش ماۋ زېدوڭ توغرىسىدىكى مۇشۇ سۆزنى 1990 ـ يىلى ماۋ جۇشىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 97 يىل تولغان ۋاقىتتا بېيجىڭدە ماۋ جۇشىنىڭ خاتىرە سارىيغا بارغاندا ئۆزۈمنىڭ تەسىراتىمنى يېزىپ ئېيتقانىدىم. مېنىڭ تەسىراتىم بىلەن يېزىلغان ئاشۇ سەنۇن شەكلىدىكى قىسقا بىر پارچە نەرسە «رىنمىن رىباۋ» گېزىتىدا ئېلان قىلىندى.

مېنىڭ يولداش ماۋ زېدوڭ توغرىسىدىكى بولغان تەسىراتىم بۇ ئۇزاقتىن بېرى يولداش ماۋ زېدوڭغا بولغان مۇھەببىتىم، ئىشەنچىم ھەم قىزىقىشىمنىڭ خۇلاسىسى.

ماڭا بولغان بۇ تەسىرات ئىككى مەزگىلدە پەيدا بولغان يا پەيدا بو-

لۇپ راۋاجلانغان: بۇنىڭ بىرى 1949 - يىلى بېيجىڭدە بولۇپ 1 - قېتىملىق خەلق سىياسىي كېڭەش مەيلىسىگە قاتناشقان مەزگىلىم بۇ ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت، يەنە بىرى، موسكۋا بولغان مەزگىلدىكى ماۋ جۇشى، ماۋ جۇشىنىڭ سوۋېت ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى بولۇپمۇ ئىستالىن بىلەن بولغان سۆھبەتلىرى بۇ مەزگىل بۇنىڭدىن كېيىن 1957 - يىلى يەنە يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدا موسكۋاغا بارغاندا بولۇپمۇ خەلق ئارا كوممۇنىستىك پارتىيىلىرى ۋە ئىشچى پارتىيەلىرىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىش جەريانىدا ماڭا تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلىپ پەيدا بولغان يولداش ماۋ زېدۇڭ توغرىسىدىكى قارىشىم بۇ ئاساسەن ئۈچ مەزگىل تۈپلىك مەنبە ئەلۋەتتە ئاندىن باشقا ئەھۋاللارنى مەن مۇشۇ ئەسەرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا توختىتىلىمەن.

مەن شۇ قېتىم يەنى 1950 - يىلى موسكۋادا بولغان مەزگىل ئىچىدە ستالىن توغرىسىدا يېڭى تەسىراتقا ئىگە بولدۇم. ستالىننى ئىلگىرى ئاڭلاپ ياكى ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ خەۋەردار بولغانىدۇق. ئەلۋەتتە، مەنمۇ جۇڭگودىكى، دۇنيادىكى سانسىز كىشىلەر قاتارىدا ئىستالىنغا چوڭقۇر ئىشەنگەن ئۇنىڭغا ئەقىدە قىلغان بىر ئادەممەن.

بۇ قېتىم موسكۋادىكى جەريانىدا ستالىننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ يەنە بىر مۇنچە تەسىراتلارغا ئىگە بولدۇم. ئۇنىڭدىن كېيىن ستالىن توغرىسىدىكى مۇزاكىرە مۇنازىرىلەرگە مەن دىققەت بىلەن قارىدىم. مەن شۇ قېتىم موسكۋادا ئالغان تەسىراتىمغا قارىغاندا يىغىپ ئېيتقاندا، ستالىن يەنىلا بىر ئۇلۇغ ماركس، لېكىن ئۇ خاتالىق قىلغان بەلكى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ماركس. ئىشقىلىپ ئۇ ئۇلۇغ ماركس. يولداش ماۋ زېدۇڭ خىروشوف ۋاقتىدا ستالىن پىپەن قىلغاندا، ستالىننىڭ ئۇتۇقى، خاتالىقىمۇ بار بەزى خاتالىقى ئېغىر، لېكىن ئۇتۇقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. تۆھپىسى بىلەن خاتالىقىنى سېلىشتۇرغاندا 7 بىلەن 3 نىڭ مۇناسىۋىتى دېسە قانداق دېگەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا مەن ماۋ جۇشىنىڭ مۇشۇ سۆزىگە قوشۇلغان ئىدىم. بۇنداق قوشۇلۇشۇمنىڭ سەۋەبى بىلەن موسكۋادىكى ۋاقىتتا تونۇغان ستالىن مەندە خېلى تەسىر قالدۇرغان.

www.uyghurkitap.com

ستالىننىڭ خاتالىقى ئېغىر ئەلۋەتتە. ستالىن خاتالىقىنى ئېغىر
قىلغاندىن كېيىن چوڭ ئۆتۈقلارنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر قاتار
ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقى بۇ ئادەتتىكى خاتالىق بولماستىن سوۋېت ئىتتى-
تىپاقىغا، سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە، سوۋېتلەر ئىتتى-
پاقىدا سوتسىيالىزم قۇرۇش مەسىلىسىدە، يەنە بىر چوڭ خاتالىقى
خەلق ئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ياكى ئۈچىنچى
ئىنتېرناتسىئونالغا رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىدە كۆرۈلدى.
ئۇنىڭدىن كېيىن ستالىن سوۋېت كومپارتىيىسىگە رەھبەرلىك
قىلىشتا ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھەم يېزا ئىگىلىك ئىنقىلابى ئىشىنى
ئېلىپ باردى. مۇشۇ مەزگىلدە بولۇپمۇ 30 ـ يىللارنىڭ 1 ـ يېرىمىدا
بۇ تازىلاش ئىشىنى يۈرگۈزدى.
بۇ تازىلاشتا گوياكى ستالىن پۈتۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى جا-
ھانگىرلارنىڭ ئىشپىيونى بىلىپ كەتكەندەك، ھەممە ياقتا جاھانگىرلار
ئىشپىيونى تازىلاش، تەتۈر ئىنقىلابچىلارنى تازىلاش، مىللەتچىلەرنى تا-
زىلاش، مۇشۇ قاتارلىق ھەرىكەتلەردە ناھايىتى چوڭ تۈتقۇن قىلىش
نۇرغۇن ئادەملەرنى قاماش ئاز بولمىغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈش، تۇتۇش
سانسىز ئادەملەر تۈرمىلەردە 10 يىللاپ 20 يىللاپ ھەتتا 40 ـ 50
يىللارغىچە تۈرمىدە يېتىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. بۇ پەۋقۇلئاددە ئې-
غىر خاتالىق بولغان.
توغرا شۇ ۋاقىتتا 8 كاپىتالىستىك ئەلنىڭ سوۋېتكە قورشاپ
ھۇجۇم قىلىشى، لېكىن چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ سوۋېتلەر ئىتتى-
پاقىنىڭ چىن بىرلىن ئېيتقاندەك، ساقاللىق بولشۇېكلارنى بۆشىكىدە
يوقىتىش، يەنە باشقا چارىلىرى بىلەن سوۋېتتىكى ئىشپىيونلارنى سو-
ۋېتنىڭ ئىچىدىكى بىر نەچچە سوۋېت پارتىيىسى ۋە سوتسىيالىزم قا-
رشى ئادەملەردىن پايدىلىنىش ئۇلار ھەرىكەتنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ
ھېلى ھەل بولمايدىغان ئىشى. لېكىن ئۇ ستالىن دېگەندەك پۈتۈن سو-
ۋېتنى بېسىپ كەتكەن جاھانگىر ئىشپىيونلىرى ئەمەس ئىدى. بۇ خاتا-
لىق ستالىننىڭ چوڭ بىر خاتالىقى ئىدى. يەنە بىر ستالىن 2ـ دۇنيا
ئۇرۇشى باشلانغان ۋاقىتتا چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ بېسىمى ئارقى-
سىدا پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتلىرىنىڭ، كوممۇنىستىك پارتىيىسى،

ئىشچى پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى بولغان ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنى تارقىتىۋەتتى، بۇ بىر چوڭ خاتالىق.

يەنە بىرى ستالىن سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشى تامام بولغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇرۇشتا مەيدانغا كەلگەن يارىلارنى تۈزۈتۈۋېلىشى، ئەسلىگە قايتۇرۇۋېلىشى دېگەن پرىنسىپ بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەم خەلقئارا پرىنسىپ تىنچلىق سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە پۈتۈن دۇنيادا كوممۇنىستلار پارتىيىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەيدانغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان قوراللىق پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنى توختىتىۋەتتى. مەسىلەن: فرانسىيىدە، گىرېتسىيىدە، بىرمىدا، ھىندونېزىيىدە، يەنە باشقا يۈز مىڭلىغان ـ يۈز مىڭلىغان قوراللىق پارتىزانلار ھەرىكىتى. بۇ ۋاقىتتا ستالىن بىزنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىگىمۇ، يولداش ماۋ زېدۇڭغا «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى 10 يىل سۈرۈش كېرەك، سىرتقا تىغقا چېكىنىڭلار» دېگەن تەكلىپنى قويدى. بىزنىڭ پارتىيە يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ پىكىرگە ئۇنىماي ئازاتلىق ئۇرۇشىنى قەتئىي ھەم تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە داۋام قىلدۇردى. باشقا ئەللەردىكى پارتىزانلىق ھەرىكىتى ستالىننىڭ ئاشۇ تىنچلىق سىياسىتى بويىنچە ئەمەلدىن قالدى. بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭمۇ تازا غەلىبە بىلەن ئالغا ماڭغاش تۇرغان. پۈتۈن شىنجاڭنى ئازات قىلىشقا ئۇزاق ۋاقىت قالمىغان بىر مەزگىلدە توختاپ قېلىپ گومىنداڭ ۋەكىلى بىلەن سۆھبەتكە ئۆتۈشى بۇمۇ ستالىننىڭ تىنچلىق سىياسىتىنىڭ بىر خاتا نەتىجىسى. تىنچلىق دەۋرى، ئۇرۇش چەتئەللەردىكى قوراللىق قوزغىلاڭلارنى، ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى بېرىپ بىلىنى تۈزۈۋالغىچە ۋاقىتلىق كۆپرەك ئەۋەتىپ غەربكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي ياۋروپادىكى ئەللەرنىڭ غالىبىيىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەربىي قىسىملارنى ئەۋەتىش كېرەك ئىدى ئەلۋەتتە، لېكىن بۇ ھەربىي قىسىملاردىن ئۈنۈمدىن باشقا سوۋېتكە بوي سۇنۇشنىڭ بىر كۆچى شەكلىدە پايدىلاندى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى ئەۋەتىشى، سوۋېت مەسلىھەتچىلەرنى ئەۋەتىشى سوتسىيالىستىك ئەللەرگە بەكرەك ئىدى. لېكىن ئەۋەتكەن مەسلىھەتچىلەر مۇتەخەسسىسلەر ئۇ مەملىكەتلەردە دوستانە ياردەم ئەمەس ھەتتا بۇيرۇقچىلىق

ھەركىتىنى ئېلىپ بارغان ئىشلارمۇ يوق ئەمەس. بۇ چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمى سىياسىتى شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك ئەللەردە ئاز بولمىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

1948 ـ يىلى تىتونىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمى سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشى بۇ ھەقلىق توغرا تەدبىر ئىدى.

لېكىن تىتو يۇگوسلاۋىيە پارتىيىسىنى پۈتۈنلەي تەتۈر ئىنقىلابىي يولغا ماڭدى دەپ قاراپ، ئۇنى بىر دۈشمەن قاتارىدا ناھايىتى قاتتىق ئەيىبلىدى. تەنقىد قىلدى، قاتتىق زەربە بەردى، بۇ ناھايىتى خاتا بولغان.

ستالىننىڭ مۇشۇ بىر قاتار خاتالىقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تېخىمۇ چوڭراق غەلىبە بىلەن ئالغا بېسىشىغا، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەركىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا چوڭ زىيانلارنى يەتكۈزدى. بۇ ئەلۋەتتە ئېغىر خاتالىق.

لېكىن ستالىن يەنىلا ماركسىزمنى، لېنىنىزمنى چىڭ تۇتتى. بۇ ئاز بولمىغان ئۇتۇقلۇق ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ لېنىندىن كېيىن لېنىننىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ياكى تەلىماتلىرىنى، تاپشۇرۇقلىرىنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلدى. «بەزى جەھەتلەردە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئېنىق».

بۇنىڭ بىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ تەھدىتىدىن، بۇزغۇنچىلىقىدىن، گەرچە كېڭەيتىۋەتكەن خاتالىقى بولسىمۇ، ساقلاپ قالالىدى. يەنە بىرى، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىقتىسادىي سىياسەتنى مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىي شۇ شارائىتتا خېلى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلىدى. ئاندىن كېيىن دېھقانلار ئىنقىلابى، يەر ئىسلاھاتى ھەركىتى قەتئىي تەدبىر بىلەن ئېلىپ باردى. «ئەلۋەتتە، ستالىن يەر ئىنقىلابىدا بەزى ئېغىر سولچىلىق خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى». ئۇنىڭدىن قالسا ستالىننىڭ چوڭ بىر ئۇتۇقى مۇشۇ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىغا قوماندانلىق قىلىشتا بولدى.

سوۋېت ـ گېرمان ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ناھايىتى ئېغىر خەۋپنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ستالىن بۇ

ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىقى ھوشيار، پېتەرسىز بولغان، ھەتتا گىتلېرنى ئالدايمەن دەپ ئىتتىپاقلىق كېلىشىم تۈزۈپ قويۇپ ئاخىرى ئۆزى ئالدانغان بولسىمۇ، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن قەتئىي نىيەت بىلەن پۈتۈن سوۋېت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ توغرا ئىستىراتېگىيە ۋە تاكتىكا بىلەن قارشى تۇردى. ئاخىرى ناھايىتى جاپالىق قانلىق كۈرەشلەردىن كېيىن گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ ھەربى كۈچىنى يېڭىپ ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل يوقاتتى. بۇ ۋاقىتتا ستالىن خېلى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر دەپ ئاتالغان دۆلەتلەر ئۇرۇشتا سوۋېت تەرەپ قىيىنچىلىققا قېلىپ قالغاندا ياردەمنى قىلماستىن بىر چەتتە قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئاخىرى گىتلېر سوۋېتنى يوقاتسا ئۇندىن كېيىن چىقىپ تەييار نانغا ئىگە بولماقچى ئىدى. بۇ ئۇلار ئۈچۈن ھەيران قالىدىغان ئىش ئەمەس. ستالىن كېيىن ئۇلارنىڭ ياردىمىگە قارىماستىن پۈتۈن كۈچى بىلەن سەپەرۋەر قىلىپ ئاخىرى سوۋېتنىڭ لېنىنگراد مۇھاسىرە لىنىيە ئەتراپىدا ستالىنگراد ئەتراپىدىكى گېرمانىيىنىڭ چوڭ كۈچلىرىنى يېڭىپ ئاندىن جەڭگىۋەر يۈرۈش بىلەن بېرلىنغىچە يېتىپ باردى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئاندىن كەينىدە قالماسلىقى ئۈچۈن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. كېلىپ ئاخىرى ئۇلارمۇ يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېرلىننىڭ يېرىمىنى گېرمانىيىنىڭ يېرىمىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى بۆلۈۋالدى. يىغىپ ئېيتقاندا، 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە يېتەكلەپ بېرىشتا ستالىننىڭ ئىستىراتېگىيىسى تاكتىكىسى ھەم ئۇنىڭ جەڭگىۋار قوماندانلىقى مۇھىم رول ئوينىدى دېيىشكە بولىدۇ.

پۈتۈن سوۋېت خەلقى «ۋەتەن ئۈچۈن، ستالىن ئۈچۈن» دېگەن جەڭگىۋار شوئارنىڭ ئۆلۈمدىن قورقماي جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلدى، مۇشۇ شوئارنىڭ ئۆزى شۇ ۋاقىتتىكى ستالىننىڭ ئابروي ھەم ئۇرۇشتا بولغان رولىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، ستالىن كېيىن بەزى خاتالىقلىرىنى تونۇپ تەجرىبە ساۋاقلارنى ئويلاشقان بولسا كېرەك.

بۇنىڭ بىر مىسالى، ستالىن ھېلىقى تىنچلىق سىياسىتى ۋاقتىدا

www.uyghurkitap.com

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئۇرۇشنى توختىتىپ تاققا چەقىڭلار، دېگەن پىكىرىنىڭ خاتالىقىنى ئىقرار قىلىپ ماۋ جۇشى موسكۋاغا بارغاندا «جۇڭگو غەلىبە قازاندى، سىلەر غەلىبە قازاندىڭلار مېنىڭ توغرا بولمىدى، سىزنىڭ توغرا بولدى» دەپ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئىقرار قىلدى، ئەمدى باشقا خاتالىقلىرىنى ئىقرار قىلىپ كەسكىن تۈزۈتۈشكە جۈرئەت قىلمىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، ستالىن ئۇ بىر ماركىس ئادەتتىكى ماركىس ئەمەس، نامدا ئۇلۇغ ماركىس، لېكىن خاتالىقى ئېغىر بولغان ماركىس. ئەگەر ستالىننىڭ مۇشۇ خاتالىقى بولمىغان بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەڭ خەلقئارا جەھەتتە ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ غالىبىيىتى چىقىمى ئاز تېخىمۇ تېز چوڭ بولغان بولاتتى.

2. يولداش ماۋ زېدۇڭ يالغۇز جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيىسى بولۇپلا قالماستىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەم دۇنيادا ھۆرمەتكە ئىگە بولغان ئۇلۇغ داھىي. مۇشۇ موسكۋادا تۇرغان بىر نەچچە ئاي ئىچىدە بىز سوۋېت خەلقىنىڭ ماۋ زېدۇڭغا بولغان ناھايىتى ھۆرمىتى ھەم تەنتەنىسىنى كۆرۈپ ناھايىتى قايىل بولدۇق.

موسكۋاغا بارغاندىن تارتىپ رەسمى قارشى ئېلىش ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دوستلۇق كېلىشىمىنى تۈزۈش، كېلىشىمگە قول قويۇش جەريانىدا ئۆندىن باشقا، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. بىز زىياپىتىمىزدە سوۋېت خەلقىنىڭ ماۋ جۇشىغا بولغان ھۆرمىتى، ستالىننىڭ زىياپىتىدە ستالىننىڭ ھەم شۇ ۋاقىتتىكى سوۋېت رەھبەرلەرنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭغا بولغان سەممىي ۋە ھۆرمىتى ھەقىقەتەن كىشىنى خۇش قىلارلىق بولدى.

بىزنىڭ زىياپىتىمىزدە ئاساسەن سوۋېت تەرەپ بولۇپمۇ ئالىملار، ئەدەبىياتچىلار، سەنئەتچىلەرنىڭ تاماققا ئۇلتۇرغىلى ئۇنىماي ستالىن، ماۋ زېدۇڭ ـــ ماۋ زېدۇڭ، ستالىن دەپ بۇ ئىككى زاتنى ئورىۋېلىپ ئۇزاق ۋاقىت تەنتەنە قىلغانلىقى كىشىنى ناھايىتى ھاياجانلاندۇرىدۇ.

ستالىننىڭ مەخسۇس زىياپىتىدە زىياپەتتىكى سەممىيەت ماۋ جۇشىغا بولغان ھۆرمەت تا كىرىملدىن قايتىپ چىققۇچە بولغان ھۆرمەت پوزىتسىيىسى ماڭا چىق تەسىر قىلدى. ئاخشىمى سائەت 7 دىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تارتىپ سائەت 0:3 گىچە بولغان مەزگىل 6 ـ 7 سائەت مۇنداق ۋاقىت بېرىش ستالىننىڭ تاماق ۋاقتىدىن كېيىن يەنە سۆھبەت ئۇنىڭدىن كېيىن 3 سائەت كىنو كۆرۈش — بۇ ئىستالىننىڭ ماۋ جۇشىغا بولغان پەۋقۇلئاددە ھۆرمىتىنى كۆرسەتتى. ستالىن ئىلگىرى چەتئەللىك كىشىلەرگە مۇشۇنداق ئۇزاق ۋاقىت بېرىپ مېھمان قىلىشى ھەم كىنو كۆرۈشكىچە بىلە بولغاندىمىكىن بۇنى بىلمەيمەن. مېنىڭچە، ستالىننىڭ ئىلگىرىكى ئەھۋالىغا قارىغاندا مۇنداق بولغان بولۇشى ناتايىن. شۇنىڭ بىلەن ستالىن ھەم سوۋېت خەلقى ماۋ جۇشىغا بولغان ھۆرمىتىنى ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا ھەر يەرگە بارغاندا قارشى ئېلىشىدىن ئۇزاتقىچە بولغان مەزگىلدە ناھايىتى تولۇق ئىپادىلىدى.

ماۋ جۇشى باشلىق بىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى بىر قانچە ئېكسكۇرسىيە ھەم ساياھەتلەردە بولدۇق. مەسىلەن: موسكۋادا مېترونى كۆرۈش زىيىن (ستالىن نامىدىكى ماشىنا زاۋۇتى)، موسكۋا چوڭ تىياتىردا ئويۇن كۆرۈش ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇنداق ئاممىۋى سورۇنلاردا بولغاندا خەلق ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن ياشىسۇن ماۋ زېدۇڭ! ياشىسۇن جۇڭگو خەلقى! دېگەن شوئارلار بىلەن ئۇزاق ئالقىشلىدى. ئەمدى بەزى يەرلەردە ئوراپ ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە مېترونى كۆرگەن ۋاقىتتا بىز تۆۋەن چۈشۈپ كېتىپ قالغاندا بىر قاتاردا چىقىۋاتقان خەلق ماۋ زېدۇڭ ياشىسۇن ھۇررا! دېگەن شوئارلارنى ئېيتىپ چىقىپ كېتىپ يەنە بىزنىڭ كەينىمىزدىن يەنە شۇنداق شوئار يەنە شۇنداق تەنتەنىلەردە قايتىپ چۈشۈپ تا ماۋ جۇشى مېترو پويىزىغا چۈشۈپ كەتكىچە پۈتۈن مېترو ئىستانسىسىغا تولغان ئادەملەر شۇنىڭغا ئوخشاش تەنتەنە قىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت كومپارتىيىسى، ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال شەخسەن ستالىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شەرق ئىنقىلابىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۈستىگە ئېلىشقا كىرەك، دېگەن مۇشۇنداق قاراشتا بولدى.

لېكىن، ئامېرىكىغا قارشى چاۋشيەن ئۇرۇشىدا ماۋ جۇشى بىزنىڭ پارتىيە مەركىزى كومىتېتى قەتئىي مەيداندا تۇرۇپ زىيۇەنجۈن (يەنى ياردەم قىلىش ئارمىيىسىنى) تەشكىل قىلغاندا ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال سوۋېت پارتىيىسى ھەم ستالىن بۇنى دەرھال قوللىدى. شۇنىڭ

بىلەن بىللە ماددى ھەم ھەربىي جەھەتتە ناھايىتى چوڭ ياردەم قىلدى.

مانا شۇ بىر قاتار ئەھۋاللاردىن قارىغاندا ماۋ جۇشىنىڭ ئابروي – ئىناۋىتى سوۋېت خەلقىگە سوۋېت پارتىيىسى ھەم ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالدا ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىز كۆرۈپ چوڭ تەسىرلەندۇق. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ماۋ جۇشى بىلەن ئۇچراشقاندا ماۋ جۇشىنىڭ يول يورۇقلىرىنى ھەم مۇھىم تاپشۇرۇقلىرىنى كۆرگەندە ماڭا دائىم ئاشۇ موسكۋادا ماۋ جۇشىغا بولغان ھۆرمەت تەنتەنە ئېسىمگە كېلىپ تۇراتتى. بۇ بەك تەسىرلىك ئىش ئەلۋەتتە. دېمىسىمۇ يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا قوراللىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە 28 يىل يېتەكچىلىك قىلىپ ئاخىرى جۇڭگو ئىنقىلابىنى غالىبىيەتتە ئېلىپ چىقتى. ھەتتا ستالىنىنىڭ تىنچلىق ۋاقتىدا «غالىبىيەتنى 10 يىل كېيىن سۇرۇڭلار» دېگەن مۇشۇ پىكىرىگىمۇ قولاق سالماي ئازاد قىلىشنى داۋام قىلدى. بۇ كېيىن ستالىنىنىمۇ قايىل قىلدى. ستالىن ئۆزىنىڭ خاتالىغىنى ئىقرار قىلدى، ماۋ جۇشىنىڭ مۇشۇ قەتئىي چوڭ جاسارەتلىك ئىنقىلابى مەيدانى ھەم ھەركىتى يالغۇز جۇڭگودىلا ئەمەس سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا شەرقتە ھەم پۈتۈن دۇنيادا ناھايىتى پرولېتارىيات ھەم كومۇنىستىك پارتىيە ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. مەن بۇ مەزگىلنى ئەسلى ھەم بىزنىڭ پارتىيە جۇڭگو خەلقىگە بولغان رەھمەتنى زادى ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن.

3. ماۋ جۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قۇربانلىرىغا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەت بىلەن قارىدى. ماۋ جۇشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي توغرىسىدا جۇڭگو خەلقى ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى دەپ باھا بەرگەنلىكى بۇ ناھايىتى يۇقىرى بولغان باھا بولغان شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قانداق ئىنقىلاب دېگەن بۇ مەسىلىگە ماۋ جۇشى بۇ سۆزى بىلەن پۈتۈن جاۋاب بېرىلگەن.

مەن يۇقىرى ئېيتىپ مەن موسكۋاغا بارغاندا ھېلىقى ئۇرۇمچىدە ئىلى تەرەپتىن كەلگەن خەنزۇلارنىڭ نامايىش قىلىپ كۆرگەن ۋاقتىدىكى ئەھۋال. شۇنىڭدا ماۋ جۇشى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرغانلىقى شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ جىننىڭ سىياسىتىنى توغرا دەپ ھېسابلىغانلىقى بۇمۇ ماۋ جۇشىنىڭ ناھايىتى قە-

ئىي يوسۇندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تەقدىرلەيدىغان ھەم قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

كېيىن مەن يۇقىرىدا ئېيتتىم. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئېلىپ قايتىش مەسىلىسى توغرىسىدا. ئەمما شۇنى ئېيتىش كېرەككى، سوۋېت ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىدە ياخشى پوزىتسىيە قوللاندى. ئالدى بىلەن بۇ بىزنىڭ ۋەكىللەر بېيجىڭغا بېرىشتا سوۋېت ئارقىلىق بېرىپ بېيجىڭغا ئۆتۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئالاھىدە ئۇچقۇچىلار بىلەن ياردەم قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئۇلار ۋاپات بولغاندىن كېيىن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ جەسىتىنى تېپىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئېگىز تاغلارغا ئادەملەر چىقىپ يۈرۈپ خېلى ھەرىكەت قىلىپ بىر نەچچە ئاي ئىچىدە جەسەتلەرنى ئەكېلىپ يەشىكلەرگە قاچىلاپ تەييارلىغان بۇ ئېتىبارلىق ئىش ئىدى.

ئەمدى ماۋ جۇشى تاكى مۇشۇ ئىنقىلابى قۇربانلارنىڭ جەسىتىنى شىنجاڭغا ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەكمۇ يوقمۇ دېگەن مەسىلىدە ناھايىتى ئۇچۇق كەسكىن قىلىپ «ئېلىپ كېتىڭ، شىنجاڭغا ئاپىرىپ قەبرىنى قاتۇرۇڭلار. شىنجاڭ خەلقى ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇربان بولغان رەھبەرلەرنى ئۇنۇتمايدىغان بولسۇن» دېگەن يوليورۇقنى بېرىش ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى.

ئەلۋەتتە مەن ئۇ ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئېلىپ كېتىشىم كېرەك. بۇنىڭدا ھېچقانداق ئىككىلىنىدىغان گەپ يوق ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ھۆكۈمىتى تەييارلاپ قويۇپتۇ، ئەكەتمىسىگىز مانا دېدى. ئەمدى ئەلۋەتتە ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقنى ئېلىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ماۋ جۇشىنىڭ دەرھال ئاشۇنداق قەتئىي ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوللاش ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي قۇربانلىرىغا بولغان ھۆرمەت مەيدانىدا تۇرۇپ ئاشۇنداق ناھايىتى ئوچۇق يوليورۇق بەرگەنلىكى مېنى قەتئىي پەۋقۇلئاددە تەسىرلەندۈردى.

مەن جەسەتلەرنى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتقاندىن كېيىن بىر مۇنچە سورۇنلاردا ماۋ جۇشىنىڭ مۇشۇ يوليورۇقىنى يەتكۈزدۈم ھە ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىنقىلابى قۇربانلارنىڭ قەۋرىسىنى قاتۇردۇق. ئەپسۇسكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر مۇنچە مەسئۇل ئادەملەر، بولۇپمۇ

www.uyghurkitap.com

خەنزۇ كادىرلاردىن بولغان شىنجاڭدىكى ئايرىم مەسئۇل كادىرلار بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قۇربانلارنىڭ قەبرىسىگە ئېتىبارسىز قاراپ تاشلاپ قويدى. بۇ ئىش ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بولغان پوزىتسىيە، شۇنىڭ بىلەن ماۋ جۇشىنىڭ ئاشۇ يوليورۇقىغا قوشۇلمايدىغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغان پوزىتسىيە.

مەن بۇ يىل 1991 - يىلى يازدا شىنجاڭغا بارغاندا ئاشۇ قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىكى كۆرگەزمىخانىغا ماۋ جۇشىنىڭ ئاشۇ سۆزىنى ئالاھىدە يېزىپ رامكىغا ئالدۇرۇپ ئېسىپ قويماقچىمەن.

ئەمدى بۇنىڭغا ئىلگىرى مۇشۇ ئىنقىلابى قۇربانلار قەبرىسىگە يات قارايدىغان، سەل قارايدىغان، بەلكى قارشى پوزىتسىيىدە تۇرغانلار نېمە دەيدىكىن؟ نېمە بولسا بولسۇن مەن بۇ ئىشنى قىلماقچىمەن.

ئاخىرىدا شۇ نەرسىنى تەكىتلىمەكچىمەنكى، مەن ماۋجۇشى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قاتنىشىپ موسكۋاغا بېرىپ ئىككى دۆلەت دوستلۇق شەرتنامىسىنى سۆھبەت قىلىش، تەييارلاش ھەم قول قويغىچە قاتناشقانلىقىم شىنجاڭدىكى نېفىت، مېتال ئىككى جۇڭگو - سوۋېت شىركىتىگە ھەم بۇ شىركەتنىڭ سۆھبىتىگە جۇڭگو ۋەكىللىرىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ قاتنىشىپ، ئۇنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاپ قول قويۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان شۇ مەزگىل ئىچىدە كۆرگەن بىلگەنلەردىن ئالغان تەسىراتىم مانا بۇلار مېنىڭ تارىخىمدا ئۇنتۇلمايدىغان بىر مۇھىم ۋەقە بولدى. مانا ناھايىتى ئوبدان تەربىيە بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۈچىنچى قىسىم

## يېڭى ئىنقىلابىي قەدەملەر ۋە مۇھىم ساۋاقلار

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1950 ـ يىلىنىڭ 1 ـ پارتىيە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي تەشكىلىي خىزمەتلەر ئاساسەن ئاياغلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئومۇمىي تەشۋىقات ھەم سەپەرۋەرلىك ھەرىكىتى باشلاندى. تەشكىلىي خىزمەتلەر ئاساسەن ئاياغلاشقاندا بىلەن، ئۇنى مۇستەھكەملەش كېرەك ئىدى. كادىرلارنى ھەل قىلىشتا خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدىن چوڭ بىر تۈركۈم كادىرلار يەرلىك خىزمەتلەرگە ئايرىلدى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىدىن بىر قىسىم كادىرلار ئايرىلىپ ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭغا مەمۇرىي خىزمەتلەرگە تارقىتىلدى. ئۇندىن باشقا ئىلگىرىكى گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان كادىرلار ئىچىدىن بىر مۇنچە كادىرلار تاللاپ ئىشلىتىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى بىرلىكسەپ دائىرىسىدە پايدىلىنىدىغان كادىرلار مۇۋاپىق خىزمەتكە قويۇلدى. خىزمەت ناھىيە، رايون، يېزا ـ كەنتلەر خىزمىتىگە قارىتىلدى. بۇ تەشكىلىي خىزمەت ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي خىزمەتلەر يەنە ئۇڭۇشلۇق ۋە چاپسان يولغا قويۇلۇپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتتا قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئاساسەن گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ توسقۇنلۇقى، ئاندىن كېيىن يۇقىرى تەبىقىلەر، دىنىي زاتلارنىڭ پارتىيە سىياسىتىنى ياخشى چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان خىزمەتلەرگە ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق كاشىلىلارنى ئۇچراتتى. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە ئالدى بىلەن ئوسمان باندىتلىرىنى تازىلاش مۇھىم خىزمەت بولدى. ئوسمان ئۆزىنىڭ بىر قاتار تايانچىلىرى بىلەن ئالتاي چارۋىچى خەلقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ياكى زورلاپ، بارىكۆلگە قاراپ قاچتى. بارىكۆلدىن كېيىن چىڭخەيگىچە بېرىپ توختىدى. چىڭخەيدە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ قوغلاپ زەربە بېرىشى بىلەن ھەم سىياسىي خىزمەت قىلىشى بىلەن ئەگەشكەن خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئوسمان قولغا چۈشتى. خۇسەينى دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com

ئوسماننىڭ بىر يېقىن ئادىمى بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتتى. ئوسماننى ئۈرۈمچىگە ئەكىلىپ، ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدا ئاممىۋى سورۇندا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مۇشۇ سورۇندا يەنە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى يۈڭ چى دېگەن ئادەممۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مەن بېيجىڭدىكى ۋاقتىمدا ماۋ جۇشى «شىنجاڭ خەلقىغا ئازاب سالىدىغان، خەلقنىڭ قېنىنى تۆككەن شېڭ شىسەي بىلەن لى يۇڭچىنى قولغا چۈشكەندىن كېيىن سىلەرگە ئەۋەتىپ بېرەيلى. ئۆلۈم جازاسى بېرىڭلار» دېگەن ئىدى. بۇنىڭدا دۇڭبى - شەرقىي شىمالدا قولغا چۈشكەن لى يۇڭچىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بەردى. شېڭ شىسەي جەنۇبتا قولغا چۈشكەن ئىدى، بۇنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بەرگىچە، گومىنداڭنىڭ قولغا چۈشكەن ھەربىي كوماندىرلىرىغا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتى بولۇپ قېلىپ، ئۇ شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بېرىلمىدى.

باسمىچىلار يوقىتىلغان بىلەن، يېڭى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى ھەر خىل قارشىلىقلار يەنە بولۇپ تۇردى. گومىنداڭنىڭ ھەربىيلىردىن خۇيزۇ (تۇنگان) ما چيڭشيا دېگەن ئادەم بىر نەچچە 100 ھەربىيلەرنى ھەم بىر مۇنچە ئىنقىلابقا قارشى ئادەملەرنى باشلاپ ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. ئۇلار بىلەن بىللە مەتتىمىن بۇغرا، ئەيسا قاتارلىق بىر مۇنچە پانتۈركىستلار، گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسىنىڭ ئىشپىيونى بولغان ئادەملەر ئاشۇ ما چيڭشيا بىلەن بىللە ئۇلارمۇ قاچتى. بۇلارنىڭ قاچقىنى ياخشى بولدى. بىر مۇنچە كاشىلا، ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلدۇق. مەن بېيجىڭدىكى ۋاقىت ئۇچ ۋىلايەتنى ئەسئەت باشلىق مەسئۇل يولداشلاردىن «تاشقورغان پارتىزانلىرى ھىندىستانغا قاچقان ماچيڭشيا باشلىق بىر تۈركۈم ئادەملەرنى قاغىلىقنىڭ ئۇستىدىكى تاغ رايونىدا توسۇۋالدى. ئۇلارنى قولغا ئالماقچى، بولامدۇ - يوق؟» دەپ ماڭا بىر تېلېگرامما ئەۋەتكەن ئىكەن. مەن بۇ تېلېگراممىنى جۇ زۇڭلىغا كۆرسەتتىم. جۇ زۇڭلى ماۋ جۇشىغا دوكلات قىلغان ئىكەن، ماۋ جۇشى مېنى قوبۇل قىلغاندا «يامان ئادەملەر كەتسە كېتىۋەرسۇن، تۇرغاندىن كەتكىنى ياخشى، سىلەر ئۇلار كېيىن ئاۋارىچىلىق سالىدۇ. چەتتە بىزنى تىللاۋاتقان 1000 ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا

ئىككى ـ ئۈچ يۈز ئادەم قوشۇلسا، ھېچ نېمە بولمايدۇ. تىللاۋەرسۇن» دېدى.

مەن ماۋ جۇشىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىلىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ «توساڭلار، كېتىۋەرسۇن» دېدىم. تاشقۇرغان پارتىزانلىرىنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىسىمۇ، ئۇلارغا خىزمەت قىلىپ، ئاشۇ قاچاقلارنى قويۇۋەتتۇق.

مۇشۇنداق شارائىتتا سىياسىي، ھەربىي، مەمۇرىي خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە خەلق ئارىسىدا ئەڭ ئاممىۋى تەشۋىقات يۈرگۈزۈشكە توغرا كەلدى. ئاساسىي مەزمۇنى ـــ پارتىيىنىڭ توپ سىياسىتىنى چۈشەندۈرۈش، مىللىي سىياسەتنى ئالاھىدە چۈشەندۈرۈش، دىنىي سىياسەتنى چۈشەندۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن يامان ئادەملەرنىڭ پارتىيە خىزمىتىگە، ئىنقىلابقا بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاممىغا چۈشەندۈرۈش، بۇ تەشۋىقات خىزمىتى قاتتىق تۇتۇلدى. يۇقىرىدىن تارتىپ، تۆۋەنگىچە ھەربىي، مەمۇرىي كادىرلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان بۇ كۈرەش ئۇزاق ئۆتمەي ياخشى يۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇبدان نەتىجىگە ئىگە بولدى، مۇنداق بولغىنى ئاسەسەن بىرى كەڭ خەلق ئاممىسى، ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ سىياسىتىنى چۈشىنىشى ۋە قوللىشى تېز بولدى. يەنە بىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى رەھبەرلىكىنىڭ ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى تەشۋىقات ھەركىتىنىڭ رولىمۇ چوڭ بولدى، ئۇندىن قالسا كادىرلار زور تىرىشچانلىق بىلەن، ھەتتا كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئەستايىدىل خىزمەت قىلدى. بۇ تەشكىلىي ھەم تەشۋىقات خىزمەتلىرىدىن شۇ نەرسە ياخشى ئىشلەنگەنكى، خەلق ئاممىسى، كەڭ كادىرلار پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتىنى چۈشىنىشى، قوللىشى بۇ ئاساسىي ئامىل، ئاساسىي كۈچ ئىكەن. تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇنداق تېز ۋە ئۈڭۈشلۈق بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە بولغان ئىشەنچىسى ھەم يولداش ماۋ زېدۇڭغا بولغان ئىشەنچىسى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بىر يىلغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان تەشكىلىي، تەشۋىقىي خىزمەتلەرنىڭ ئۇتۇغلۇق بولۇش، ئىنقىلابنى قانات ياي-

www.uyghurkitap.com

دۇرۇش، يەر ئىنقىلابىغا تەييارلىق قىلىشقا، باشلاشقا ئاساس يارىتىپ بەردى، لېكىن ئەپسۇس قىلىدىغان ئىش شۇكى مۇشۇ بىر يىل ئەترەت، يەر ئىسلاھاتى بولغىچە بولغان ئىككى يىل ئەترەتتىن خىزمەتلەردە ئاز بولمىغان كامچىلىق ۋە خاتالىقلار ۋە بەزەن ئېغىر خاتالىقلارمۇ يۈز بەردى. تەجرىبە ـ ساۋاقلار ئاز بولمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئىككىنچى باب غەربىي بوز يەر ئېچىش ھەرىكىتى

شىنجاڭ ئازاد بولدى، تەشكىلىي ئىشلار ئاساسەن يولغا قويۇلدى. تەشۋىقىي تەربىيە ئىشلىرىمۇ خېلى نەتىجىگە ئىگە بولدى. ئەمدى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىمۇ ئويلاشقا توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم بىرسى يېزا ـ ئىگىلىك دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، ئاشلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ۋەزىپىنى تاماملىغان كۈچلىرىدىن چوڭ بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ دېھقانچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن ھەقىقەتكە قايتقان 80 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىمۇ ئىشلەپچىقىرىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى، مىللىي ئارمىيىدىن بىر دىۋىزىيە، گومىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملەرى بولۇپ بىرەر يۈز مىڭدىن ئارتۇق بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق قىلىش ھەرىكىتىگە چوڭ يۈرۈش قىلدى. بۇ يۈرۈش ماۋ جۇشىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا بېرىش ئالدىدا بەرگەن يوليورۇقى... «كۆرەش قىسمى، خىزمەت قىسمى ھەم ئىشلەپچىقىرىش قىسمى بولسۇن» دېگەن يوليورۇقى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. مۇشۇ چوڭ قوشۇننىڭ بوز يەر ئېچىشقا قىلغان يۈرۈشى، شىنجاڭ تارىخىدا كۆرۈلمىگەن چوڭ بىر ۋەقە بولدى. يولداش ۋاڭ جېن ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقى بويىچە مۇشۇ قىسىملارنى تەشكىل قىلىپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى قانتىق تۇتتى. ئۆزى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى.

يولداش ۋاڭ جېن تا ئۆزى شىنجاڭدىن ئايرىلغىچە بولغان مۇشۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرىنىڭ ئىشىنى ئالغا سۈرۈشتە كۆرۈنەرلىك خىزمەت كۆرسەتتى. ھازىرقى شىنجاڭدا مەيدانغا كەلگەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا چوڭ رول ئوينىغان، ھازىرقى نوپۇسى ئىككى مىليوندىن ئاشقان شىڭچەن بىڭتۇ-

www.uyghurkitap.com

ەن ئەشۇ ۋاقىتتا باشلانغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قىسىملىرى ئاسا-
سىدا تەرەققىي قىلدى. بۇ ئەشۇ شىنجاڭ يېڭى ئازاد بولۇشى بىلەنلا قو-
لغا كەتمەن، گۈرجەك ئېلىپ بوز يەردە جاپالىق كۈرەش قىلغان. بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەڭچىلىرىنىڭ تۆھپىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان چوڭ
ئىشلار قىلىندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-
قۇرۇلۇش ۋە قىزغىن ياردىمىمۇ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئارمى-
يىسىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىككىنچى باب ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى

شىنجاڭدا ئازادلىقتىن ئىلگىرى سانائەت ئىشلىرىدا ئېغىزغا ئالغۇدەك چوڭراق سانائەت يوقىدى. 400 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى، كىچىككىنە بىر توقۇمىچىلىق كارخانىسى، ئاندىن قالسا غۇلجىدىكى مۇسابايوۋ تېرە زاۋۇتى قاتارلىق كىچىك كارخانىلار بار ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا، بولۇپمۇ سانائەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى باسقۇچ باشلاندى. 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدىلا بوز يەر ئېچىشقا قاتناشقاندىن باشقا ھەربىي قىسىملارنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېرلىرى، جەڭچىلىرى چوڭ تىرىشچانلىق بىلەن بىر نەچچە زاۋۇت قۇرۇلۇشلىرىنى باشلىدى. 1951 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىككى زاۋۇت، بىر مەكتەپ ئاساسەن سېلىنىپ بولدى. بىرسى تۇدوڭخېيدىكى پولات زاۋۇتى، كېيىن بۇ زاۋۇتقا «1 ـ ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى دەپ نام بېرىلدى، يەنە بىرسى شىمىگودىكى «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى («چىيى» فاڭجىجۇچاڭ) قۇرۇلدى. ئاندىن كېيىن «بايى» نوڭشۆيۈەن («1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتى) قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇت، مەكتەپلەرنى قۇرۇشتا شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدىن تېخى ھېچ قانداق پۇل چىقارغىلى بولمايدىغان شارائىتتا يولداش ۋاڭ جېن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىلگىرىكىدىن ئۇرۇش جەريانىدا توپلانغان مەبلەغلىرىنى، يەنە چىڭخەي ئازاد بولغاندا ما بۇفاڭدىن مۇسادىرە قىلىپ ئېلىنغان نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى مۇشۇ قۇرۇلۇشلارغا ئىشلەتتى. يولداش ۋاڭ جېن بىر ياقتىن پارتىيە، ھەربىي، مەمۇرىي خىزمەتلەرگە ناھايىتى ئالدىراشلىق بىلەن باشچىلىق قىلغان بولسا، يەنە بىر ياقتىن مۇشۇ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشىدىن باشقا مۇشۇ بىر قانچە زاۋۇتلارنى ئۆزى بىۋاستە تۇتۇپ ئېلىپ باردى. مەن يولداش ۋاڭ جېن بىلەن مۇشۇ زاۋۇت ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇۋاتقان ۋاقتىدا بىر نەچچە قېتىم بىلە بولغان ئىدىم. بىر قېتىم شىمىگو «1 ـ ئىيۇل» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلۇشىغا چىققاندا مەن جەڭچى، ئوفىتـ

www.uyghurkitap.com

سېرلارنىڭ خېلى چارچاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن يولداش ۋاڭ جېنغا، جەڭچى، ئوفىتسېرلار ئۇزاق ئۇرۇش جەريانىدا چارچىدى، ھازىر بىر مەزگىل دەم ئالسا ياخشى بولاتتى، بۇ قۇرۇلۇشنى قىلغاندىمۇ دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرسە ياخشى بولامدىكىن؟ دېگەن ئىدىم، يولداش ۋاڭ «جېن ھەربىي ئۇرۇش جەريانىدىكى قىيىنچىلىق جەڭچى، ئوفىتسېرلەرنى تاۋلىدى. ئەمدى دەم ئالماي تۇرۇپ شىنجاڭ خەلقىگە خىزمەت قىلىشى بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى، بۇنى بوشاشتۇرغىلى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى، ئۇلار ھەقىقەتەن جاپالىق ئىشلىدى. ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىككى زاۋۇت، ئاندىن كېيىن بىر مەكتەپ ئۇزاق ئۆتمەي مەيدانغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ بىرىنچى قەدەمدىكى سانائەت ئاساسىنى تىكلەپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، بىز 50 - يىلى موسكۋاغا بارغاندا جۇڭگو - سوۋېت توختامىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، مەن يولداش جۇ ئېنلەيگە ئېيتىپ، شىنجاڭدا بىر ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، بىر تىببىي ئىنستىتۇت قۇرۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلغاندا، جۇ زۇڭلىنىڭ ماقۇللىشى بىلەن ئەشۇ كېلىشىمگە كىرگۈزۈلگەن. 1950 - يىللار سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مۇتەخەسسىسلەر كېلىپ بۇ ئىككى قورۇلۇشنى باشلىۋەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ماشىنا رېمونت زاۋۇتى (كېيىن تراكتور زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى) ھەم تىببىي ئىنستىتۇت مەيدانغا كەلدى. ماشىنا زاۋۇتى، ماشىنا ترانسپورت ئىشلىرىنى يولغا سېلىشتا خېلى ئوبدان رول ئوينىدى. تىببىي ئىنستىتۇت شىنجاڭنىڭ تارىخىدا بىرىنچى قېتىم بولغان تىببىي ساھەدىكى بىر ئالىي مەكتەپ بولۇپ قالدى. ھازىرغىچە بۇ ئىنستىتۇتتا نۇرغۇنلىغان خادىملار، دوختۇرلار تەربىيىلەپ چىقىلدى.

شىنجاڭدا ئىككى شىركەت — بىرى جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى، يەنە بىرسى جۇڭگو - سوۋېت مېتال شىركىتى قۇرۇلدى. بۇ ئىككى شىركەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەبلەغ سېلىشى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەستىن مايتاغدىكى نېفىت كارخانىسىنى ھەم ئالتاي رايونىدىكى كۆكتوقاي مېتال قېزىش كارخانىسىنى قۇرۇپ باشلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ مۇشۇ بىر ئىككى يىللىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭغا ئاۋۋال بىر قانچە سانائەت ئورنى ھەم ئىككى ئىنستىتۇت — يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى، تىببىي ئىنس-

تىتوت، ج م ب قاتار دېھقانچىلىق ئورۇنلىرى بارلىققا كەلدى.

بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلار سانائەت قۇرۇلۇشلىرى، زاۋۇت ھەم ئەشۇ ئىككى مەكتەپ شىنجاڭنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا خېلى ئوبدان ئاساس سېلىپ بەردى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان بوز يەر ئېچىش بىڭتۇەننىڭ تەرەققىياتى ھەم ئەشۇ بىر نەچچە زاۋۇت ھەم مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرىدا يولداش ۋاڭ جېننىڭ كۆرسەتكەن قىزغىنلىقى ناھايىتى چوڭ بولدى. ھازىر شۇ ئاساستا تەرەققىي قىلىپ ئۆسكەن ئەشۇ سانائەت كارخانىلىرى ھەم مەكتەپلەرنىڭ ئۆتۈغىنى ئويلىغاندا ئەلۋەتتە يولداش ۋاڭ جېننىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى بىلەن كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ھەم تۆھپىسىنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق كېرەك.

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب  مۇھىم تەجرىبىلەر ھەم ئاچچىق ساۋاقلار

مۇشۇنداق بەزىدە ئالدىراشچىلىق بىلەن ئېلىپ بارغان خىزمەتلەر نەتىجىسىدە بىر نەچچە يىل ئىچىدە چوڭ ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۈرەشچانلىقى، پۈتۈن خەلق ئاممىسىنىڭ زور تىرىشىشى بولمىغاندا بۇنداق نەتىجىلەر قولغا كەلمىگەن بولاتتى. مانا مۇشۇنداق چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ناھايىتى چوڭ قىزغىنلىق بىلەن ئالغا بېسىۋاتقان بىر پەيتتە، خىزمەتتە بىر قانچە كەمچىلىكلەر ھەتتا خاتالىقلار يۈز بەردى. مۇشۇنداق كەمچىلىك، خاتالىقلار بولمىغان بولسا، ئەشۇ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا بېسىش سۈرئىتى تېز تېخىمۇ غەلىبىلىك بولغان بولاتتى، بۇ بىر ئەپسۇسلىنىدىغان بىر ئىش بولدى.

ئاساسىي تەجرىبە ۋە ساۋاقلار:

1. دىنىي مەسىلىدىكى خاتالىقلار

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىش، شۇنىڭ نەتىجىسىدە ئاممىنىڭ بولۇپمۇ دىنىي زاتلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، مەن 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا موسكۋادىن ئالمۇتاغا كەلگەندە ئالماتادا «قەشقەر گېزىتى»نىڭ بىر نۇسخىسىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدا يولداش ۋاڭ جېنىنىڭ قەشقەردە خەلق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى بار ئىكەن. شۇ سۆزىدە دىن توغرىسىدا سۆزلەپ بىر قانچە دىنىي سىياسەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەرنى قىپتۇ. يولداش ۋاڭ جېنىنىڭ دىنىي مەسىلىدە ئەشۇنداق ئالدىراپ قالغانلىقىنىمۇ مەن ئىلگىرى سەزگەن. بۇ ئادەم قانداقتۇر دىنىي مەسىلىنى بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنى چوڭ كاشىلا، قانداق قىلىپ بۇ مەسىلىنى تېزراق ھەل قىلىش كېرەك؟!... دەپ ئويلايتتى. مەن بۇ گېزىتنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ياخشى بولماپتۇ... مەن ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ئۈرۈمچىدە يولداش ۋاڭ جېن باشلىق مەسئۇل كادىرلار ئايرودرومغا چىقىپتىكەن،

مەن ئايروپىلاندىن چۈشكەندە جىق ئادەملەر كېلىپ كۆرۈشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، يولداش ۋاڭ جېن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن كۆرۈشمەي، مېنى قولتۇقلاپ ئايروپىلاننىڭ ئاستىغا ئېلىپ كەتتى. قارىسام بۇ ئادەمدە بىر ئاز جىددىيلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ھەيران قالدىم، كېيىن يولداش ۋاڭ جېن مەندىن «مېنىڭ قەشقەردە سۆزلىگەن سۆزۈمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ھە، ئاڭلىدىم، ئالماتادا سىزنىڭ سۆزىڭىزنى گېزىتتىن كۆردۈم» دېدىم. يولداش ۋاڭ جېن: «مېنىڭ سۆزۈمدە خاتالىق بارمىكەن؟» دەپ سورىدى. مەن: «خاتالىق بار، خاتا قىلىپسىز، دىنىي مەسىلىدە مۇنداق ئالدىراپ سۆزلەش كېرەك ئەمەس ئىدى» دېگەن ئىدىم، يولداش ۋاڭ جېن «مەن دىنىي مەسىلىدە بىر زەمبىرەك ئېتىپ باققان ئىدىم» دېدى، مەن دەرھال «بۇ زەمبىرەكنى چاغلىماس ئاتقانسىز. بىرىنچىدىن مەسىلىگە مۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا بولمايتتى. بۇ بىر ھەم مۇھىم ھەم نازۇك مەسىلە ئىدى، جۇڭگونىڭ دىنىي سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك ئىدى» دېدىم. يولداش ۋاڭ جېن بىر ئاز ئويلىنىپ قالدى — دە، كېيىن گەپ قىلماستىن مېنى باشلاپ باشلىقلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇق. يولداش ۋاڭ جېن ئۆيگە كەتتى. كېلىپلا يەنە دىنىي مەسىلە، ئەشۇ قەشقەردە سۆزلىگەن سۆز توغرىسىدا گەپ ئاچتى. مەن شۇ ۋاقىتتا، ئىلگىرى يولداش ۋاڭ جېن بىلەن ھەم باشقا خەنزۇ يولداشلار بىلەن بۇ مەسىلە توغرىسىدا، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى قانداق ئىجرا قىلىش توغرىسىدا كەڭ، چوڭقۇر سۆھبەتلەشمىگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. بۇ مەسىلىگە دىنىي سىياسەت توغرىسىدا بىز بىر قانچە پرىنسىپقا كېلىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن كېيىن مىللىي سىياسەتتىكى خاتالىقلار بىر ئاز تۈزۈتۈلۈپ دىنىي سىياسەت توغرا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە غۇلجىدا، ئۈرۈمچىدە، قەشقەردە دىنىي سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىش، بەزى ئاخۇنلارنى قولغا ئېلىش، دىنىي چەكلەش قاتارلىق خاتالىقلار يۈز بەردى. بۇ خاتالىقلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەمدى پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىنى چۈشىنىپ، پارتىيە ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ئىلگىرىلەۋاتقان خەلق ئاممىسى، دىنىي زاتلار قاتتىق نارازىلىقلار پەيدا بولدى، مۇشۇ ۋاقىتتا —

www.uyghurkitap.com

1950 - يىلى 5 - ئايدا يولداش پېڭ دېخۇەي شىنجاڭغا يېتىپ كەلدى. ئۇ كىشى دىنىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش بويىچە جۇڭگىياڭنىڭ يوليورۇقى بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇرۇن فېنجۇ (شۆبە پارتىيە كومىتېتى) نىڭ چاڭجۈيىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىندى، مۇزاكىرە نەتىجىسىدە دىنىي سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىنغانلىقى، قامالغان ئادەملەرنى قويۇۋېتىش، بۇندىن كېيىن پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىر نەچچە ماددىلىق قارار قوبۇل قىلىندى. يولداش پېڭ دېخۇەي ئۇ مەجلىستە ياخشى يوليورۇق بەردى، يولداش ۋاڭ جېن باشلىق خەنزۇ كادىرلارغان، كونا كادىرلاغا خېلى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. شۇنىڭ بىلەن دىنىي خىزمەتتىكى خاتالىقلار تۈزىتىلدى، بۇ ياخشى ئىش ئىدى.

2. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى خاتالىقلار

مەن موسكۋادا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق (1 - ئايدىن 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە) تۇرۇپ قالدىم، شۇ ۋاقىتلاردا فېنجۇ ئىلىغا بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەن ئىكەن. شۇ گۇرۇپپا غۇلجىدا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن، سىنىپىي كۆرەش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ خېلى ئوبدان ئىشلارنى قىپتۇ. لېكىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي توغرىسىدا، جۈملىدىن يەنە دىنىي سىياسەت، ئاندىن كېيىن بىرلىكسەپ سىياسىتىگە خىلاپ بىرمۇنچە خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ غۇلجا ئايرودرومىغا كەلگەندە غۇلجىنىڭ ۋالىسى يەنە بىر مۇنچە مىللىي كادىرلارمۇ چىقىپتىكەن، ئۇلار مەن بىلەن قول ئېلىشقاندا، قانداقتۇر بىر جىددىيلىك سېزىلدى، بەزى كادىرلارنىڭ كۆزىگە ياش ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. كېيىن شەھەرگە كىرىپ بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن مىللىي مەسئۇل كادىرلار مەن تۇرغان يەرگە كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتتى، ئەھۋال ھەقىقەتەن ناھايىتى جىددىي بولغانلىقىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ھەيران قالدىم، ئاساسىي مەسىلە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلىش، ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئەكسىيەتچىلىك ۋە تەتۈر ئىنقىلاب دېگەن دەرىجىگە ئېلىپ بېرىش خاتالىقى بوپتۇ. بۇ مەسىلىدە ئەشۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ

مەسئۇللىرى شۇنداق دەپ رەسمىي مەجلىستە ئوتتۇرىغا قويمىغان بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ھەر يەردە قىلغان سۆزلىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلىدىغان ھەتتا ئەيىپلەيدىغان ناھايىتى ئېغىر سۆزلەرنى قىپتۇ. بۇ ھەقتىكى ئاساسىي گەپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي خەنزۇلارنى ئۆلتۈرگەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ۋاقتىدا ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيى خەنزۇلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان، ئىلى دەرياسى خەنزۇلارنىڭ سۆڭىكى بىلەن توسۇلغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنقىلاب دېگىلى بولمايدۇ، ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئەكسىيەتچى بەلكى تەتۈر ئىنقىلاب ۋە باشقىلار... دېگەن سۆزلەر بوپتۇ. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كادىرلار مەجلىسىدە، ھەتتا ئامما ئارىلاشقان، بىرلىكسەپ ساھەسىدىكىلەر ئارىلاشقان خىزمەت مەجلىسلىرىدىمۇ بۇ سۆزلەرنى قىلىۋېرىپتۇ. مەن بۇنىڭغا ھەيران قېلىپ مۇشۇنچىلىك بولارمۇ دەپ ئىشەنمىدىم، كېيىن ئۇ يولداشلارغا ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى ئېيتىپ خاپا بولماڭلار، بۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىق بولغان بولۇشى مۇمكىن، مەن خەنزۇ مەسئۇل كادىرلار بىلەن سۆزلىشەي، دەپ ئۇلارغا كۆڭۈل قويۇپ، ھەم باشقا كادىرلارغا نەسىھەت قىلىش، ئازار چەكمەسلىك، مەسىلىنىڭ تۈزىتىلىشىنى كۈتۈش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشنى تاپشۇرۇپ قايتۇردۇم.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەتىگەنلىك تاماق يەپ بولمىغان ئىدىم، مەن تۇرغان قورۇغا ئاۋۋال كادىرلار، ئاندىن كېيىن ئامما بولۇپ ئادەملەر توپلۇشۇشقا باشلىدى. كېيىن مەن چىقىپ كۆرۈشتۈم، بارغانچە ئادەم يىغىلىۋەردى، قارىسام كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى جىددىي، مەن چىقىپ كادىرلار، ئامما بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالدىن قارىغاندا گېپىڭلار باردەك تۇرىدۇ، كەلگەندىكىن گەپ بولسا قىلايلى، — دېدىم. ئاۋۋال غۇلجا شەھىرىدىكى ئاتاغلىق ئۈچ ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسەتكەن بىر دىنىي زات سۆز قىلدى. ئۇ ئادەمنىڭ سۆزىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، يېڭى كەلگەن خەنزۇ كادىرلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلىۋەتكەنلىكى، بايا يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن «خەنزۇ كادىرلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئىلى دەرياسى قانغا بويالدى، سۆڭەك بىلەن توشۇپ كەتتى» دېگەنگە ئوخشىغان... گەپلەر، شۇنىڭ

بىلەن بىللە دىنىي جەھەتتىكى بىر مۇنچە قوپال يەنى دىنىي سىياسەت-
كە خىلاپ ئەھۋاللار، بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ئورۇنسىز قامالغانلىقى
توغرىسىدا... سۆزلەۋېتىپ ئۇ ئادەم يىغلاپ كەتتى. مۇشۇ ۋاقىتتا ھوي-
لىدا تۇرغان كادىرلار ئاممىنىڭ كەيپىياتى جىددىي بولدى. ئاندىن بۇ-
قۇلداپ يىغلىغانلارمۇ كۆرۈلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆزۈممۇ بىر ئاز
ئالدىراپ قالدىم. كېيىن مەن: ئەگەر سىلەر ئېيتقاندەك بولسا بۇ
ئىشلار خاتا بوپتۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرا ئىنقىلابىي ھەرىكەت.
ماۋ زېدۇڭ «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي جۇڭگو خەلق دېموكراتىك ئىنقىلا-
بىنىڭ بىر قىسمى» دېگەن ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىغا بەرگەن بۇ توغرا باھاسىنى ھېچ كىم ئىنكار قىلىۋېتەلمەي-
دۇ. بەزى ئادەملەر ئۇقۇشماي گەپ قىلغان بولسا ئۇنى تۈزىتىش مۇمە-
كىن، سىلەر بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار، كادىرلار-
غىمۇ، ئاممىغىمۇ، دىنىي زاتلارغىمۇ چۈشەندۈرۈڭلار، خاتىرجەم بو-
لۇڭلار. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن مەسئۇل كادىرلار، بۇ يەردىكى پارتىيە،
ھۆكۈمەت ساھەسىدىكى مەسئۇل كادىرلار بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىمىز، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار... دېگەن ئى-
دىم، كىشىلەر كەيپىياتىدا بىر ئاز پەسىيىش ئەھۋالى پەيدا بولدى. كې-
يىن مەن يەنە: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، بۇ
ئىنقىلاب. ئەمما ھازىر ئالدىمىزدا يەنە بىر ئىنقىلاب تۇرىدۇ، بۇ ئىن-
قىلاب يەر ئىنقىلابى، كونا فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلاب. بۇ
ئىنقىلاب كۆپچىلىك خەلق ئاممىسىنىڭ بولۇپمۇ ئېزىلگەن كەمبەغەل،
يالالنما دېھقانلارنىڭ ئارزۇسى، بۇ ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىش كېرەك،
بۇ مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغان قەتئىي سىنىپىي كۈرەش بولىدۇ، بۇنى
قىلماي بولمايدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلغىنى
يوق، ئۇ ۋاقىتتا بۇ ۋەزىپىنىمۇ قويالمايتتى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى
پەقەت گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى. مىللىي ئازادلىق،
ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. بۇندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان
ئىنقىلاب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭمۇ داۋامى. بۇنى كادىرلارغا، ئاممىغا
چۈشەندۈرۈڭلار، كادىرلار، ئاخۇنۇملار توغرا تونۇشتا تۇرۇپ مۇشۇ ئىن-
قىلابنى قوللاش كېرەك. بۇ يېڭى ئىنقىلابقا قارشىلىق بولۇپ قالسا بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياخشى بولمايدۇ، بۇ مېنىڭ كۆپچىلىككە قويىدىغان بىر تەلىپىم ۋە ئۈ-
مىدىم، دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلدىم.

كىشىلەر كۆڭلى بېسىلغاندەك بولۇپ قايتتى. لېكىن ماۋۇ يېڭى
ئىنقىلابنىڭ بولۇشىدىن ئۇلاردا، بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقىدە، ئاخۇ-
نۇملاردا باشقا خىل ئەندىشىمۇ بولغانلىقى تۇرغان گەپ. ئۇ ۋاقىتتا ئە-
شۇ تەشۋىش، ئەندىشىلەرنى بىر ئۇچۇرشىشتىنلا تۈگىتىپ كېتىش
تەس بولاتتى. كېيىن ئاڭلىسام ھەقىقەتەن ناھايىتى خاتا سۆز، ھەرىكەت-
لەر بولغان ئىكەن، ئىلىغا بارغان گۇرۇپپىسى پارتىيە سىياسىتىنى
تەشۋىق قىلىش، مىللىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، شۇنىڭ بىلەن
بىللە سىنىپىي كۈرەشنى تەشۋىق قىلىش ۋە خەلق ئاممىسىنى تەربى-
يىلەش، قوزغاش ھەم تەشكىللەشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى باشلىۋەت-
كەن. بۇ ۋەزىپە شۇ ۋاقىتتا ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە يەر
ئىنقىلابىغا تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. پۈتۈن شىنجاڭدا مۇ-
شۇنداق تەشۋىقى ھەرىكەت باشلانغان. ئەمما ئىلى خىزمەت گۇرۇپپىسى
شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋال بىلەن ھېسابلاشماي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتماي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ماھىيىتى ۋە
ماۋ جۇشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بەرگەن باھاسىنى ئېتىبارغا
ئالماي، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ناھايىتى ئېغىر خاتا سۆز،
ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى يامان بوپتۇ،
كادىرلارنىڭ مەن موسكۋادىن كەلگەندە ئايرودرومدا قول ئېلىشىپ
كۆزلىرىگە ياش ئالغانلىرى، بىر مۇنچە ئاما كېلىپ، ماڭا ئەھۋال يىغ-
لىشى بۇ تاسادىپىي ئەمەس ئىكەن.

بۇ ئەھۋاللارنى تولۇق ئىگىلىگەندىن كېيىن، شۇ ۋاقىتتا غۇلجىغا
كەلگەن شىنجاڭ فېنجۈنىڭ ئىككىنچى شۇجىسى يولداش شۈي لىچىڭ،
شىنجاڭ فېنجۇ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دېڭ لىچۈن ھەم خىزمەت
گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يولداش ما خەنبىڭلارنى چاقىرىپ بۇ مەسىلە-
لەر توغرىسىدا ئالاھىدە سۆزلەشتىم. مەن بۇ ئىشلارنىڭ ئېغىر خاتا
ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا ئېيتىپ يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈردۈم.

مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلىش ياكى ئۇنى ئەكسى-
يەتچى ھەرىكەت ھەتتا ئېغىزدا ئۇنداق ئېيتمىسىمۇ تەتۈر ئىنقىلابنى

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەت دەرىجىسىگە ئېلىپ بارغانلىقى ئېغىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى
چۈشەندۇردۇم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي خەنزۇ خەلقنى ئۆلتۈرگەن، بە-
گۇنا خەنزۇ خەلقنى قىرغان، ئۇنى ئىنقىلاب دېگىلى بولمايدۇ، دېيىش
توغرا ئەمەس. ئىنقىلابىي ھەرىكەتتە ئادەم ئۆلۈش بولۇپ تۇرىدۇ. قەس-
تەن خەنزۇلارنى ئۆلتۈرگەن دېسە، ئەمەلىيەت ئەمەس. ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابىغا قاتناشقان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا بىرلىكسەپ ساھەسىدە
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھەمكارلىشىپ، ئاۋاز قوشقان ھەتتا ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابىدا خېلى چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن بىر مۇنچە ئادەملەر — بۇ-
نىڭ ئىچىدە غۇلجىدىكى چوڭ ئىشان مۇتالە خەلپىتىم باشلاپ بىر
مۇنچە دىنىي زاتلار يەنە بىر مۇنچە سودا بۇرژۇئازلىرىنىڭ ئىچىدىكى
ئىلغار زاتلار ھەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئەمەلىي قاتنىشىپ خىزمەت
كۆرسەتكەن بەزى ياخشى كادىرلاردىن بىر مۇنچىسى قولغا ئېلىنغان. بۇ
خاتا قىلمىشلار ئىلى خەلقى — غۇلجا خەلقىگە ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق
ئەندىشە پەيدا قىلغان. بۇنىڭدا بىر نەرسىنى تەكىتلەش كېرەك. مەيلى
خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئادەملەر بولسۇن، مەيلى شۇ ۋاقىتتىكى دى-
ۋىي شۇجىلىرى بولسۇن بۇلار مىللىي سىياسەتنى بىلمەيدۇ، ئەمەلىي
ئەھۋالنى ئۇقمايدۇ، بۇلار ياخشى ئويلىماي گەپ قىلىۋاتىدۇ دېگەندىمۇ،
يەنە بىر قىسىم ئاتالمىش «ئاكتىپ» مىللىي كادىرلار بۇ سۆز، ھەرى-
كەتتە، ئادەم قاماشتا خېلى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ رول ئوينىغان. بۇ
ئادەملەر راست چۈشەنمەستىن كۆڭلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى
ئىنكار قىلماقچىمۇ، ياكى ئىنكار قىلىشقا قوشۇلماقچىمۇ، يا بولمىسا
خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئالدىدا ياخشىچاق بولۇۋېلىپ، دۇمباقچىلىق قىلىپ
ئۆزىنىڭ ئورنىنى، مەنسىپىنى كۆتۈرمەكچىمۇ؟ بۇ مەسىلە ناھايىتى
ئوچۇق: بىرىنچىسى ، ئەمەس، ئىككىنچىسى. مەن مەسئۇل يولداشلار
بىلەن خېلى چوڭقۇر سۆزلەشكەندىن كېيىن ئۇلارمۇ بۇ ئىشلارنىڭ خاتا
بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بولۇپمۇ يولداش شۈي لىچىڭ خىزمەت
گۇرۇپپىسىنى، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ما خەنبىڭنى قات-
تىق تەنقىد قىلدى ۋە بۇ خىل خاتا سۆز، ھەرىكەتلەرنى تېزدىن توختى-
تىشنى تاپشۇردى. مەنمۇ ئىلىدىكى مىللىي كادىرلارغا بۇ ئەھۋالنى
چۈشەندۇردۇم، ئۇلارنى خاتىرجەم بولۇپ يەنىلا ياخشى، ئاكتىپلىق بە-

لەن پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىش قىلىشلىرى توغرىسىدا ئۆز پىكرىمنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئىلىنىڭ ئەھۋالىدا خېلى يېڭى كەيپىيات، ئۇمىتۋار كەيپىياتى پەيدا بولدى. ئەمما كىشىلەردە تېخى بۇ ئەندىشە يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى يوققا چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلار ھەممىسى تەتۈر ئىنقىلابچى بولىدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن ئەشۇ ئەندىشە تولۇق تۈگەپ كەتمىدى.

لېكىن، بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى بۇ خاتا سۆز، ھەرىكەتلەر توختاپ قالمىدى. يەنە داۋام قىلدى. بىرسى ئادەم قاماش، بىرسى بەزى ئادەملەرنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان مەسئۇل كادىرلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئېتىپ تاشلاش. بۇ يەردە ناھايىتى ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا خىزمەت كۆرسەتكەن ئىككى پولكوۋنىك ئېتىپ تاشلاندى. بۇنىڭ بىرى — تېكەس پولكىنىڭ كوماندىرى يولداش قۇربانجان. بۇ ئادەم ئۆزى ئوتتۇرا چارۋىدار ئادەم ئىدى، ئەمما خەلق بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى، ئۆزىنىڭ خېلى ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم تېكەس ھەم موڭغۇلكۈرە دائىرىسىدە چارۋىچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن موڭغۇل خەلقىنىڭ خېلى ھىمايىسىگە ئىگە بولغان ئادەم ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئويلىشىپ مۇشۇ ئادەم باشچىلىقىدا بىر موڭغۇل پوكى قۇرۇلغان ئىدى. بۇ پولكىنىڭ قۇربانجان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جەريانىدا، ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىش خىزمىتىدە خېلى چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن، بۇ ئادەمنى ئېتىش. مەن يۇقىرىدا دېگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى خاتا تەشۋىقاتلار قىلىنغان ۋاقىتتا، (بۇ ئىش مەن موسكۋادىكى ۋاقىتتا بولغان.) ئۇنىڭ گۇنايى چوڭ چارۋىدار ئىكەن، چوڭ ئېكسپىلاتاتسىيىچى ئىكەن، ئۇ خەلقنى ئەزگەن يامان ئادەم ئىمىش. يەنە بىرسى — ئابدۇغوپۇر سابىر ھاجىيوۋ. بۇ ئادەم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك بىر مۇھىم كادىرى ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا خېلى ياخشى خىزمەت كۆرسەتكەن ئاتاغلىق كوماندىرلارنىڭ بىرسى ئىدى. بۇ ئادەمنى ئىلىدا چوڭ كۆمۈر خاڭنىڭ باشلىقى، بۇ شۇ كۆمۈرخاڭدا نۇرغۇن ئىشچىلارنى ئىشلىتىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، يەنە نۇرغۇن كۆمۈركان ئىشچىلىرىنى ئۆلتۈرگەن، دېگەن، گۇنا بىلەن ئۆلتۈرگەن.

www.uyghurkitap.com

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئىككى پولكوۋنىك دەرىجىلىك ھەربىي كا-
دىرىنى مۇنداق قارىسىغىلا ئېتىپ تاشلاش ئادەتتىكى مەسىلە ئەمەس
ئىدى. بۇ ئىشنىڭ يامان تەسىرى، يامان ئاقىۋىتى كېيىن ئۇزاققىچە
داۋام قىلدى. مەن مۇنداق بىر نەرسىنى زادى ئېسىمدىن چىقىرالماي-
مەن، مەن موسكۋادىن قايتقاندا قۇربانجان پولكوۋنىكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
ئائىلىسىنى يوقلىدىم. خوتۇنى، بالىلىرى، ئەۋلادلىرىنىڭ مېنى قۇ-
چاقلاپ ھۆڭرەپ يىغلىغىنىدا، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي شۇلار بىلەن
تەڭ يىغلىدىم. مەن ئەپسۇس قىلدىم ئىلاجىم يوق. مەن ئۇلاردىن ئەپۇ
سورىمىدىم، مەن بۇ ئادەمنى قوغداپ قالالمىدىم دەپ كۆڭلۈمدە مەيۈس-
لەندىم.

2. غېنى باتۇر بىلەن فاتىخ باتۇرنى قاماش مەسىلىسى، بۇ، ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ھۇجۇم
قىلىشتىكى يەنە بىر ئېغىر مەسىلە بولدى. بۇ 1951 ـ يىلقى ئىش،
شۇ ۋاقىتدا خەلق ۋەكىللەر مەجلىسى دەپ بىر مەجلىس ئېچىلغان. بۇ
مەجلىسكە ئاساسەن قاتناشقان ئادەملەرگە تەربىيە بېرىش، يامان ئادەم-
لەرنى پاش قىلىش بولدى. بۇ پرىنسىپتا خاتا ئەمەس، لېكىن يەنە تې-
غىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي كادىرلىرىغا، ئاساسەن غېنى باتۇر بە-
لەن فاتىخ باتۇرغا قارىتىلدى. مەجلىس جىددىي بولدى، مەن غېنى بە-
لەن فاتىخقا تەربىيە بەردۇق. سىلەر كەمچىلىك، خاتالىقىڭلار بار، ئۇنى
تەكشۈرۈڭلار، مۇشۇ مەجلىستە بىر تەكشۈرۈش... قىلىڭلار، شۇنداق
بولغاندا قالغان مەسىلە كېيىن ئاستا ـ ئاستا ھەل بولىدۇ دېدۇق.
ئۇلارغا: «سىلەر چوڭ ئىش قىلغان ئادەملەر! لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن
تېخىمۇ چوڭ ئىش قىلىشىڭلار كېرەك، بۇ سىنىپىي كۈرەش دېيىلىدۇ.
مانا بۇ تېخىمۇ چوڭقۇر ئىنقىلاب...» دەپ تەربىيە بەرگەندىن كېيىن
ئۇلار قوبۇل قىلىپ شۇ مەجلىستە ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈشكە چىققان
ئىدى، يەنە شۇ ئاتالمىش ئاكتىپلارنىڭ ۋارقىرىشى ـ جاقىرىشى بىلەن
بۇلارغا سۆزلەشكە قويۇلمىدى. ئەتىسىمۇ مەن فېنجۇگە كەلسەم كەيپە-
يات بىر ئاز جىددىي، يولداش ۋاڭ جېن ماڭا: «غېنى مەجلىسكە بۇز-
غۇنچىلىق قىلغىنى ئۈچۈن فاتىخنى ئىككىيلەننى قاماشقا توغرا كەل-
دى» دېدى. مەن چۆچۈپ خاپا بولدۇم. ئىشخانامغا كىرىپ كارۋاتتا ياتـ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىم... كېيىن ئاڭلىسام ئۇلارنى ئوتتۇرا سوتتا بىر ئۆيگە قاماپ، نازا-
رەت ئاستىغا ئېلىپ قويۇپتىمىش، ئەمەلىيەتتە قاماق قويغان... كې-
يىن، گېزىتلەردە ھەدەپلا غېنى، فاتىخ توغرىسىدا چوڭ داغدۇغىلىق ئا-
تالمىش پاش قىلىش باشلاندى. ئاخىرى جۇڭگىياڭغا مۇنداق بىر خەت ياز-
ماقچى بولدۇم: «شىنجاڭدا مەسىلىلەر بارغانچە ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. بۇنىڭ
ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىي كادىرلىرىنى قاماش، ھەتتا پولك دەرىجىلىك كادىرلىرىغا ئۆلۈم
جازاسى بېرىش، بولۇپمۇ خەلق ھۆرمەتلەيدىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي
باتۇرلىرى دەپ ھېسابلانغان غېنى بىلەن فاتىخ قولغا ئېلىندى، مۇ-
شۇنداق شارائىتتا مەن شىنجاڭدا خىزمەت قىلىپ تۇرۇشنى مۇۋاپىق
ئەمەس دەپ ھېسابلىدىم. جۇڭگىياڭغا ئىككى تەكلىپىم بىرسى ـــ مەن
پۈتۈن خىزمەتلەردىن ئىستېپا سورايمەن. ئىككىنچىسى، ئەگەردە بۇ-
نىڭغا جۇڭگىياڭ قوشۇلمىسا مەن بېيجىڭگە بېرىپ شۇ يەردە ئىشلىسەم».
خەتنى تېخى ئەۋەتمىگەنىدىم، فېنجو چاڭۋى يىغىنى ئېچىپ، غېنى بە-
لەن فاتىخنى قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇل-
دى. باشقىلار گەپ قىلمىدى. مەندىن سوئال سورىدى. مەن «ئېتىش
كېرەك» دېدىم. ھەممىسى چۆچۈدى. «ئەلۋەتتە ئېتىش كېرەك» ـ دېدىم
مەن، ـــ «ئۇلارنى گېزىتتە تەتۈر ئىنقىلابچى دەپ داغدۇغىلىق تەشۋىق
قىلىشنىڭ ئۆزى ئېتىشقا زېمىن تەييارلاشتىن ئىبارەت بولدى. ئەمدى
يا غېنى بىلەن فاتىخنى ئېتىش كېرەك، يا بولمىسا مۇشۇ قىلىنغان
چارىلارنىڭ ھەممىسى خاتا، دەپ خەلقتىن ئەپۇ سوراش كېرەك. مۇشۇ
ئىككىسىنىڭ بىرى. بۇنى قىلماستىن ھازىر خەلقنى ئالدىغىلى بولماي-
دۇ» دېدىم. ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن يولداش ۋاڭ جېن: «بۇ ئىش ئەمدى
شۇنداق بولدى، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا ئۆزىڭىزنىڭ
ئوچۇق پىكرىڭىزنى بېرىڭ» دېدى. مەن پىكرىم شۇ ـــ يا ئېتىش
كېرەك، يا خەلق ئالدىدا خاتالىقنى تۈزىتىش كېرەك دېدىم ـ دە، مەج-
لىستىن چىقىپ ئۆيگە كەتتىم.

جىق ئۆيلاپ، ماۋ جۇشىغا تېلېفون بېرىپلا مەن بېيجىڭگە باراي
دېگەن پىكىرگىمۇ كەلدىم. بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن فېن-
جۇنىڭ چاڭۋېيلار يىغىنى بولىدۇ، دەپ تېلېفون كەلدى. مەجلىسكە بار-

www.uyghurkitap.com

دىم. مەجلىستە جۇڭگىياڭنىڭ يولىيورۇقى دەپ مۇنداق بىر نەرسىنى يەتـ-
كۈزدى. «غېنى بىلەن فاتىخنى شىنجاڭغا ئەۋەتىڭلار، شىنجاڭدا ئۇلار دەم
ئالسۇن، دەم ئالغاندىن كېيىن ئاندىن مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىنى
ساياھەت قىلسۇن، بېيجىڭغا كەلسۇن، ئاندىن كېيىن كۆرەرمىز...»
دېگەندەك مەزمۇن ئىكەن. مەندىن پىكىر سورىدى. مەن ھېچ قانداق ئا-
مال قىلىدىغان گەپ يوق، مەن «جۇڭگىياڭنىڭ يولىيورۇقىنى ئىجرا قىـ-
لىش كېرەك» دېدىم. بۇ بولسا، شۇ مەزگىلدە سادىر بولغان ئېغىر خا-
تالىقلار يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا شۇ ۋاقىتتا تۇتقان پوزىتسىيە-
سىنىڭ خاتالىقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلىش خاتالىقى
شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەسىلىسىلا بولماستىن، پار-
تىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە ھەم ماۋجۇشىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىغا بەرگەن باھاسىغا خىلاپ ئېغىر خاتالىقلار بولغانلىقى ناھايىتى
ئاچچىق بىر ساۋاق.

يەنە بىرى دىنىي مەسىلىلەردىكى خاتالىق. دىنىي مەسىلىلەردىكى
خاتالىقمۇ 1950 ـ يىلى يۈز بېرىشكە باشلىدى. مەن 4 ـ ئايدا
موسكۋادىن قايتىپ ئالماتاغا كەلگەندە، ئالماتادا بىر ئادەم ماڭا قەشقەر
گېزىتىنى ئەكېلىپ: «گېزىتنى كۆردىڭىزمۇ؟» دېدى. مەن ئېلىپ ئو-
قۇپ باقسام، يولداش ۋاڭ جېننىڭ قەشقەردىكى بىر ئاممۇۋى يىغىندا
سۆزلىگەن سۆزىدە مۇشۇ دىن مەسىلىسى توغرىسىدا  ئېيتىلغان بىر
خاتا سۆزى بار ئىكەن، مەن بۇنى كۆرۈپ، بەك ھەيران قالدىم. بۇ سۆزدە
ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، پارتىيىنىڭ تەشۋىقاتى، بىرلىكسەپ بۇلارنى
سۆزلەپ كېلىپ ئاخىرى دىنىي مەسىلە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسە-
تى، دىنىي سىياسىتىگە خىلاپ گەپلەرنى قىپتۇ. ئاخىرى كېلىپ «سى-
لەر خۇدا دەيسىلەر، خۇدا ئاسماندىمىش، مەن خۇداغا ئىشەنمەيمەن، سى-
لەر ئەشۇ خۇداغا ئېيتىڭلار، مېنى خۇدا مۇشۇ يەردە قېنى بوغۇپ ئۆل-
تۈرۈپ باقسۇن...» دەپتۇ. مەن بۇ سۆزلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى چۆچۈپ
كەتتىم. ئەندىشە قىلدىم، كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئايروپىلاندىن
چۈشكەندە قارشى ئالغىلى خېلى يولداشلار چىققان ئىكەن، يولداشلار
ۋاڭ جېن باشقىلار كۆرۈشكىلى قويماي مېنىڭ قولۇمدىن ئېلىپلا ئاي-
روپىلاننىڭ ئاستىدىن نېرىراققا  ئېلىپ باردى، ئۇ «سىز مېنىڭ

قەشقەردە سۆزلىگەن سۆزۈمنى كۆردىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى، مەن «كۆردۇم» دېدىم. يولداش ۋاڭ جېن:«قانداقراق؟ مەن دىنىي مەسىلىسىدە بىر زەمبىرەك ئاتقان ئىدىم، توغرا بوپتۇمۇ ـ يوقمۇ؟» دېدى. مەن «توغرا بولماپتۇ، خاتا بوپتۇ. بۇ ئاتقان زەمبىرىكىڭىز پارتلىماپتۇ، بۇ ئىشنى ئويلىماي قىپسىز» دېدىم. ئۇ ئادەم ھودۇققاندەك ۋە خاپا بولغاندەك بولدى ـ دە، مېنى باشلاپ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ يېنىپ كەلدۇق. ئۈيگە قايتتۇق.

شۇ كۈنى كەچلىكى يولداش ۋاڭ جېن ئۈيگە كەپتۇ، ئەھۋالى جىددىي، كىرىپلا: «مېنىڭ خاتالىقىم ئېغىرمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن «خاتالىق ئېغىر، بۈگۈنكى كۈندە دىن بىلەن ئوينىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى، سىز جۇڭچۇەندە مەن بىلەن كۆرۈشكەندە دىنىي مەسىلىنى قانداق قىلىپ تېزراق ھەل قىلىش كېرەك، دېگەن، بىر تۈرلۈك ئالدىراقسانلىق بارلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن جۇڭچۇەندە سىزگە مىللىي مەسىلە توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى ئېيتقاندىن تاشقىرى، دىن ھەم دىنىنىڭ جەمئىيەتتىكى تۇتقان رولىنى، دىنگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە سىز بىلەن سۆزلەشكەن ئىدىم. سىز بەك ئېھتىياتسىزلىق قىپسىز، خاتا سۆزلەپسىز، ھېچ بولمىغاندا مېنى كۈتۈپ مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلسىڭىز بولغان ئىكەن،» ـ دېدىم.

يولداش ۋاڭ جېن ناھايىتى خىجىل بولدى، كۆڭلى يېرىم بولدى، قايتىپ كەتتى. مەن يولداش ۋاڭ جېننى ياخشى ئادەم دەپ قاراپ ئۇ ئادەمگە ناھايىتى سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن ئىدىم. نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئۇ ئادەمدە خاتالىقنىڭ بىخى كۆرۈلگەندە مەن دەرھال سۆزلىشىپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن مېنىڭ سۆزۈمگە ماقۇل دەيتتى. بۇ ئىشلار يەنە بىر قانچە ئىش مەن شىنجاڭدا ياكى ئۈرۈمچىدە يوق ۋاقىتتا بولۇپ قالدى. يولداش ۋاڭ جېن توغرىسىدا مۇشۇ ئەسىرىمنىڭ بېشىدا ئېيتتىم. مەن بېيجىڭدىن قايتىش ۋاقتىمدا ماۋ جۇشى «شىنجاڭدا ۋاڭ جېن دېگەن بىر يولداش بىلەن بىللە ئىشلەيسىز، بۇ ئادەم ياخشى ئادەم، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە، ئۇرۇشتا غەلىبە قازانمىغىچە توختىمايدىغان ئادەم، سىياسىي جەھەتتە بۇنداق قىلسا بولمايدۇ، سالماق بو-

لۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىشى كېرەك، ئۇ بىر ئاز ئالدىراپ كەتكەندە
سىز پېشىدىن بىر ئاز تارتىپ قويۇڭ، ئۆز - ئارا ھەمكارلىشىڭلار» دې-
گەن ئىدى. مەن جۇ چۇەندە يولداش ۋاڭ جېنغا يولداش پېڭ دېخۇەينىڭ
ئالدىدا ماۋ جۇشىنىڭ مۇشۇ يوليورۇقىنى ئۆز ئەينى بويىچە يەتكۈزگەن
ئىدىم. يەتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن يولداش پېڭ دېخۇەي: «ماۋ جۇشى-
نىڭ يوليورۇقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ (ۋاڭ جېنغا قارىتىپ) بۇنى ئەستە تۇ-
تۇش كېرەك، مانا يولداش سەيپىدىنگە ماۋ جۇشى ۋەزىپە تاپشۇرۇپتۇ»
دەپ قويدى. يولداش ۋاڭ جېن مەن ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقىغا تولۇق
ئەمەل قىلىمەن دېگەن ئىدى. ماۋ جۇشى بۇ ئادەمنىڭ ئەسلى ماھىيى-
تىنى ھەم خىزمەت تاكتىكىسى، خىزمەت ئۇسۇلىدا ئالدىراپ كېتىش
ئېھتىمالى بارلىقىنى ئالدىن - ئالا كۆرسەتكەن ئىدى، يۇقىرىدىكى بىر
نەچچە مەسىلىدىن باشقا مۇشۇ دىنىي مەسىلىدىلا مەن ۋاڭ جېننىڭ
مۇشۇنداق ئالدىراقسانلىق، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىگە
دىققەت قىلمايدىغان مۇشۇنداق مەسىلىلەر كۆرگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.
1950 - يىلى 5 - ئايدا يولداش پېڭ دېخۇەي تۇيۇقسىزلا ئۈرۈم-
چىگە كەلدى. (ئۇ ۋاقىتتا يولداش پېڭ دېخۇەي غەربىي شىمال ھەربىي،
مەمۇرىي ھەيئەتنىڭ رەئىسى ھەم غەربىي شىمال داڭۋېيىنىڭ شۇجى-
سى.) يولداش پېڭ دېخۇەي بۇ قېتىم جۇڭياڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن
يولداش ۋاڭ جېننىڭ دىنىي مەسىلىلەردىكى خاتالىقلىرىنى تەنقىد قى-
لىش ۋە تۈزىتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. فېنجۇ چاڭۋۇسى
مەجلىس ئاچتى، مەجلىستە يولداش پېڭ دېخۇەي جۇڭياڭنىڭ يوليورۇ-
قىنىڭ روھىنى ھەم ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يولداش ۋاڭ
جېننى قاتتىق پىپەن قىلدى. يولداش ۋاڭ جېن ئاۋۋال خاتالىقىنى بىر
ئاز ئىقرار قىلغاندەك بولسىمۇ، ئۆزىنى ئوبدان تەكشۈرمىدى. پېڭ دې-
خۇەي يولداش ناھايىتى قاتتىق خاپا بولۇپ «ماركسىزم دىنىنى ھاقارەت
قىلىپلا تۆت كۈندە يوقىتىش كېرەك دېگەن سۆزىنى ھېچ يەردە ئېيت-
مىغان» دەپ بىر ئاز كايىدى. شۇنىڭ بىلەن يولداش ۋاڭ جېن، خاتا
قىپتىمىز دەپ خاتالىقىنى ئىقرار قىلدى. يولداش پېڭ دېخۇەي مەج-
لىسنىڭ ئاخىرىدا مۇھىم يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن يولداش پېڭ
دېخۇەي يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا، مىللىي مەسىلىدە، بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدە، بۇندىن كېيىن مىللىي خىزمەتنى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ جۇڭگىياڭنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، دىنىي سىياسىتىنى قانداق ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ناھايىتى تەپسىلىي يوليورۇق بەردى، بۇ بىز ئۈچۈن بىر چوڭ ساۋاق بولدى. ياخشى ئىش يامان ئىشقا ئايلىنىدىكەن بۇمۇ ياخشى بولدى دېيىشتۇق.

ئۈچىنچىسى ئاتالمىش «چارۋىچىلىق رايون ئىسلاھاتى» قىلىش، بۇ ئىش مەن قەشقەردە ئاۋۋال يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىگە، كېيىن پاختەكلىكتە يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە ئىلىدا يۈز بەردى. خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باشلىق بولغان يولداش ما خەنبىڭ يېزىدا يەر ئىسلاھاتى قىلىپلا قالماستىن، چارۋىچىلىق رايونىدا چارۋىچىلىق ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىش پىكرىنى قويۇپتۇ، بۇنىڭغا فېنجۇ قانداق يوليورۇق بەردى، قانداق تەستىقلىدى بۇ ئىشنى مەن بىلمەيمەن، ھەر ھالدا فېنجۇ بولۇپمۇ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش دېڭ لىچۈن بۇنىڭغا رازىلىق بەرگەن ئىكەن، يولداش ۋاڭ جېنمۇ قوشۇلغان ئوخشايدۇ، كېيىن ئاڭلىسام چارۋىچىلىق رايونىدا چارۋا ماللارنى يايلاقلاردا 10 مىڭ، 100 مىڭلاپ يىغىپ باشقۇرۇش، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلاپ، مالنى كەمبەغەل چارۋىچىلار ئۆزى باشقۇرۇش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى چارۋىچى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بېرىش، بىر قىسمىنى دۆلەتكە ئېلىش — مانا بۇ چارۋا ئىسلاھاتى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىلىنىڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا چارۋا مال ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ مەن قەشقەردىن قايتتىم، يولداش ۋاڭ جېن، شۈي لىچىڭ، دېڭ لىچۈنلەر بىلەن سۆزلەشتىم. يولداش شۈي لىچىڭنىڭ پىكرى بار ئىكەن. باشقىلار ئاڭلىماپتۇ. يەر ئىسلاھاتى — بۇ يەر ئىنقىلابى، جۇڭگىياڭ ھېچ ۋاقىتتا چارۋىچىلىقتىمۇ ئىسلاھات قىلسۇن دېگىنى يوق، چارۋىچىلىقتا قىلىنىدىغان چارە-تەدبىر پۈتۈنلەي باشقا، چارۋا مال - كۆچمە مۈلۈك (ئاپتال) ھېسابلىنىدۇ، بۇنى ساقلاش، ھەم چارۋىچىلارغا ئېتىبار قىلىش ھەم كەمبەغەل چارۋىچىلارغا ئېتىبار قىلىش يولى بىلەن مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدۇ، ئاساسىي مەسىلە چارۋىدىن ئىبارەت مۇشۇ كاپىتالنى ساقلاپ قېلىش ...

www.uyghurkitap.com

جۇڭگىياڭنىڭ يولىيورۇقى مۇشۇنداق ئىدى. ئۇلارنىڭ پىكىرچە چارۋىچى-لىق رايونىدا چارۋىچىلارنىڭ ئېكىسپلاتاتسىيىسى يېزىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. يېزىلاردا يەر ئىسلاھاتى قىلىش بىلەن چارۋىچىلىق رايونىدىمۇ چارۋا ئىسلاھاتى قىلىش كېرەك ئىكەن. بۇ پىكىردە بىر-لىككە كېلەلمىدۇق، كېيىن مەن ئەھۋالنى ئەينى بويىچە جۇڭگىياڭ قانداق يولىيورۇق بەرسە، بىز شۇنداق ئىجرا قىلايلى، دېدىم. شۇنداق قىلدۇق. ئۇزاق ئۆتمەي جۇڭگىياڭ يولداش ۋاڭ جېننى تېلېگراممىا ئارقى-لىق بېيجىڭگە ئېلىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن جۇڭگىياڭنىڭ شىنجاڭ فېنجۈنىڭ چاڭۋېيلىرىنى بېيجىڭگە كېلىش توغرىسىدىكى يولىيورۇقى كەلدى، بىز ھەممىمىز بېيجىڭگە باردۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## بەشىنچى باب جۇڭياڭنىڭ تەدبىرى.

بىز ماۋ جۇشىنىڭ، داڭجۇڭياڭنىڭ قارارى بويىچە بېيجىڭگە باردۇق. جىڭجىجۇ شىنجاڭ فېنجۇ چاڭۋېيلىرى قاتناشقان مەجلىس ئېچىلدى. مەجلىس بىر ھەپتە داۋام قىلدى، جۇڭياڭنىڭ مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئۆزىدىن شىنجاڭ مەسىلىسىگە جۇڭياڭنىڭ قانچىلىك ئېتىبار قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ماۋ جۇشى باشلىق جىڭجىجۇنىڭ ئاساسىي ئەزالىرى، جۇڭياڭنىڭ ئاساسىي رەھبىرى كادىرلىرى باشتىن ـ ئاخىر مەجلىسكە قاتناشتى.

مەجلىستە ئالدى بىلەن ماۋجۇشى مەسىلىنى قويدى: ئاساسىي مەزمۇنى: شىنجاڭدا ناھايىتى چوڭ خاتالىقلار يۈز بەرگەنلىكى، بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىشتە جۇڭياڭ بىر نەچچە قېتىم پىكىر بەرسىمۇ ئېتىبار قىلمىغانلىقى، غەربىي شىمالنىڭ پىكىرىنىمۇ ئاڭلىمىغانلىقى ۋاڭ جېن بېيجىڭگە كەلگەندىن كېيىن لىيۇ شاۋچى سۆزلىسىمۇ قوبۇل قىلماسلىق، مۇشۇنداق دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن ئاخىرى جىڭجىجۇي يىغىن ئېچىپ بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلغانلىقى... دىن ئىبارەت.

ماۋ جۇشى، بۇ مەجلىستە ئاساسىي ھەل قىلىدىغان مەسىلە يولداش ۋاڭ جېننىڭ خاتالىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، مۇزاكىرە قىلىش، كېيىن بىر توغرا خۇلاسىغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىدىكى خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش ھەم شىنجاڭنىڭ بۇندىن كېيىن خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت... دېدى. مەجلىس داۋاملىق ئېچىلدى. مەسىلە، دىنىي مەسىلە ۋە چارۋا ئىسلاھاتى مەسىلىلىرىدىن ئىبارەت دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھە دېگەندە يولداش ۋاڭ جېن خاتالىقىم بار دېسىمۇ، كونكرېت خاتالىق ۋە خاتالىقنىڭ ئېغىرلىقى توغرىسىدا ياخشى پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى. كېيىن جۇڭياڭدىكى يولداشلار كەينى ـ كەينىدىن مۇھىم قىممەتلىك يوليورۇقلارنى بەردى. بولۇپمۇ يولداش جۇ ئېنلەي، يولداش لىيۇ شياۋچى ئالدىن يولداش پېڭ دېخۇەي

www.uyghurkitap.com

يولداش مۇھىم تەنقىد پىكىرلەرنى بەردى. بۇ ئۈچ يولداشنىڭ سۆزى –
مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم يولداش ۋاڭ جېننى
تەربىيىلەش، قۇتقۇزۇش، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈ-
زىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش – مۇشۇ مەزمۇندا
بولدى، مەجلىسنىڭ  ئاخىرقى كۈنى يولداش ۋاڭ جېن شىنجاڭدىكى
خىزمىتىدە خاتالىقى بارلىقى (تولۇق بولمىسىمۇ) ئىقرار قىلىپ «مەن
پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن ئىدىم» دېگەنىدى. ماۋ جۇ-
شى: «بۇ سېنىڭ قىلغانلىرىڭ پرولېتارىيات مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن ئە-
مەس ئىشلار. پرولېتارىيات مىللىي مەسىلە، دىنىي مەسىلىدە مۇنداق
قىلسۇن دېمەيدۇ، ماركسىزم پرولېتارىياتنى مۇنداق قىلسۇن دېگەن
ئەمەس، لېنىنمۇ بۇنداق دېگەن ئەمەس، بۇ سېنىڭ ئالدىراقسانلىق بە-
لەن قىلغان ئېغىر خاتالىقىڭ...» دېگەن مەزمۇندا تەنقىد بەردى. ئاخى-
رى ماۋ جۇشى — «ۋاڭ جېن قايتىپ كەلسۇن، شىنجاڭغا باشقا شۇجى
تەيىنلەيلى. شىنجاڭنىڭ خىزمىتىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ ئىشنى
يولغا سېلىش ئۈچۈن جۇڭيالىڭ تېگىشلىك ياردەم قىلسۇن» دېدى. مەج-
لىس تۈگىدى. مەجلىس تۈگەپ تاماقتا چىقمىتىز دەپ تۇرغاندا ماۋ جۇ-
شى مېنى ئېلىپ قالدى، «قانداق دەيسىز؟» دەپ مەندىن پىكىر سورى-
دى، مەن پىكىرلىرىمنى مەجلىستە ئېيتتىم، ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ
پىكىرىم يوق، ماۋ جۇشى باشقا يولداشلارنىڭ، جۇڭيالىڭنىڭ شىنجاڭنىڭ
ئىشىغا مۇشۇنداق چوڭ ئېتىبار قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ بەك تەسىرلەن-
دىم. ئەمدى ماۋ جۇشىنىڭ، جۇڭيالىڭدىكى يولداشلارنىڭ يوليورۇقلىرى-
نى ئەستايىدىل ئەمەلگە ئاشۇرساق بولىدۇ، ماۋ جۇشى، جۇڭيالىڭ خاتىر-
جەم بولسۇن دېدىم. ئاخىرىدا: «مېنىڭ بىر پىكىرىم بار، يولداش ۋاڭ
جېن قايتىپ كەلمەي يەنە شىنجاڭدا خىزمەتنى داۋاملاشتۇرسا» دېدىم.
ماۋجۇشى ھەيران قالغاندەك بولۇپ: «بۇنىڭدا سىزنىڭ ئاساسىڭىز نې-
مە؟» دېگەندىن كېيىن مەن ئۈچ ئاساسنى كۆرسەتتىم: «بىرى، ئۆزى
ئۆتكۈزگەن خاتالىقنى ئۆزى تۈزەتكەن ياخشى؛ بىرسى، شىنجاڭنى
ئازادلىق ئىشىدا ۋە باشلاپقى خىزمەتتە ۋاڭ جېن يولداشنىڭ ھەسسە-
سى بار، يەنە بىرى شىنجاڭدىكى پارتىيە، مەمۇرىي كادىرلار ئىچىدە
ۋاڭ جېن يولداشنىڭ تەسىرى بار. ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق بولار،» دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



دىم.

كېيىن تاماقتا ئولتۇرغاندا، ماۋ جۇشى باشقىلارغا مېنىڭ پىكىرىمنى ئېيتىپ: «ۋاڭ جېننىڭ يۈتكەلمەسلىكى توغرىسىدا يولداش سەيپىدىننىڭ ئاساسى بارىكەن (ساناپ چىقتى)»

www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب خاتالىقلارنى تۈزىتىش

مەركىزىي كومىتېت دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئېچىپ يولداش
ۋاڭ جېنىنىڭ خاتالىقىنى تەنقىد قىلغاندىن كېيىن بىر قاتار يوليو-
رۇقلارنى بەردى. بۇ يوليورۇقلارنى شىنجاڭدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن
غەربىي شىمالنىڭ ئىككىنچى شۇجىسى يولداش شى جۇڭشۈن باشچىلى-
قىدا شىنجاڭغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلدى، بىرمۇ خىزمەت گۇ-
رۇپپىسى بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتتۇق.

خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن شىنجاڭ فېنجۈنىڭ ۋەكىللەر يىغى-
نى ئۆتكۈزۈلدى. ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىش ئالدىدا فېنجۈ چاڭۋېيلىر-
نىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، جۇڭياڭنىڭ يوليورۇقى يەتكۈ-
زۈلدى ھەم يولداش ۋاڭ جېنىنىڭ خاتالىقىنى پاش قىلىش ۋە پىكىر
بېرىش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ مەجلىس خېلى ياخشى ئۆتتى. يولداشلار
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ يوليورۇقىنى،
ماۋجۇشىنىڭ ۋە باشقا مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇ-
قىنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى، ھەم دەسلەپكى قەدەمدە
يولداش ۋاڭ جېنىنىڭ، يولداش ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى فېنجۈنىڭ
خاتالىقلىرىنى داۋاملىق تەنقىد قىلىپ تۈزىتىش توغرىسىدا نۇرغۇن
ياخشى پىكىرلەرنى بەردى.

1952 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يىغىندا يولداش شى جۇڭشۈن پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ۋە ماۋجۇشى باشلىق
رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يولداش ۋاڭ جېنىنىڭ خاتالىقى، ئۇنىڭ ئېغىر-
لىقى، ئۇ خاتالىقنى قەتئىي تۈزىتىش لازىملىقى توغرىسىدىكى يوليو-
رۇقلىرىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن يولداش شى جۇڭشۈن مەركىزىي
كومىتېتنىڭ يولداش ۋاڭ جېنىنىڭ خاتالىقى بۇ ئېغىر سولچىل خاتا-
لىق ئىكەنلىكى ۋە چوڭ خەنزۇچىلىق خاتالىقى ئىكەنلىكىنى، بۇ توغ-
رىسىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىدا ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆر-
سىتىلگەنلىكىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن يولداش شى جۇڭشۈن شىن-

جاڭ خىزمىتىدىكى خاتالىقلار ۋە ئۇنى قانداق قىلىپ تۈزىتىش توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى. ئۇ، بۇ خاتالىقلارنىڭ سولچىل خاتالىقى، چوڭ مىللەتچىلىك خاتالىقى بولۇش بىلەن ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىسى — مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىق، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا بولغان خاتا قاراش يەنى ئىنكار قىلىش خاتالىقى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە خىلاپ خاتالىق، يەنى دىنىي مەسىلىگە قوپال سولچىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، چارۋىچىلىق رايونىدا ئىسلاھات ئۆتكۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن مىلىيونلىغان چارۋا ـ ماللارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولۇش دەپ كۆرسەتتى. ئاخىرىدا يولداش ۋاڭ جېننىڭ ۋە ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى فېنجۇنىڭ ئېغىر خاتالىقىنى شىبجۇ ھەتتا مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار كۆرسىتىپ بەرگەندىمۇ خاتالىقىنى ئىقرار قىلماي ۋە تۈزەتمەي داۋاملىق ئۆزىنىڭ خاتا ھەرىكەتلىرىنى داۋاملاشتۇرغان، خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزگەن دەپ كۆرسەتتى.

مەجلىستە شى جۇڭشۈننىڭ سۆزىدىن كېيىن ۋاڭ جېن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ئۆتتى. يولداش ۋاڭ جېننىڭ تەكشۈرۈشى ئومۇمەن ئالغاندا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا پوزىتسىيىسى بىر قەدەر ياخشى بولدى. لېكىن خاتالىقىنىڭ ئېغىرلىقى، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرى ھەم يەر ئىسلاھاتى سىياسىتى (چارۋىچىلىق رايونىدا ئىسلاھات قىلماسلىق سىياسىتى) گە ئېغىر خىلاپ ئىكەنلىكىنى، خاتالىق كەلتۈرگەن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى تېخى يېتەرلىك چوڭقۇر تەكشۈرمىدى.

مۇشۇ ئاساستا گورۇپپا يىغىنىدا يولداشلار جۇڭگىياڭنىڭ يولىيورۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، فېنجۇدىكى يەنە بەزى يولداشلارنىڭ ئوخشاش سولدىن تۇرۇپ يولداش ۋاڭ جېنغا تەتۈر ياردەم بېرىش خاتالىقلىرىمۇ پاش قىلىندى ھەم تەنقىد قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ خاتالىقلارنىڭ شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى يەر ئىنقىلابى (ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى) توغرىسىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى يامان تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى نۇرغۇن ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن پاش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يولداشلار ئەلىدىكى خاتالىقلار، يەنى ئىلىدا ئاۋۋال ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار

www.uyghurkitap.com

قىلىش خاتالىقى، ئاندىن كېيىن مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىق، خاتا
ھالدا ئادەم قاماش، چارۋىچىلىق ئىسلاھاتى قاتارلىق خاتالىقلاردا ئىلى
چۆيداڭۋېيىنىڭ شۇجىسى «دۇڭ» نىڭ ئېغىر خاتالىقى تولۇق پاش قىلىن-
دى. يولداشلار، بولۇپمۇ مىللىي كادىرلار ئىلىدىكى خاتالىقلاردا چوڭ
شېرىكچىلىكى بولغان بىر قانچە ئاتالمىش «ئاكتىپ» مىللىي كادىرلار-
نىمۇ چوڭقۇر پاش قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ۋالىسى جا كولىن، ئە-
لى 5 ـ كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كادىرلىرى ساۋدانوۋ، ماموتوۋقا
ئوخشاش بىر قاتار ئاتالمىش «سولچىل» لارنىڭ خاتالىقىنىڭ ناھايىتى
ئېغىرلىقىنى پاش قىلدى. يولداش ۋاڭ جېننىڭ خاتالىقى ھەم ئۇنىڭغا
«سول» جەھەتتىن ئەكسى ياردەم قىلىپ رول ئوينىغان بىر قىسىم
خەنزۇ ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خاتالىقىنى پاش قىلىشتا
مەجلىستىكى يولداشلار پارتىيە مەيدانىدا قەتئىي تۇرۇش، پارتىيىنىڭ
پرىنسىپلىرىدا قەتئىي تۇرۇش بىلەن ئوبدان پاش قىلىش، پىپەن قى-
لىش ئېلىپ باردى.

خاتالىقلارنى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش ئومۇمەن چوڭقۇر،
ساغلام بولدى. بىراق ئىككى جەھەتتە مەسىلە كۆرۈلدى؛ بىرى ـــ خاتا-
لىقلارنى ھەم ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ماھىيىتىنى، خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەر-
نىڭ ئېغىر «سولچىل» ئىدىيىسىنىڭ كۆرسەتكەن زىيىنىنى نەزەرىيە
جەھەتتە ھەم ئەمەلىي جەھەتتە پاش قىلىش، پىپەن قىلىش يېتەرلىك
بولمىدى، يولداش ۋاڭ جېن مەجلىستە ئاۋۋال تەكشۈرگەندە تەكشۈرۈشى
يۈزە بولغان ئىدى، كېيىنكى خاتالىقلارنى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش
جەريانىدا تونۇشى قەدەممۇ ـ قەدەم چوڭقۇرلاشتى. فېنجۇ چاڭۋېي ئا-
رىلاپ مەجلىس ئېچىپ مەجلىسنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، يولداش ۋاڭ
جېنغا ياردەم قىلىش ئىشىنى ئېلىپ باردى. بۇ مەسىلە يەنى خاتالىقلار-
نى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش، «سولچىل» خاتالىقنىڭ ئىدىيىۋى ما-
ھىيىتىنى پاش قىلىش چوڭقۇر بولماسلىق ئەھۋالى بارغانچە ياخشىلان-
غان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى تولۇق ھەل بولۇپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ.
يەنە بىر ياقتىن يىغىنغا قاتناشقان بەزى كادىرلار، خەنزۇ، مىللىي كا-
دىرلارنىڭ ئايرىملىرى خاتالىقلارنى كۆپتۈرۈۋېتىش، ئەمەلىي خاتا-
لىقلارنى پاش قىلىش، ئۇنى چوڭقۇر پىپەن قىلىش ئورنىغا خاتالىقلار-

نى ئاشۇرۇۋېتىش، ئاندىن كېيىن خاتا قالپاق كىيدۈرۈش، شۇنداق قىلىپ يولداش ۋاڭ جېنغا روھى جەھەتتىن زەربە بېرىش ياكى ئازار بېرىش ئەھۋالى كۆرۈلدى. مىللىي كادىرلاردىن بەزىلىرى يولداش ۋاڭ جېننىڭ شىنجاڭدا قىلغان ياخشى ئىشلىرى، مەسىلەن، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چوڭ خىزمىتى، تەشكىلىي جەھەتتىكى چوڭ خىزمىتى، كېيىن مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىشتىكى مەلۇم ئۇتۇقلىرىنى ئىنكار قىلىشتەك ئەھۋاللار يۈز بەردى. بەزىلەر يولداش ۋاڭ جېننى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇھەببىتى يېتەرسىز دېگەنگە ئوخشىغان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان مىساللار، بەزىلەر ۋاڭ جېن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سەنئىتىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ئالاھىدىلىكىنى كۆرەلمەيدۇ ياكى ئۇلارغا سەممىي مۇھەببەت بىلەن قارىمايدۇ دەپ بەزى ئاتالمىش مىساللارنى كۆرسەتتى. بۇنداق ئەھۋاللار يولداش ۋاڭ جېننىڭ خاتالىقىنى تونۇشىغا سەممىي ياردىمى بولماستىن بەلكى سەلبىي روللارنىمۇ ئوينىدى. مەجلىس ئاخىرىدا مەن سۆز قىلدىم. ئاساسىي مەزمۇنى: يولداش ۋاڭ جېننىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىشى ــ شىنجاڭنى ئازاد قىلىشتا ئوينىغان چوڭ رولىنى مۇقىملاشتۇرۇش بىلەن بىللە يولداش ۋاڭ جېننىڭ چوڭ غەيرەت بىلەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرىنىڭ ئۇزاق ئۇرۇشتا چارچىغىنىغا قارىماستىن ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن شىنجاڭدا «1 ـ ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، «1 ـ ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىكى شۆيۈەنى، شىنجاڭ مىدىتسىنا ئىنستىتۇتى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى قىلغانلىقى، يەنە يولداش ۋاڭ جېن ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن قىسىملىرىنىڭ «ئۈچ دۇي» يەنى، جەڭدۇي، شىڭچەندۇي، گوڭزودۇي، ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى، خىزمەت قوشۇنى بولۇپ شىنجاڭ خەلقى ئۈچۈن ئىشلەش دېگەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەپ، چوڭ نەتىجىلەرنى يارىتالىغانلىقىنى كۆرسەتتىم. يەنە بىر تەرەپتىن يولداش ۋاڭ جېننىڭ خاتالىقىنىڭ ئېغىرلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مىللىي، دىنىي ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقى سۆزلىدىم.

www.uyghurkitap.com

مەندىن كېيىن يولداش شى جۇڭشۈن ئاخىرى خۇلاسە سۆزى قىلدى، شى جۇڭشۈن خۇلاسە سۆزىدە مېنىڭ سۆزۈمنى تەكىتلىدى. يىغىن تۈگىدى، كەچتە مەن ئۆيگە قايتىپ ئەمدى تاماق يەپ تۇرغان ئىدىم، يولداش ۋاڭ جېن ئۆيگە كىرىپ مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. مەن كۆڭۈل قويدۇم. بۇ ئادەمنىڭ يىغلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى — مېنىڭ خاتالىقىم ئېغىر، خاتالىقىمنىڭ ئېغىرلىقىنى چۈشەندىم دېيىش بىلەن، مېنىڭ سۆزلىگەن سۆزۈمنىڭ توغرىلىقى، ئادىللىقى ھەم ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىش شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش، لېكىن ئۇنىڭ بەزى كۆتۈرەلمەيدىغان پىكىرلەرنى مېنىڭ رەت قىلغانلىقىم، بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ ناھايىتى چوڭ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى...

خاتالىقلارنى تۈزىتىش چارىلىرىنىڭ يەنە بىرسى — يولداش ۋاڭ جېنغا تەتۈر ياردەم قىلغان بىر قانچە خەنزۇ ۋە مىللىي كادىرلارغا چارە كۆرۈلدى، بىرسى — ئىلى چۇيداڭۋېيىنىڭ شۇجىسى دوڭ خىزمىتىدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ جۇرىنى يولداش لى چۈەن ئىلىغا ئەۋەتىلدى ۋە بىر نەچچە خەنزۇ كادىرلارغا چارە كۆرۈلدى، يەنە يولداش ۋاڭ جېنغا ھەم ئىلىدىكى خەنزۇ مەسئۇل كادىرلارغا، تەتۈر ياردەم قىلغان ئاتالمىش مىللىي كادىرلارغىمۇ چارە كۆرۈلدى. ئۇلار ئىلىنىڭ ۋالىسى ئەنۋەر جاكولىن، 5 ـ كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ساۋدانوۋ، سىياسىي بۆلۈمنىڭ كادىرى مامۇتوۋ قاتارلىقلار، بۇ كادىرلار كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىندى. بىر مەزگىل ئۆگىنىش بىلەن بولدى، كېيىن خىزمەت بېرىلدى.

كېيىن ئەمدى خىزمەت ـ خاتالىقلارنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى تۈگىتىش، كادىرلار ۋە ئاممىنى خاتىرجەم قىلىش ئىدى، مۇشۇ قەدەمدە زىيادى بىر قىسىم كادىرلارنى ئېلىپ غۇلجىغا باردۇق. غۇلجا خاتالىقلارنىڭ ئېغىر بولغان بىر جاي ئىدى. بىز بارغاندا غۇلجا ئايرودرومىدا كادىرلار ۋە خەلق بولۇپ نۇرغۇن ئادەملەر قارشى ئالدى. بۇ قارشى ئېلىش مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلغان بولماستىن كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئۆزلىكىدىن قىلغان ھەرىكىتى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى ئىلىدىكى كادىرلار، خەلق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، ماۋ جۇشىنىڭ شىن-

جاڭدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش يولىيورۇقلىرىنى، پارتىيە ۋەكىللەر يە-
غىنىنىڭ ئەھۋالىنى ئاساسەن ئاڭلاپ بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇچۇن ئى-
لى رايونىدىكى كادىر ۋە خەلقلەر دىلىدا خاتالىقلارنى تۈزىتىش مەسى-
لىسىگە چوڭ دىققەت قىلاتتى، مەركىزىي كومىتېتى يولداش شى جۇڭ-
شۈن باشچىلىقىدا خىزمەت گۇرۇپپىسىنى تەخىرسىزلىك بىلەن كۈتەت-
تى.

بىز غۇلجىغا بارغاندا ئەھۋال ناھايىتى مۇرەككەپ بىر ۋاقىت ئى-
كەن. بۇ مۇرەككەپلىك ئۇ يەردە خىزمەتتە ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقنىڭ
كەلتۈرگەن ئاقىۋىتى، «ئۇچكە قارشى ھەرىكەت» تە بىر قىسىم كا-
دىرلار «يولۋاس» دەپ چارە كۆرۈلگەندىن باشقا يەنە ئاز بولمىغان كا-
دىرلار خىيانەتچى، پارىخور يەنە باشقا ئاتالمىش جىنايەتلەر بىلەن چارە
قىلىنغان. كەڭ يەنە ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلار، «ئەكسىيەتچى» دەپ
بىر نەچچە ئون ئادەم قولغا ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلىدىكى مۆتى-
ۋەر دىنىي زاتلار، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان بىر قانچە ئاتاغلىق
كادىرلار بار ئىدى. خىزمەتتىكى خاتالىقلار سەۋەبىدىن ئىتتىپاق كا-
دىرلارنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقى، خەلق ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق، ھەر-
بىيلەر ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق خېلى ئېغىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن.
بىز بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ۋەزىيەتنى تۈزەش ئىتتىپاقلىقنى
قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتۇق. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىز ئىلىدا
جىددىي ھەم مۇرەككەپ ھەم نازۇك مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدۇق. كۈندۈزى
كېچىگە ئۇلاپ خىزمەت قىلىشقا توغرا كەلدى. ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈ-
زۈش، كوللېكتىپ سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈش، ئايرىم كادىرلار بىلەن خا-
تالىق ئۆتكۈزگەن كادىرلار بىلەن ھەم خاتالىق نەتىجىسىدە زەربىگە
ئۇچرىغان كادىرلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆزلىشىپ ئۇلارغا خىزمەت
ئىشلەشكە توغرا كەلدى، بىز بىر چوڭ خەلق مەجلىسى ئېچىش بىلەن
خىزمەت باشلىدۇق، بۇ مەجلىستە يولداش شى جۇڭشۈن جۇڭگىياڭنىڭ
يولىيورۇقىنى، ئۇرۇمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن پارتىيە ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ
روھىنى يەتكۈزۈپ، ئىلى رايونىدىكى خاتالىقلارنىڭ ئېغىرلىقى ۋە ئۇنى
چوقۇم تۈزىتىش لازىملىقى، بىز مۇشۇ ۋەزىپە بىلەن كەلگەنلىكىمىز،
كادىرلارنىڭ، خەلقنىڭ خاتىرجەم بولۇشى توغرىسىدا ئۇزۇن سۆزلىدى.

www.uyghurkitap.com

يولداش شى جۇڭشۈننىڭ سۆزىدىن كېيىن مەنمۇ سۆز قىلدىم، مېنىڭ
سۆزۈممۇ ماۋ جۇشى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭدىكى خاتا -
لىقلارنى تۈزىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى، ئۇنى قەتئىي ئەمەلگە ئا -
شۇرۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكى، غۇلجىدىكى ئىلى رايونىدىكى كادىرلار
ئاممىسىنىڭ خاتىرجەم بولۇشى... قاتارلىقلار توغرىسىدا سۆزلىدىم.

بۇ چوڭ مەجلىستىن كېيىن كادىرلار ھەم خەلق ئارىسىدىكى غۇل -
غۇلا، ئىتتىپاقسىزلىق كەيپىياتلىرى ھەم ھەر خىل ئەندىشىلەر ئاسا -
سەن بېسىلدى. لېكىن كۆپچىلىك خاتالىقلار چاپسانراق تۈزىتىلىشىنى
تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىز بىر قانچە
تەدبىرلەرنى قوللاندۇق:

بىرى — ئىلى چۆيداڭۈننىڭ مەجلىسىنى ئېچىپ ئالدى بىلەن خا -
تالىق ئۆتكۈزگەن كادىرلارغا قارىتا قاتتىق تەنقىد بەردۇق، ئۇلارنىڭ
خاتالىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى ھەم تۈزىتىشى ئۈچۈن ھەم توغرا، ھەم
ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇشىنى تەلەپ قىلدۇق. يولداش شى جۇڭشۈن،
يولداش زېڭ دې خەنزۇ كادىرلارغا ناھايىتى قاتتىق تەلەپ قويدى. بىز
ۋەزىپە بۆلۈشىۋالغاندىن كېيىن ھەربىي، مەمۇرىي ساھەدە ھەم خەلق
ئارىسىدا خىزمەتنى كېڭەيتىشكە باشلىدۇق. مۇشۇ ھەرىكەتتە «چوڭ
يولداش» قىلىنغان ياكى خىيانەتچى دەپ قاتتىق چارە قىلىنغان ئادەم -
لەرنى ئازات قىلىپ، ئۇلارغا كۆرۈلگەن چارىلەرنى ئېلىپ تاشلىدۇق؛
30 دىن ئوشۇق ئادەمنى قاماقتىن چىقاردۇق، مۇشۇ ئادەملەرنى تەكلىپ
قىلىپ، مەسئۇل كادىرلارنى قاتناشتۇرۇپ كىلوبتا مەجلىس ئېچىپ،
بۇ مەجلىستە يولداش شى جۇڭشۈن ئۇلاردىن ھال سوراش ۋە خاتالىقلار -
نىڭ تۈزىتىلگەنلىكىنى، بۇندىن كېيىن يەنە تۈزىتىدىغانلىقى توغرى -
سىدا سۆز قىلدى، مەنمۇ قوشۇمچە سۆز قىلدىم، چارە قىلىنغان ۋە قا -
مالغان كادىرلاردىن مۇتالە خەلپە باشلىق دىنىي زاتلار، بىرلىكسەپ
ساھەسىدىكى باشقا دېموكراتىك زاتلار ھەم باشقا مىللىي كادىرلار ھەم
خۇشاللىق ۋە جىددىي كەيپىياتتا مەجلىستە ئۆزىنىڭ پارتىيىدىن رازى
بولغانلىقىنى بايان قىلىشتى. مۇشۇ چارىنىڭ ئۆزى دەرھاللا جەمئىيەت -
تە چوڭ ياخشى تەسىر قوزغىدى.

مۇشۇنداق خاتالىقلارنى تۈزىتىش چارىلىرىنى قىلمۇاتقان كۈنلەر -

نىڭ بىرىدە، تۇن يېرىمى بولغان ۋاقىتلاردا يولداش زىيائ دې ئۇ، غۇلجا
شەھىرىنىڭ تۆپىسىدە تۇرىدىغان مىللىي ئارمىيە قىسمىنىڭ باتالىئو-
نىدا قوزغىلاڭ قىلىشتا تەييارلىنىۋاتقان خەۋەرنى ئېيتتى. ئۇقۇشساق
شۇنداق ئەھۋال بار ئىكەن. گەرچە قوزغىلاڭ قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ
يەتمىگەن بولسىمۇ، بۇ بىر باتالىئون قىسمىنىڭ ئىلگىرىكى خاتا-
لىقلارغا نارازى بولغان ۋە بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە قەتئىي تەلەپ قو-
يۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقچى بولغانلىقى مەلۇم بولدى. دەرھال بۇيرۇق بې-
لەن شۇ باتالىئون ھەم پولكنىڭ رەھبىرى كادىرلىرىنى دەرھال چاقى-
رىپ كەلدۇق. ئۇلارمۇ ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى ھەم ئۆزىنىڭ چارە
قىلالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئالدى بىلەن 5 ـ كورپۇسنىڭ مەس-
ئۇل كادىرلىرىغا ئەشۇ پولك، باتالىئوننىڭ مەسئۇل كادىرلىرىغا دەر-
ھال بېرىپ خىزمەت ئىشلەشنى، ئۇلارغا خىزمەتتە ئۆتكەن خاتالىقلار-
نىڭ چوقۇم تۈزىتىلىدىغانلىقىنى، ئىتتىپاقسىزلىق ئەھۋاللىرىنىڭ
ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلىش
ياكى ئۇنى ھاقارەتلەشكە ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ خاتا بولغانلىقى ۋە ئۇ-
نىڭ تۈزىتىدىغانلىقى... توغرىسىدا ئېيتىپ ئۇلارغا، دەرھال بېرىپ
خىزمەت قىلىشنى تاپشۇردۇم. ئۇلار كەتتى.

بىز ئالدىراپ خەۋەر كۈتۈپ تاڭ ئاتقىچە ئولتۇردۇق. ھەربىي كا-
دىرلا پولكقا قايتىپ بېرىپ ناھايىتى ئالدىراش خىزمەتلەرنى قىلىپ،
ئۇ باتالىئوندىكى جەڭچى ھەم كادىرلارنى تېنچلاندۇرۇپ قايتىپ كەلدى.
شۇنداق قىلىپ بۇ بىر ئەندىشىلىك ئەھۋال ھەل بولدى. يەنە بىر
ئەھۋال ــ ھەربىي كلوپتا 5 ـ كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى زۇنۇن
تېيىپوۋ باشلىق بىر قىسىم ھەربىي مەسئۇل كادىرلار خاتالىقلار نەتى-
جىسىدە، «ئۇچكە قارشى» ھەرىكەتتە زەربىگە ئۇچرىغان كادىرلارغا ھەم
ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە خىزمەت ئىشلەش يۈزىسىدىن بىر مەجلىس
ئاچقان ئىدىم. بۇ مەجلىس ھەربىي كادىرلار ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ
قاتتىق تەلىپى يەنى ئەشۇ خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن كادىرلارغا قەتئىي
چارە كۆرۈش ھەم ئۇچرىغان زىيانلارنى تۆلەپ بېرىش، خاتادىن قىلىنى-
غان چارىلارنى دەرھال بىكار دەپ ئېلان قىلىش، يەنە باشقا تەلەپلەر بار
ئىكەن. زۇنۇن تېيىپوۋ كېلىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ قىيىنچىلى-

قىنى ئېيتتى. ئەگەر بىر ئومۇمىي تەدبىر بولمىسا ۋەقە چىقىش ئېھ-
تىمالى بارلىقىنى ئېيتتى، مەن زونون تېيىپوۋغا قوشۇپ بىز بىلەن
ئۈرۈمچىدىن بارغان گومىنتىڭنىڭ تېنجاڭى ئابلىز مۇھەممەدنى بىللە
ئەۋەتتىم. ئۇلار ئارقىلىق مەجلىسكە قاتناشقانلارغا سالىمىمنى يەتكۈ-
زۈش ھەم ئۇلارنىڭ توغرا تەلەپلىرى چوقۇم ھەم بولىدىغانلىقىنى ئېيە-
تىش بىلەن خىزمەت قىلىشنى تاپشۇردۇم. ئۇلار بېرىپ خىزمەت قىل-
غاندىن كېيىن مەجلىس تىنجىدى، بۇ مەسىلىمۇ بىر ياقلىق بولدى.

ئىلىدە بىر ھەپتە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان ئالدىراش ھەم جىددىي
خىزمەتلەر نەتىجىسىدە ۋە ئەمەلىي تەدبىرلەر — يەنى خاتالىق ئۆتكۈز-
گەن كادىرلارغا چارە قىلىش، قامالغانلارنى قويۇۋېتىش، خاتا قىلىنغان
چارىلەرنى بىكار دەپ ئېلان قىلىش، كادىرلارغا، ئاممىۋىغا ئىدىيىۋى
خىزمەت ئىشلەش... مۇشۇنداق تەدبىرلەرنى نەتىجىسىدە غۇلجىدىكى
ئەھۋال ھەم پۈتۈن ئىلى رايونىدىكى ئەندىشىلىك، جىددىي كەيپىياتتا
ناھايىتى چوڭ بۇرۇلۇش بولدى. يولداش شى جۇڭشۇن، يولداش زېڭ دې
باشلىق كادىرلار، مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى
يولداشلار ئاۋۋال كېلىپ غۇلجىدا ئەھۋالنىڭ مۇرەككەپ ھەم خەتەرلىك
ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر ئاز ئەندىشىگە چۈشكەن ئىدى. كېيىن قىسقا
مۇددەتلىك خىزمەت ۋە ئەمەلىي تەدبىرلەر نەتىجىسىدە غۇلجىنىڭ ۋەزى-
يىتىدە چوڭ، ياخشى ئۆزگىرىش، خاتىرجەملىك بولغانلىقىنى كۆرگەن-
دىن كېيىن ئۇلار بەك رازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن يولداش شى جۇڭشۇن
مىللىي كادىرلار يەنىلا پارتىيىنى قوغدايدىكەن. پارتىيە سۆزىنى ئاڭلاي-
دىكەن. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بۇ خىل ئەخلاقىي، پوزىتسىيىسى
كىشىنى قايىل قىلىدۇ، دەپ ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ۋە خاتىرجەملىكىنى
بايان قىلدى.

شۇنداق قىلىپ ئىلىدىكى خىزمەتنى تۈگەتتۇق، ئۈرۈمچىگە قايت-
تۇق. ئۈرۈمچىدە يەنە بىر قاتار خىزمەتلەرنى قىلغاندىن كېيىن يولداش
شى جۇڭشۇن باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى قايتىپ كەتتى.
ئاندىن كېيىن مەن بىر قانچە كادىرلارنى ئېلىپ چۆچەككە باردىم.
چۆچەككە بارساق، چۆچەك شەھىرىدە، دۆربىلجىن ناھىيىسىدە خاتا-
لىقلار ئېغىر بولغان ئىكەن، بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۈتۈن تارباغاتاي ۋىلا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىتىدە بولۇپمۇ خاتالىق ئېغىرراق بولغان جايلاردا كىشىلەردە چوڭ
ئەندىشە بولۇپ تۇرغان ئىكەن. ئۇرۇمچىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش
ئەھۋالى، ئىلىدىكى مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى تارباغاتايدىكى ئاز
سانلىق مىللەت خەلقىدە خېلى ئۈمىد پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇلار يەنىلا تاقەتسىزلىك بىلەن چۆچەكتىكى مەسىلىلەرنىڭمۇ ھەل قە-
لىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، بىز چۆچەككە بارغاندىن كېيىن پۈ-
تۈن كادىرلار، ئاممىا ناھايىتى چوڭ تەلەپ ۋە ئىشەنچ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ
خاھىشلىرىنى بىلدۈردى. چۆچەكتىكى خاتالىق خاراكتېرى ھەم ئېغىر-
لىقى جەھەتتە غۇلجىدىكى بىلەن ئوخشايدۇ، چۆچەكتىمۇ 20 ــ 30 دەك
ئادەم قاملىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل مىللىي كادىرلارمۇ بار، بىر-
لىكسەپ ساھەسىدىكى سودىگەرلەر، دىنىي زاتلارمۇ بار ئەڭ ئاۋۋال گو-
لەندەم ئاۋستاي دەپ ئاتالغان نامى چىققان كونا مائارىپچىغا ئوخشىغان
مائارىپ خادىملىرىنىڭمۇ قولغا ئېلىنىشى، ئاممىۋى مەجلىسلەردە كۆ-
رەش قىلىنىشى، تەنقىد قىلىنىشى كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن چوڭ نارازى-
لىقىنى قوزغىغان ئىكەن. مەن بارغاندىن كېيىن قىلغان ئىشىمىزنىڭ
بىرىنچىسى قامالغان كىشىلەرنى چىقىرىش بولدى. مۇشۇنىڭ بىلەنلا
چۆچەكنىڭ ۋەزىيىتىدە، كەيپىياتىدا چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. شۇ-
نىڭ بىلەن خاتالىق ئۆتكۈزگەن بىر مۇنچە كادىرلارغا، بولۇپمۇ ئادەم
قاماش، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەسئۇل بولغان كادىرلارغا چارە كۆرۈلدى.
ئېغىرى دۆربىلجىندە بوپتۇ. ئۇ يەردە 5 ــ كورپۇس سىياسىي بۆلۈمىنىڭ
بۇجاڭى بولغان لى يۈڭخې دېگەن ئادەم بىر خىزمەت گۇرۇپپىسىنى
باشلاپ ئاۋۋال چۆچەككە، كېيىن دۆربىلجىنگە بارغان ئىكەن، ئۇ ئاتال-
مىش «سىنىپىي كۈرەش دولقۇنى» كۆتۈرۈپ، «يامان ئادەملەرنى پاش
قىلىش ۋە تارتىپ چىقىرىش» ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. مۇشۇ «يا-
مان ئادەملەر» دىن 11 ئادەمنى ئېغىر جىنايىتى بار ئادەم دەپ ئېتىپ
تاشلاپتۇ. مەسىلىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ھەقىقەتەن قاتتىق غەزەپلەندىم. لى
يۈڭخېنى دەرھال غۇلجىغا ئەۋەتىۋەتتۇق. ئۇنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى
تارقىتىۋەتتۇق. بۇ خىلدىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش
ئىشى چۆچەكتىمۇ بوپتۇ، چۆچەكتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەملەر
كۆپ بولسىمۇ، پۈتۈنلەي ناھەق ھەتتا ياخشى ئادەملەرمۇ ئېتىپ تاشلاز-

غان. مەسىلەن، چۆچەك گېزىتخانىسىدا ئىلگىرى مەن ئىشلەپ تۇرغان ۋاقىتلاردا باسما زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغان بىر قازاق يىگىت بار ئىدى. بۇ بالا ئۆزى تېخى 25 ياش ئەتراپىدا بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ ساددا لېكىن خىزمەتتە ئاكتىپ، خۇشچاقچاق، ناخشىچى، خىزمەتتە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيدىغان، كىشىلەر بەك ياخشى كۆرىدىغان بىر يىگىت ئىدى، مانا شۇ يىگىتنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ ئەچىقىپ ئېتىۋېتىپتۇ. بۇ ئېتىلىدىغان ۋاقىتتا «مەن ھازىرمۇ ئېتىلىشىمغا ئىشەنمەيمەن، چۈنكى مەن يامان ئادەم ئەمەس، مەن بىر ئىشچى، كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كېلىشىنى چوڭ ئۈمىد بىلەن كۈتكەن ئادەم، مەن ھەرگىز ئېتىلمايدىغان ئادەم، مېنى ئاتماقچى بولغان ئادەملەرنىڭ ياخشى ئويلىنىشىنى تىلەيمەن...» دېگەن نارازىلىق ھەم ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا ئېتىلغانلىقىنى ئاڭلاپ چىدىماي كۆزلىرىمدىن ياش چىقتى. بىرسى — بۇ پۈتۈنلەي خاتا، ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا ئېتىپ تاشلانغان. يەنە بىرى — ئەسلى گېزىتخانىدا بىللە ئىشلىگەن، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ھەقىقەتەن خېلى يېقىن دوستلىشىپ قالغان بىر يىگىت ئىدى، مۇنداق ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپلەندىم. قاماقتىكىلەرنى چىقارغاندىن كېيىن ئۆلگەنلەرنىڭ خاتا ئېتىلغانلىقىنى قارار قىلغاندىن كېيىن، بىر قانچە كادىرلارغا چارە كۆرۈلگەندىن كېيىن بىز چۆچەك باغچىسىدا بىر مەجلىس ئاچتۇق، بۇ ئاممىۋى يىغىن، كادىرلارمۇ بار، خەلق ئاممىسىمۇ بار. شۇ مەجلىستە مەن چۆچەكتىكى خاتالىقلارنىڭ ئېغىرلىقى، يەنە بۇ خاتالىقلارنىڭ تۈزىتىلگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىگەن ئىدىم، كىشىلەر ناھايىتى تېنچ كەيپىياتتا، ھەم تاقەتسىزلىك بىلەن ھەم ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىدى. مەن قامالغان ئادەملەرنىڭ ناھەق قامالغانلىقى توغرىسىدا ئېيتىپ كېلىپ، ئىلگىرىكى نامى چىققان مائارىپچى گۈلەندەم ئابۇستاي دېگەن ئايالغا قىلىنغان ھاقارەت پۈتۈنلەي خاتا بولغانلىقى، مۇشۇنداق بىر چۆچەكتىكى مائارىپپەرۋەر، نۇرغۇن باللارنى تەربىيىلىگەن، شۇ ۋاقىتتىكى چۆچەكتىكى زىيالىيلارنىڭ ئانىسى بولغان بىر ياشانغان مومايىنى ھاقارەتلەش، پىپەن قىلىش، كۈرەش قىلىشنىڭ ئېغىر خاتالىقىنى ئېيتقاندەك كىشىلەر غۇلغۇلا قىلىپ چاۋاك چېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەتتى. ئاندىن كېيىن ھېلىقى قازاق بالىسى، مېنىڭ دوستۇم، ئىشچىـ
نى ئېچىنىشلىق بىلەن ئېتىۋەتكەنلىكىنىڭ خاتالىقىنى ئېيتقاندەك
كىشىلەر بىر ياقتىن چاۋاك چالسا بىر ياقتىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى.
كېيىن مەن كىشىلەرگە كۆڭۈل قويۇپ كەيپىيات باستىم. شۇ مەجـ
لىستىن كېيىن چۆچەكنىڭ كەيپىياتىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش
پەيدا بولدى.

جۇڭگونىڭ ئەۋەتكەن يولداش شى جۇڭشۇن باشچىلىقىدىكى خىزمەت
گۇرۇپپىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ھەم نۇرغۇن ئەمەلىي تەدبىرلىرى
نەتىجىسىدە بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ئۇرۇمچىدە، ئىلىدا كېيىن چۆچەكـ
تە خاتالىقلار تۈزىتىلدى، خەلق ئۆتكەنگە سالاۋات دەپ ئالغا قاراپ مېـ
ڭىشقا باشلىدى، خەلق پارتىيىنىڭ مۇشۇنداق ئادىل سىياسىتىنى
كۆرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ئىتتىپاقلاشتى ھەم كەلگۈسىگە
زور ئۈمىد باغلىدى.

## يەتتىنچى باب مۇھىم تەجرىبە ـ ساۋاقلار

ئازاتلىقتىن كېيىنكى مۇشۇ ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭدا پارتىيە، ھەربىي، مەمۇرىي ـ تەشكىلىي خىزمەتلەر، تەشۋىقات خىزمەتلەردە، باسمىچىلارنى يوقىتىش خىزمىتىدە، شۇنىڭ بىلەن تۇنجى قەدەمدىكى ئىقتىسادىي خىزمەت يەنى بىر قانچە كارخانىنىڭ قۇرۇلۇشى، ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى باشلىۋېتىشى، مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى قاتارلىق خىزمەتلەردە ناھايىتى چوڭ ئۇتۇقلار قولغا كەلدى. بۇ ئۇتۇقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن تېخى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولمىغان يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئويىنىدى. بۇنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ئەمما مۇشۇ مەزگىلدە چوڭ خاتالىقلار يۈز بەردى. بۇ خاتالىقلار بولمىسا، مۇشۇ مەزگىلدىكى خىزمەتنىڭ ئۇتۇقى تېخىمۇ زور بولغان بولاتتى. پارتىيە خىزمىتىگە، خەلق ئىشلىرىغا مۇنداق ئېغىر ئاقىۋەت ۋە ئازارچىلىق بولمىغان بولاتتى. بۇ مەزگىلدىكى خىزمەتلەردە ــ ئۇتۇق ھەم خاتالىقلار نەتىجىسىدە بىز تۆۋەندىكىدەك مۇھىم تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇق:

1. ماركسىزملىق پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئېلىپ بېرىش، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن، بۇنىڭدا ھەم يۈكسەك نەزەرىيە سەۋىيە ھەم ئەمەلىي تەجرىبە بولۇشى، ھەم قەھرىمانلىق روھ بولۇشى ھەم پارتىيە پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن پۇختا تاكتىكا ۋە ئۇسۇل بولۇشى زۆرۈر ئىكەن. يولداش ۋاڭ جېن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ مەجلىسىدە ئاخىرىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، «مەن ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، ئەمما مەن پرولېتارىيات مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلدىم، پرولېتارىيات مەيدانىدا تۇرۇپ كۈرەش قىلدىم» دەپ كۆز يېشى قىلدى. بۇ ۋاقىتتا يولداش ماۋ زېدۇڭ: «پرولېتارىيات مەيدانىدا تۇرۇش بۇ مۇھىم، ئەگەردە توغرا سىياسىي تەدبىر ۋە تاكتىكا بولمىسا، پرولېتارىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىنقىلابىي ئۈچۈن، پرولېتارىيات مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلەش دېگەن نىيەت ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى خاتالىق يۈز بېرىدۇ، سىزنىڭ پرولېتارىيات مەيدانىڭىز مانا مۇشۇنداق بولدى» (بۇ ماۋ جۇشىنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى) راستىنلا نەتىجە شۇنداق بولدى. مەن يولداش ۋاڭ جېن بىلەن دەسلەپ تونۇشقاندىن تارتىپ تاكى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان ئۈچ يىل جەريانىدىكى تونۇشۇم — بۇ ياخشى يولداش. ئۇ، پرولېتارىيات ئۈچۈن، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئۈچۈن، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، پارتىيە سىياستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دەپ نىيەت باغلىغان، ئۆزى جۇرئەتلىك، ھەر قانداق قىيىنچىلىقتا باش ئەگمەيدىغان بىر ئىنقىلابىي كادىر. مەن بۇنى نۇرغۇن ئەمەلىيەتتىن كۆرگەن ئىدىم. مۇشۇنداق غەيرىتى ھەم خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىيىتى بولغىنى ئۈچۈن يولداش ۋاڭ جېن شىنجاڭدا مۇشۇ ئىككى يىل ئىچىدە چوڭ ئۇتۇقلۇق ئىشلارنى قىلدى، (بىز بۇنى يۇقىرىدا ئېيتتۇق.) ئەمما، يولداش ۋاڭ جېندىكى ئىنقىلابىي ئىرادە، پرولېتارىياتلىق پوزىتسىيە، بۇ يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك ياخشى ئىستراتېگىيە ھەم ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىققان، ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق تاكتىكا بولمىغىنى ئۈچۈن ئۇ چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ ماڭا ئېيتقاندەك مەن يولداش ۋاڭ جېننى ئالدىراپ كەتكەن ۋاقىتلىرىدا پېشىدىن تارتىپ «تۇردۇم». ئەمما، ياردەم قىلىشىم يېتەرلىك بولمىدى. يولداش ۋاڭ جېن كۆپ قېتىم مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىدى، كېيىنرەك ئانچە ئاڭلىماي قويدى. يولداش ۋاڭ جېنغا تەتۈر ياردەم قىلىدىغان ئادەملەر، مۇنداق ئېيتقاندا ئۇنى خاتا يولغا بۇراپ كەتتى. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك، ۋاڭ جېننىڭ «جۇ گېلياڭى» بولغان ئايرىم كىشىلەر ئۇنىڭ ھېلىقى پرولېتارىيات قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، «سول» تەرەپكە تارتىپ كەتتى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پرولېتارىياتچە ئىنقىلابىي ئىرادە، پرولېتارىياتنىڭ قەھرىمانلىقى بولۇشلا كۇپايە قىلمايدىكەن، مۇھىمى ماۋ جۇشى ئېيتقاندەك، ئىلمىي ئىستراتېگىيە ۋە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان توغرىسىدا سىياسەت بولۇشى كېرەك ئىكەن.

2. يەنە بىر تەجرىبە، ساۋاق — مىللىي رايوندا، يەنى ئاز سانلىق

مىللەتلەر كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان رايوندا پارتىيىنىڭ مىللىي سىيا-
سىتىنى ئالدىراقسانلىق قىلماستىن سالماقلىق بىلەن توغرى ئىجرا
قىلىش ناھايىتى مۇھىم ئىكەن. ماركسىزملىق مىللىي مەسىلە توغرى-
سىدىكى نەزەرىيىنى — ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ
مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى مۇھىم پرىنسىپلىرىنى، ئەستايىدىل
توغرا ئەمەلگە ئاشۇرۇش بەك مۇھىم ئىكەن. مىللىي مەسىلىگە ئاددىي
قاراش، مىللىي ئىتتىپاقلىققا سەل قاراش، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ھەر
خىل مەسىلىلەرنى بۇيرۇق بىلەنلا ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش — بۇلارنى
ھەممىسى ماركسىزملىق مىللىي نەزەرىيىسىگە خىلاپ، خاتا بولۇپلا
قالماستىن، بۇنىڭ ئاقىۋىتى ناھايىتى ئېغىر بولىدىكەن. ئەشۇ خاتا-
لىقلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى بۇنى ياخشى كۆرسەتتى: شۇنى ئېي-
تىش كېرەككى، ئەشۇ خاتالىقلار ۋە خاتالىقلارنى تۈزىتىش جەريانىدى-
كى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ روھى كەيپىياتى، ئۇلارنىڭ
ھەتتا پارتىيە ئىشىدىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىدىن ئۈمىدسىز-
لەنگەن ئەھۋاللىرى — بۇلار مىللىي خىزمەتتىكى ئېغىر خاتالىقلارنىڭ
ساۋىقى. مەن شۇنى ئېيتىشىم كېرەك، ئەشۇ ۋاقىتتا يەنىلا شىنجاڭدى-
كى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلارنى خەلق ئاممىسى يەنىلا پارتىيە مەر-
كىزىي كومىتېتىنىڭ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. يەنىلا
چوڭ ئۈمىد باغلىدى. يولداش شى جۇڭشۈن باشلىق خىزمەت گۇرۇپپى-
سىنىڭ خاتالىقلارنى تۈزىتىش ھەم تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ھەم
خەلقنى تەربىيىلەش نەتىجىسىدە خەلقتىكى ئۈمىدسىزلىك، نارازىلىق،
ئىتتىپاقسىزلىق كەيپىياتى تېز ئۆزگەردى. دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى شىن-
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە،
يولداش ماۋ زېدۇڭغا يەنىلا ئىشىنىدىغانلىقىنى، يەنىلا چوڭ ئۈمىد
باغلايدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى. يولداش ۋاڭ جېن شىن-
جاڭغا كېلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرى-
مەن دېدى، بۇ نىيىتى ياخشى ئىدى. ئەمما، بۇ ياخشى نىيىتىنى ئەمەل-
گە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك، قانداق قىلغاندا ئاز سانلىق
مىللەتلەرنى ئەمەلىيەتتە رازى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈ-
چەيتىش مەسىلىسىدە سالماقلىق بىلەن ئىش قىلالمىدى. توغرىسى

تاكتىكا، تەدبىر توغرا بولمىسا، توغرا نىيەتمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقى، بەلكى تەتۈر نەتىجە چىقىدىغانلىقى بۇ مەسىلىدىمۇ ئىسپاتلاندى. بۇ مىللىي مەسىلە ساھەسىدە، مىللىي خىزمەتتە كۆرۈلگەن يەنە بىر تەجرىبە ـ ساۋاق.

3. دىنىي مەسىلىدىكى خاتالىق — شىنجاڭدا ئوخشاشلا يەنە بىر مۇھىم تەجرىبە ۋە ساۋاق بەردى. بۇ، يالغۇز دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسىلا بولۇپ قالماستىن، مىللىي مەسىلىگىمۇ چېتىشلىق، مۇرەككەپ بىر مەسىلە. دىنىي مەسىلە توغرىسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پرىنسىپى ناھايىتى توغرا. يەنى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياستى. شىنجاڭدا ئەشۇ بىر مەزگىللى بۇ سىياسەتكە تولۇق ئەمەل قىلىنمىدى، بەلكى ئەمەلىي خىزمەتتىكى خاتالىقلار بىلەن پارتىيىنىڭ دىنىي سىياستىگە ئېغىر خىلاپلىق قىلىندى. مەن يولداش ۋاڭ جېن بىلەن بېيجىڭدىن قايتىپ، 1949 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جۇچۈەنگە كېلىپ كۆرۈشكەندە، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەھۋاللىرىنى سورۇشتۇرۇپ، «دىنى مەسىلىسىنى قانداق قىلىپ تېزرەك ھەل قىلغىلى بولار؟» دەپ سورىغاندا، مەن يولداش ۋاڭ جېنغا دىنىي مەسىلىدە ئالدىراڭغۇلۇق، ھەتتا دىننى چاپسانراق يوقىتىش خاھىشى بارلىقىنى سەزگەن ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەمگە دىنىي مەسىلە توغرىسىدا بىر خىلى چۈشەنچىلەرنى بەرگەن ئىدىم. ئەمما بۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىدە دىننى چاپسان يوقىتىش دېگەن ئىدىيە زادى ھەل بولماپتىكەن. شۇنىڭ 1950 ـ يىلىدىن باشلاپلا پارتىيىنىڭ دىنىي سىياستىگە خىلاپ سۆز، ھەرىكەتلەردە بولدى. ھەتتا قەشقەردىكى خەلق مەجلىسىدە: «مەن خۇداغا ئىشەنمەيمەن، ئەگەر خۇدايىڭلار ئاسماندا بولسا، ئۇ كېلىپ مېنى مۇشۇ يەردە بوغۇپ ئۆلتۈرسۇن» دېگەندەك ھەل قوپال ھەم خاتا سۆزنى قىلغان. مۇشۇنىڭ ئۆزىدىن ۋاڭ جېننىڭ دىنىي مەسىلىدىكى خاتا ئىدىيىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسەتتى. مەن سوۋېتتىن قايتىپ بۇ ئىشتا يولداش ۋاڭ جېننىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېيتتىم، ئۇ ئادەم بىر ئاز دىققەت قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىدىيىدىن قايتمىدى. ئۇ، دىنىي ماتېرىيالىزم بىلەن چىقىشالمايدىغان ئىدىيالىستىك نەرسە، دىن قانچىلىك تېزرەك يوقالسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، دېگەن ئىدىيىنى

ئىلگىرى سۈردى. بۇ، دىنىنىڭ شۇنداق، چاپسان يوقاتقىلى بولمايدىغان بىر چوڭقۇر ئېتىقاد مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشەنمەيتتى ياكى چۈشىنىشنى خالىمايتتى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ، دىنگە قارشى ئىنقىلاب قىلىش، دىننى چاپسانراق يوقىتىش خاھىشى بىلەن دىنىي سىياسەتتە خاتالىق ئۆتكۈزدى. كېيىنكى تەجرىبە ـ ساۋاقلار شۇنى كۆرسەتتى: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ناھايىتى توغرا، بىز قاچان مۇشۇ سىياسەتنى تولۇق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىجرا قىلساق، دىنىي مەسىلىدە ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ئاسان ھەل قىلىپ كەلدۇق، قاچانكى بىز پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلغاندا، خاتالىقلارغا، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىدۇق. يولداش ۋاڭ جېننىڭ ئازاد بولۇش بىلەنلا دىننى ئەسلىدىكى خاتالىقلىرى خىزمەتلەرگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى. بۇ، مۇشۇ مەزگىلدىكى مۇھىم تەجرىبىنىڭ بىرسى ھەم ئاچچىق ساۋاق.

ئومۇمەن، شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن 1949 ـ يىلىدىن 1952 ـ يىلىغىچە بولغان ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت — ھەم تارىختا كۆرۈلمىگەن ناھايىتى چوڭ غالىبىيەت قازىنىش دەۋرى بولدى. بۇ ئاساسىي تەرەپ ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ تارىخىدا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن مەزگىل بولدى. بۇ مەزگىلدە بىز ناھايىتى مۇھىم تەجرىبىلەرگە ۋە چوڭ ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تۆتىنچى قىسىم

## يەر ئىسلاھاتى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## بىرىنچى باب ئىجتىمائىي تۈزۈم تەتقىقاتى

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى زادى قانداق؟ بۇ مەسىلە شىنجاڭ ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى، 1948 ـ يىلى خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسى تەتقىق قىلغان بىر مەسىلە ئىدى. تەتقىقات نەتىجىسە، «ئىلى ۋىلايىتىنى ئالغاندا ئەمگەك تۈزۈمى فېئوداللىق تۈزۈم، ئايرىم جايلاردا (قۇل دېھقانلار تۈزۈمى» مۇ بار دەپ خۇلاسە قىلىنغان. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ مەسىلە يەنە مۇزاكىرە قىلىندى. تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. يولداش دېڭ لىچۈن بىر قىسىم كادىرلارنى ئېلىپ بېرىپ جەنۇبىي شىنجاڭدا تەتقىقات ئېلىپ باردى. كېيىن بىر كىتابچە يازدى. بۇ كىتابتا «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى — قۇل دېھقانلار، يەنى كىرىنوي تۈزۈمى» دەپ خۇلاسە قىلىنغان. كېيىن كىتابتا، ئايرىم رايونلاردا فېئوداللىق تۈزۈممۇ شەكىللەنگەن، دەپ قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ پىكىر مۇزاكىرە قىلىنىپ ھەم باشقا تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا قوشۇلمايدىغان ئىككىنچى خىل پىكىر — يەنى، (شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى فېئوداللىق تۈزۈم، ئايرىم يېزا ۋە ئورۇنلاردا قۇل دېھقانلىق تۈزۈمى ياكى ئۇنىڭ تەسىرى ساقلانغان) دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئايرىم جايدا دېگىنىمىز، يولداش دېڭ لى چۈن خوتەن ۋىلايىتى قارىقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىنى ئاساس قىلىپ، بۇنى ئومۇمىي ئەھۋال ھېسابلاپ، قۇل دېھلانلار تۈزۈمى دېگەن خۇلاسىنى چىقارغان. ئەمما كېيىنكىسى پىكىردە ئايرىم جايلاردا دېگەندە مۇشۇ كۆزدە تۇتۇلغان. بۇنداق ئايرىم ئەھۋاللار خوتەننىڭ باشقا بەزى يېزىلىرىدا، قەشقەر، لوپنۇر رايونىنىڭ ئايرىم جايلىرىدا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يەنىلا ئايرىم ئەھۋال. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى فېئوداللىق تۈزۈم، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا يېزا ئىگىلىكىنى ھەم چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان فېئوداللىق تۈزۈم بولۇپلا قالماستىن، مەلۇم ئەمەلىيلەشكەن بۇرژۇئاز كاپىتالى، قول ھۈ-

ئەرۋەنچىلىكى مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئاز بولسىمۇ شۇ زاماننىڭ ئايرىم سانائەت كارخانىلىرى مەيدانغا كەلگەن. جەمئىيەتتىكى ئىدېئولوگىيە جەھەتنى كۆزدە تۇتقاندا شىنجاڭدا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە يېڭىچە ئىلىم ـ مەرىپەتچىلىك مەيدانغا كەلگەن، بۇ خىل دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ جەھەتتە ئالغاندىمۇ «قول دېھقانچىلىق تۈزۈمى» گىلا ئەمەس، مەۋجۇت تۇرغان فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى ئىدىيە ۋە ئەمەلىيەتتىكى كۈرەش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز كېيىنكى  قاراشنى، يەنى «فېئوداللىق جەمئىيەت» دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلىدۇق.

1949 ـ يىلى مەن بېيجىڭدىكى ۋاقىتتا يولداش ليۇ شياۋچى مېنى چاقىرىپ ئىككى مەسىلە توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ بىرى، شىنجاڭدا كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇش توغرىسىدا، يەنە بىرى، شىنجاڭدا ئىجتىمائىي تۈزۈم ھەم يەر ئىسلاھاتىنى قانداق، قاچان ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا. بىرىنچى مەسىلە توغرىسىدا مەن قەتئىي پىكىرىمنى ئېيتتىم: شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولۇشى بىلەنلا، شىنجاڭدا مەركەزلىك كوممۇنىستىك ۋەكىللىك تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتتىم.

فېئوداللىق تۈزۈم ئىكەنلىكى چوقۇم ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنى ئېيتقانىدىم. (بۇ توغرىسىدا تەپسىلىي يېزىلدى) «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى فېئوداللىق تۈزۈم» ئىكەنلىكى، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە ئېغىر، 80% تىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەر 20% تىنگە يەتمەيدىغان يەر ئىگىلىرىنىڭ قولىغا توپلانغانلىقى. 30% تىن ئارتۇق ياللانما ۋە كەمبەغەل دېھقانلار زېمىندار ـ پومېشچىك زومىگەرلەرنىڭ قولىدا قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىپ ئېزىلمەكتە ئىكەنلىكىنى، يەر ئىنقىلابىنى شىنجاڭدا چوقۇم ئېلىپ بېرىش. كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى ئۆزۈل ـ كېسىل ئازاتقا چىقىرىش كېرەكلىكى پىكرىمنى بايان قىلدىم.

يولداش ليۇشياۋچى مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىز بۈگۈن ئوبدان سۆھبەتلەشتۇق. سىزنىڭ پىكرىڭىز جۇڭ-

ياڭنىڭ پىكرى بىلەن ئوخشاش چىقتى. مۇشۇ بويىچە ئىش قىلساڭلار بولىدۇ. ئەمدى بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى شىنجاڭ فىنجۇدە مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك دېدى. ئاخىرىدا يولداش لىۋ شياۋچى مۇشۇ ئىككى مەسىلىدە، بولۇپمۇ يەر ئىسلاھاتى مەسىلىسىدە بۈگۈن ئېيتىلغان پىكىرىڭىزنى جۇڭگىياڭغا بىر يازما دوكلات يازسىڭىز، دېدى.

مەن قايتىپ چىقىپ ئاۋۋال دوكلات يېزىپ يولداش لىۋ شياۋچىغا ئېيتىۋىدىم. كېيىن ماۋ قۇشى يولداش لىۋ شياۋچى، يولداش جۇئېنلەي بىلەن بىزنى بىر قېتىم قوبۇل قىلغاندا، سىزنىڭ شياۋچى يولداش بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە يەر ئىنقىلابى توغرىسىدىكى پىكىرىڭىزنى ئاڭلىدۇق ھەم يازغان دوكلاتىڭىزنى كۆردۇق، مەركىزىي كومىتېت سىزنىڭ پىكىرىڭىزگە قوشۇلىدۇ، — دېدى.

مەن جوجۇەنگە بارغاندا پېن دېخۇەي ۋاڭ جېن — شۈي لىچىن يولداشلارغا مۇشۇ ئىككى مەسىلە توغرىسىدىكى بولغان سۆھبەتنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتتىم. ئۇلارمۇ تولۇق قوشۇلغانلىقىنى بايان قىلدى. دىڭ لى جۇننىڭ كىتابى چىققاندىن كېيىن، مۇزاكىرە قىلىنىپ، يەنىلا شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى فېئودالىلىق تۈزۈم، ئايرىم ھاللاردا قۇل دېھقانچىلىق تۈزۈمى ساقلانغان ئايرىم ئەھۋال، دەپ خۇلاسە چىقىرىلدى. فېنجۇ مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن يەر ئىسلاھاتىغا تەييارلىق قىلدى. بىرەر يىل ۋاقىت چىقارسا ئالدى بىلەن يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەرىكىتى باشلانماقچى بولدى.

## ئىككىنچى باب «كاشىلىنى دەم ئالدۇرۇش» ۋە مېنىڭ پوزىتسىيەم

يەر ئىنقىلابى باشلانماقچى، يەنى يەر ئىسلاھاتىغا تەييارلىق كۆرۈش باشلاندى. ئالدى بىلەن تەشكىلىي تەييارلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىدىن ھەم 5 - كورپۇستىن چوڭ بىر قىسىم كادىرلارنى ئاجرىتىپ يەرلىك مەمۇرىي ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بىر قىسىم كادىرلارنى يىغىپ تەربىيىلەپ، يەنە يېزىلاردىن بىر قىسىم دېھقان ئاكتىپلىرىنى — ئەڭ مۇھىمى ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان، جاپاكەش ياللانما ۋە كەمبەغەل دېھقانلاردىن بىر قىسىم ياشلارنى ئۆز جايىدا تەربىيىلەش ئېلىپ بېرىلدى. يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئالدىدا يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىپ ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىش — بۇ يەر ئىسلاھاتىغا ئەڭ مۇھىم تەييارلىق خىزمەت ئىدى. بۇ ھەرىكەت بىلەن ئاساسەن يېزىلاردىكى ياللانما دېھقان كەمبەغەل دېھقان ھەم باشقا ئېزىلگەن ئاممىسىنى تەربىيىلەش ھەم تەشكىل قىلىش ۋە ئىدىيە تەشكىلى جەھەتتىن چوڭ ھازىرلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھەرىكەت يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىلگىرى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ھەرىكەت.

مۇشۇ مەزگىللەردە مېنىڭ بەزىدە ئاغرىپ قېلىشىم بانىسى بىلەن مېنى ئىچكىرىگە بېرىپ دەم ئېلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈشتى. ئاغرىقىممۇ بار ئىدى، ئەمما ئۇ دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن بىر بانا بولدى. مەن ئاغرىقىمغا دىققەت قىلغاچ خىزمەتنىمۇ داۋام قىلدۇرۋېرەتتىم. بەزى رەھبەرىي يولداشلار مېنىڭ شىنجاڭدا بولسام باشلانغۇسى سىنىپىي كۈرەشكە توسقۇنلۇق بولىدۇ، دەپ ئويلاشتى بولغاي، ئاتالمىش «جۇگىلىياڭلار» يەنە يولداش ۋاڭ جېنغا تەتۈر ياردەم قىلىپ مېنى يامان كۆرسەتمەكچى بولدى. نۆۋەتتىكى يەر ئىنقىلابىدا كاشىلىنى چەكلەش ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەتتە خاتىرجەملىك پەيدا قىلىشقا ئوخشاش خاتا قاراشلار پەيدا بولدى. فېنجۇنىڭ بەزى خاتالىقلىرى توغرىسىدا ئىختىلاپلاردا مېنىڭ پارتىيە مەيدانىدا تۇتۇپ، خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ بەر-

گەن پىكىرلىرىم بەزىلەر ئۈچۈن بىر توسالغۇدەك ھېس قىلىنغان ئوخشايدۇ. شۇنداق قىلىپ يولداش ۋاڭ جېن ۋە باشقا بىرقانچە ئەشۇ ۋاڭ جېنغا تەتۈر ياردەم قىلىۋاتقان ئادەملەر مېنى ئىچكىرىگە بېرىپ دەم ئېلىشقا ئۈندەشكە باشلىدى.

مېنىڭ سالامەتلىكىمدە مەسىلە تۇغۇلدى. مەن ئۇ پەيتلەردە غۇلجىدىن كېلىۋاتقاندا ئايروپىلان ئۈستىدە تۇيۇقسىز بېشىم قېيىپ يىقىلىپ قالدىم. يۈرۈكىم ئادەتتىكىدىن تاشقىرى تېز سوقۇپ كەتتى. قىينالدىم، كىملەر ئالدىم، ياتتىم بىر ئاز ياخشى بولدۇم. ئۈرۈمچىگە كېلىپلا دوختۇرخانىغا بارغان ئىدىم، دوختۇرلار قان بېسىمى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. يۇقىرىسى 160 تىن ئېشىپتۇ تۆۋىنى 130 ئىكەن، دەم ئېلىش كېرەك دېدى. بۇ تۇيۇقسىز ئاغرىق مېنى چۆچۈتتى. لېكىن مەن بۇنداق پۈتۈنلەي دەم ئالىدىغان ئېغىر ئەھۋالدا ئەمەس ئىكەنلىكىمنى بىلەتتىم. بۇ خىزمەتتە پەۋقۇلئاددە چارچاشنىڭ نەتىجىسى ئىدى. چارچاش قان بېسىمى كۆرىنەرلىك يۈرەك سوقۇشى تېزلىنىپ باش قېيىپ يىقىلىش ھالىغا چۈشۈش — بۇ ھەيران قالىدىغان بىر ئىش ئەمەس ئىدى. مېنىڭ بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى باشلانغاندىن تارتىپ تا ئازادلىققىچە بولغان جەرياندا دەم ئالماستىن جاپالىق خىزمەت قىلىش شارائىتى چارچاتماي قويمايتتى. بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق يولداشلارنىڭ بېيجىڭگە يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى مېنىڭ ئۈستۈمدە قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئىلىنىڭ ۋەزىيىتى جىددىيراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدىراش ئىشلەشكە، دەم ئالماي جاپاغا چىداپ ئىشلەشكە توغرا كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن بولسا خىزمەتلەر ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئەتىگەندىن تارتىپ تاكى كەچكى سائەت 11 ـ 12 گىچە دەم ئالماي ئىشلەپ، ناھايىتى چارچاش بولدى. ئاشۇنداق شارائىت ئاستىدا قان بېسىم يۇقىرىلاش، يۈرەكنىڭ سوقۇشى چاپسانلاش ئەھۋاللىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئىدى. مەن بىر ئاي يېرىم ئاي تىنچ دەم ئالماي، بۇندىن كېيىن خىزمەتتە ۋاقىتقا رىئايە قىلىپ دىققەت قىلسام بۇ ئەھۋالنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىشىدە گەپ يوق ئىدى. مەن بۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. مۇشۇ پىكرىنى يولداش ۋاڭ جېنغا ۋە باشقا يولداشلارغا قايتا ـ قايتا ئېيتتىم. بۇ يولداشلار ئۇنىمىدى، ماڭا

www.uyghurkitap.com

داۋاملىق خىزمەت قىلىپ داۋالىنىشقا ماڭغۇزۇش ئۈچۈن تىرىشتى. كېيىن بۇ ئەھۋالغا دىققەت قىلىپ قالدىم. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ۋاقىتتا مېنى زورمۇزور ئىچكىرىگە داۋالىنىشقا دەم ئېلىشقا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە مېنى ئويلىتىپ قويدى. ئاخىرى يولداش ۋاڭ جېنغا، مېنىڭ شىنجاڭدا بولغاسلىقىم ئەگەردە نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرگە پايدىلىق بولىدىغان بولسا مەن بېرىپ دەم ئالاي، دەپ رەنجىشىمنى ئېيتتىم. ۋاڭ جېن مېنىڭ باشقىچە ئويلىماسلىقىمنى، يەنىلا سالامەتلىكىمگە دىققەت قىلىنىغانلىقىنى، سالامەتلىك ياخشى بولسا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەشۋىق قىلدى، بوپتۇ دېدىم. مەن ئىچكىرىگە دەم ئېلىشقا ماڭدىم. بۇ 1951 ـ يىلىنىڭ ياز كۈنلىرى 6 ـ ئايلار ئىدى.

ئايىم بىلەن بىللە ئارزۇگۈلنى ئېلىپ (شۇ ۋاقىتتا ئارزۇگۈل ئالتە ئايلىق ئىدى) ئىچكىرىگە ماڭدۇق. شىنىئەنگە كەلگەندىن كېيىن يولداش شى جىڭشۈن بىلەن كۆرۈشتۈم. ( بۇ كىشى شىيۇ جۇڭنىڭ ئىككىنچى شۇجىشى ئىدى.) مەن يولداش شى شىجوڭشىنگە ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى خىزمەتنىڭ ئېغىر ھەم مۇھىم بولغان ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن دەم ئېلىشقا چىققانلىقىمنى ئېيتىپ: «مەن دەم ئېلىشقا رازىلىق بىلەن چىقمىدىم، مېنى مەجبۇرلاپ دەم ئېلىشقا ماڭغۇزدى. مەن مېنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا تۇرماسلىقىم ئەگەردە شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي خىزمىتىگە پايدىلىق بولىدىغان بولسا مەيلى، دېدىم ـ دە، دەم ئېلىشقا ماڭدىم» دېدىم. كېيىن يولداش شى جوڭشىنگە «بۇ گويا كاشىلىنى دەم ئالدۇرۇش» تىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېدىم. يولداش شى جىڭشىن ئەھۋالنى چۈشەندى، چۈنكى ئۇ شىنجاڭنىڭ مۇرەككەپ ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ «ئادەم ماڭا كۆڭۈل قويۇپ، دەم ئېلىشقا چىقىپسىز. مەيلى قانداقلا بولسۇن بىر ۋاقىت دەم ئېلىڭ، سالامەتلىكىڭىز ياخشى بولغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار تېخى جىق» دېگەن مەزمۇندا كۆڭۈل قويدى. بېيجىڭگە بېرىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يولداش جۇئېنلەي قوبۇل قىلدى. ئۇ ئادەم باشلاپلا يولداش شى جىڭشىنىنىڭ بىزنىڭ سۆھبىتىمىز توغرىسىدىكى خاتىرىنى ئېلىۋەتكەنلىكىنى، ئۇنى كۆرۈپ بۇ كىشىنىڭ مەسىلىگە دىققەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى. يولداش

جۇ ئېنلەي شىنجاڭدىكى يولداشلارنىڭ بۇنداق مۇئامىلە قىلغانلىقىغا نارازى بولدى. يەنە بىر ياقتىن كۆڭۈل قويۇپ چېڭداۋغا بېرىپ بىر ئىككى ئاي دەم ئېلىشىمنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇ كىشى «قانداقلا بولمىسۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەم ئېلىپ سالامەتلىكىڭىز تولۇق ئەسلىگە كەلگىنى ياخشى، خىزمەت جىق، مۇشكۇل ۋەزىپىلەر تېخى ئالدىمىزدا» دېدى. يولداش جۇئېنلەي ئۇنىڭدىن باشقا مەملىكەتنىڭ ئومۇمى ئەۋالى خەلقئارا ئەھۋال ھەم شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىرەر سائەتتەك پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق.

بىز چېڭداۋغا دەم ئېلىشقا باردۇق، بېرىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يولداش ۋاڭ جېندىن ھازىرقى پۇلغا بىر ئىككى سومدەك پۇل كەلدى. ھەم خاتىرجەم دەم ئېلىش توغرىسىدا بىر تېلېگراممۇ كەلدى. بۇ پۇلنىڭ كېلىشى مېنى يەنە ئويغا سالدى. مېنىڭ مائاشىم ئاز ئەمەس، چېڭداۋدا ئۇ يەردىكى رەھبەرلىك چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى. مېھمان قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنە نېمە ئۈچۈن شۇنچە جىق پۇل ئەۋەتىدۇ؟ بۇ پۇل ئەۋەتىشنىڭ مەنىسى زادى نېمە؟ دېگەن ئويلار ئىدىيەمگە كېلىۋېلىپ، ئاخىرى يەنىلا «ئۇلار پۇل بىلەن مېنى جىقراق دەم ئالدۇرماقچى ئوخشايدۇ» دېگەن ئويغا كەلدىم. مەن «ماڭا مۇنچە جىق پۇل كېرەك ئەمەس، دەم ئېلىشىم ياخشى، بۇ يەردە ئوبدان مېھمان بولۇۋاتىمەن» دەپ پۇلنى شىنجاڭغا قايتۇرۇۋەتتىم. نېمە بولسا بولسۇن چېڭداۋغا كەلدۇق. ئاغرىقىمۇ يوق ئەمەس. باشقىنى ئويلىماي دەم ئېلىپ ياتايلۇق، كېيىن كۆرەرمىز، دېگەن ئوي بىلەن دەم ئالدۇق. بىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى جايلاردا دەم ئېلىشىمىز بۇ بىرىنچى قېتىم بولۇپ، دەم ئېلىش شارائىتى ياخشى ئىكەن. بىر ئىككى ئاي دەم ئالغاندىن كېيىن مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار ھەيئىتىدىن، ئەگەردە سالامەتلىكىم ياخشىراق بولغان بولسا بېيجىڭگە كېلىشىمنى ئېيتىپ بىر تېلېفون باردى. بېيجىڭغا كەلدىم. (مەن ئۇ ۋاقىتتا مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدىم.) بىر قاتار مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلاتتۇق. شۇنىڭغا قاتناشسىڭىز، شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل ئىشلەپ مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئىشلىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن تونۇشىمىز دېدى. بۇنىڭدىن كۆرە ئۇيۇن بارلىقىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. بېيجىڭدە بىر ئاي تۇرۇپ، ئۈچ ئاي دېگەندە ئۈرۈمچىگە قايتتىم.

مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن يولداش ۋاڭ جېننىڭ پوزىتسىيىسى ياخشىراق بولدى. مۇھىم خىزمەتلەردىن، بولۇپمۇ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش خىزمىتىگە بولغان تەييارلىق توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. بەزىلەر بولسا يەنە غەلىتىرەك قاراپ كەلدى. لېكىن مەن ئۇلارنىڭمۇ سوغۇق قارىشىغا ھەيران قالمىدىم (ئاران يولغا سېلىۋەتكەن «كاشىلا» قايتىپ كەلدى ـ دە ) «سەن نېمە دېسەڭ دەۋەر، مەن قايتىپ كەلدىم. مەن نۆۋەتتىكى ئىنقىلابىي ۋەزىپىنى ئۆتەشتە بىر كىشىلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن. بۇ يولدىن مېنى ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ. كىم توغرا كىم كاشىلا؟ بۇنى بارا ـ بارا كۆرىمىز...» دېدىم. كۆڭلۈمدە، دېگەندەك كىمنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كېيىنكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر داۋامىدا ئەمەلىيەتتە ئۇچۇق ئىسپاتلاندى.

## ئۈچىنچى باب يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەرىكىتى

يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەرىكىتى يەر ئىسلاھاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەر ئىنقىلابىغا تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. يەنى ئىجارىسىنى كېمەيتىشنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى — يەر ئىسلاھاتى ئۈچۈن سىياسىي، ئىدىيە، تەشكىلاتنىڭ تەييارلىق قىلىشىدىن ئىبارەت. 1951 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدىن تارتىپ بۇ ھەرىكەت پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە باشلاندى. 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا مەن قەشقەر بەشكېرەم رايونىنىڭ قوشتېرەك دەپ ئاتالغان بىر يېزىسىغا يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن باردىم. بۇ يەردە يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتكەن ئىكەن. مەن ۋىلايەتتىن ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىشقا كىرىشىپ كەتتىم.

بىز بارغان بۇ يېزا بەشكېرەم رايونى بويىچە ھەم ئاۋات، ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي بىر قەدەر ياخشى يېزا ئىكەن. ئەمما بۇ جايدا فېئودالىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى خېلى ئېغىر ئىكەن. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى بەك ناچار، كۆپچىلىك يەر بىر نەچچە ئون پومېشچىك ۋە باي دېھقانلارنىڭ قولىغا توپلانغان. كۆپچىلىك كەمبەغەل دېھقانلار ئىجارىكەشلىك بىلەن ھەم ياللانمىچىلىق (مەدىكارچىلىق) بىلەن ئېغىر ئازاپتا تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. مەن بۇ يېزىنىڭ سىنىپىي ئەھۋالىنى پومېشچىك باي دېھقانلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئېزىش ئۇسۇللىرىنى، كەمبەغەل دېھقانلار، ياللانما دېھقانلارنىڭ ئېغىر تۇرمۇش ئەھۋالىنى بىر قاتار ئۆگەندىم. مەن بارغاندا خىزمەت گۇرۇپپىسى كەمبەغەل ھەم ياللانما دېھقانلارنى تەشكىل قىلىش، كەمبەغەل دېھقانلار جەمئىيىتىنى قۇرۇپ شۇ جەمئىيەت ئەتراپىغا دېھقانلارنى توپلاپ تەربىيىلەش ئىشىنى باشلىغان ئىكەن. مەن بارغان كۈنىنىڭ ئەتىسى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭ ئەمدى باشلانغان نىسپىي ئۈچمەنلىكى، پارتىيىنىڭ دېھقانلارنى ئازاد قىلىش

www.uyghurkitap.com

غەمخورلىقىغا بولغان تونۇشى خېلى ياخشى ئىدى. جەمئىيەت ئەزالىرى
مېنىڭ بۇ يېزىغا كېلىپ بىر ئىجارىسىنى كېمەيتىش خىزمىتىگە قاتى-
نىشىپ دېھقانلارغا ياردەم قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىقىنى
بىلدۈرۈشتى. شۇندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زامان - زامانلاردىن
تارتىپ ئېغىر زۇلۇم ۋە ئازاب تارتقانلىقىنى ئېيتىپ كۆز يېشى قى-
لىشتى. ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنى توختىتالماي ناھايىتى ئۆكسۈپ
يىغلاشتى. مەن ئەمدى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ ئازاپ ئوقۇبەتلەر-
دىن دېھقانلارنىڭ قۇتۇلىدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇلارغا
كۆڭۈل قويدۇم. شۇندىن كېيىن يېزىدىكى دېھقان ئاكتىپلىرى ھال
سورىدى. دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى يېقىندىن بىر مەزگىل ئى-
چىدە قىلىنغان خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى. ئاساسىي خىزمەت —
سىنىپىي چەك ئېنىق ئايرىلغان، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلار
سەپكە تۇرغۇزۇلغان. بىر ئىجارە خىزمىتىنىڭ دېھقان ئاكتىپلىرى
تەشكىللىگەن ھەم تەربىيىلىگەن. يېزىدىكى پومېشچىك ھەم باي دېھ-
قانلار ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلىپ كەلگەن يامان ئادەملەر دەپ تونۇلغان
كىشىلەرمۇ سەپكە تىزىلىپ ئايرىلغان. بۈگۈنكى بۇ مەجلىسدە خىزمەت
گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئەتىدىن تارتىپ سىنىپىي كۈرەش ھەرىكىتى-
نىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى، پومېشچىك زومىگەرلەرنىڭ ئۈستىدىن دېھ-
قانلار ئەرزىيەت ئېيتىپ كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ھەرى-
كەتلەندۈردى. بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دېھقانلار جەمئىيىتىدىكى
ئەزالار ۋە ئاكتىپلار ناھايىتى خۇشاللىقىدىن كۈرەش سېپىگە ئاتلى-
نىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

يېزىدا كەنتلەرگە بۆلۈنۈپ زومىگەر، پومېشچىكلار بىلەن كۈرەش
قىلىش، ئەرزىيەت باشلىنىپ كەتتى. بۇ ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى بىلەن
يېزىدا ناھايىتى داغدۇغىلىق سىنىپىي كۈرەش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى.
دېقانلارنىڭ زومىگەر پومېشچىكلەرگە قارشى كۈرەش ئىدارىسى، ئۇلار
بىلەن ھېسابلىشىدىغان ئىرادىسى ناھايىتى كۈچلۈك ۋە قەتئىي ئىدى.
شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېزىنىڭ بىر كەنتىدە مۇشۇ يېزا بويىچە چوڭ
زومىگەر - پومېشچىك بىلەن كۈرەش مەجلىسى ئېچىلدى. بىر كىچىك
مەيدانغا توپلانغان يېزا خەلقى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ۋە زو-

مىگەرگە قارشى قاتتىق كۈرەش ئىرادىسى بىلەن تەييارلانغان ئىدى.
بىر ئازدىن كېيىن مەيدان سەھنىسىگە بىر نەچچە دېھقان قولى باغلاز-
غان زومىگەرنى ئېلىپ كەلدى. دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى
سەھنىدىن ئورۇن ئالغان ئىدى. دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى زو-
مىگەر ئۈستىدىن ئەرزىيەت ئېيتىش كۈرىشى باشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان
قىلدى. كېيىن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىنى سۆزگە تەكلىپ
قىلدى. ئۇ ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە زومىگەردىن تولۇق ھېساب
ئېلىش توغرىسىدا ھەرىكەتلەندۈرۈش سۆز قىلدى. كېيىن شۇ زومىگەر-
نىڭ قولىدا ئېزىلگەن، تاياق يېگەن، پۇت قوللىرى سۇنغان، دادىلىرى
ئۆلگەن، ئاچ زارلىقتا دېۋانىچىلىك بىلەنمۇ ھايات كەچۈرۈش ئىمكانى-
يىتىدىن مەھرۇم قىلىنغان دېھقانلار زومىگەرنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت
قىلدى. مەجلىس ناھايىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. ئاممىنىڭ غە-
زىپى پەلەككە يەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن ئېتىلىپ تۇرغان شۇئارلار، كۆ-
زىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزۇش ئەرزىيەت ئېيتىۋاتقان دېھقانلار ھە-
قىقەتەن قەتئىي سىنىپىي مەيداندا تۇرۇپ زومىگەرلەر بىلەن ھېساب
كىتاب قىلىشماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەھنىگە 15 ياشلىق بىر
قىز چىقتى، بۇ قىزنىڭ شۇ تۇرقىدىن قانداق ئازاپ تارتقانلىقىنى
كۆرگىلى بولاتتى. ئۈستىدىكى كۆينەك ئىشتانلىرى كىيىم دېگۈچىلى-
كى يوق. دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ قىسقا قىلىپ بۇ قىزنىڭ ئاتا ـ بو-
ۋىلىرىدىن تارتىپ مۇشۇ زومىگەرنىڭ قولىدا ئېزىلىپ كەلگەنلىكىنى،
ئېغىر ئازاب تارتقانلىقى، بۇلارنىڭ جەمەتىدىن ئاز بولمىغان ئادەم مۇ-
شۇ زومىگەرنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپ، قىزغا سۆز بەردى.
(ئىسمى ئايشەم بولۇشى كېرەك) بۇ قىزچاق ناھايىتى ھاياجان ۋە غەزەپ
ئىچىدە يىغا زار بىلەن زومىگەرنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشقا باش-
لىدى. بۇ قىز ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ھەم ئانىسىنىڭ زومىگەرنىڭ قات-
تىق ئۇرۇشى بىلەن ئۆلگەنلىكىنى ئېيتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ زومى-
گەرنىڭ قولىدا كىچىك بالا ۋاقتىدىن تارتىپ ئېزىلگەنلىكىنى، زومى-
گەرنىڭ بالىلىرىنى بېقىپ، ئېغىر قارا خىزمەتلەرنى قىلىپ قورسىغى-
نىڭمۇ تويماي بىر نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتكەنلىكىنى، ئاخىرى بىر
كۈنى زومىگەرنىڭ خوتۇنى ئۇنى ئۇرۇپ تىللاشتىن باشقىرى قولىدىكى

www.uyghurkitap.com

قاچىنى ئېتىپ قارىغۇ قىلىۋەتكەن ئاشۇ كۆزىنى قولى بىلەن كۆرسە-
تىپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىگەندە پۈتۈن مەيداندىكى خەلق شۇئار تـوۋلاپ
ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كېيىن دېھقانلار غەزەپ بىلەن سەھ-
نىگە ئېتىلدى. ئەپتىدىن قارىغاندا دېھقانلار سەھنىگە بېسىپ زومىگەر-
نى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن قايتمايتتى. شۇ ۋاقىتتا باغلاقلىق قولى يۇ-
قىرىغا ئېسىقلىق زومىگەر ئورۇپ ئۆلتۈرۈشكە كۆزى يەتكەندىن كېيىن
ماڭا قاراپ (مەن تۆۋەندە مەيداننىڭ ئالدىنقىسى قاتارىدا ئولتۇراتتىم)
«ۋاي ئاتا، مېنى قۇتقۇزسىلا، مېنى قۇتقۇزسىلا...» دەپ زارلىدى. دېھ-
قانلار سەھنىگە چىقىشقا باشلىدى، ئادەم ئۆلۈش ۋەقەسى كۆزگە كۆرۈ-
نۈپ قالغان. مەن سەھنىگە چىقىپ، دېھقانلارغا نەسىھەت قىلىپ سەھ-
نىدىن چۈشۈرۈۋەتتىم، دېھقانلارغا، مۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى،
ھەممە ئادەمنىڭ قايتىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا تەرتىپ بىلەن ئولتۇرۇپ تەر-
تىپلىك شىكايەت ـ كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. شۇنىڭ
بىلەن زومىگەرگە قانداق جازا بېرىلىشىنى كېيىن دېھقانلار جەمئىيىتى
قارار قىلىدىغانلىقىنى ۋە يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ھەل قىلىدىغان-
لىقىنى ئېيتتىم. دېھقانلار ماقۇل بولۇپ ئورۇنلىرىغا قايتتى.

قىزچاق شىكايىتىنى داۋام قىلدۇرماقتا. بۇ قىز ئەرزىيەت يىغى-
سىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلگەندە ئاھاڭغا سېلىپ يىغلايدىغان
ئاشۇنداق يىغا ئاھاڭ بىلەن داۋام قىلدۇردى. بۇ قىزنىڭ مۇنداق ئېچى-
نىشلىق يىغىسى ھەر قانداق يۈرەكنى قاتتىق ئادەمنىمۇ ئېچىندۇراتتى.
راستىنى ئېيتسام مېنىڭمۇ يېنىمدىكى ساقچى بالىنىڭ تاپانچىسىنى
ئېلىپ زومىگەرنى ئېتىپ قىز ئۈچۈن ئۆچ ئېلىپ بەرگۈم كەلدى. لې-
كىن بۇنداق قىلىشقا بولمايتتى. ئاخىرى قىز ھېرىپ ھالىدىن كەتتى.
مەجلىس توختىدى. دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بۈگۈنكى مەج-
لىسنىڭ ئەھۋالىدىن خۇلاسە قىلىپ سۆزلەشكە باشىدى. شۇ ۋاقىتتا
مەن ئايشەمنى چاقىرىپ يېنىمغا ئولتۇرغۇزدۇم. چاي بەردىم. قىز ھامان
كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلىرىنى سۈرتۈپ يىغلاتتى. ئۇنى ئاخىرى
پەس قىلدۇق.

مەن قىزدىن ئۆزىنىڭ بوۋىلىرىنى ئائىلە جەمەتىنىڭ قايەردە ئى-
كەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھازىر ئەمدى قانداق تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى-

نى سورىغان ئىدىم، مەن يەنە يىغلاپ تۇرۇپ بوۋىسىنىڭ ئېغىر ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ھەممە تۇغقانلىرى گەمىدە ياشايدىغانلىقىنى، ھازىرغىچە بىر مۇنچىسى دىۋانىچىلىك قىلىپ بىر مۇنچىسى مەدىكارچىلىق بىلەن ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەجلىس تۈگىدى. مەن قىزنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قىزنىڭ تۇرغان جايىغا باردۇق. بۇ بىر كونا ئۆستەڭمۇ ئىش قىلىپ بىر يالىق جاي ئىكەن. مۇشۇ يارلىقتىن قاتىرىغا قېزىلغان گەمىلەردە ئادەملەر ياشايدىكەن. مەن بارغاندىن كېيىن ئاشۇ گەمىلەردە ياشايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر توپلاندى. بىر ئاقساقال مېنى بىر باشلاپ بىر گەمىدىكى بىر ئاقساقال بوۋاينىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى. بۇ بوۋاي ئاشۇ قىزنىڭ بوۋىسىمۇ ياكى دادىسىنىڭ بوۋىسىمۇ، ئىشقىلىپ ئاشۇ دىۋانىلەر ئائىلىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ياشلىق كىشىسى ئىكەن. بۇ ئادەم 126 ياشقا كىرىپتۇ. تېنى يەنىلا تېتىك. ئەمما ئولتۇرۇپ قاپتۇ. قوناق شېخى يېپىلغان كىچىككىنە بىر سۇپىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ. كىيىملىرىنىڭ كىيىم دېگۈچىلىكى يوق. ناھايىتى ۋەيرانە. ئۆيگە قارىسام ماياقتا بىر قازان بىر قومۇچ تۆت بەش ھېجىر، بىر چۆگۈن، سۇ تولدۇرۇلغان چوڭراق بىر قاپاق، ئۇنىڭ يېنىدا سۇ توشۇيدىغان ئىككى قاپاق تۇرىدۇ. بۇ دېھقانىنىڭ پۈتۈن ئائىلە ئەھۋالى مۇشۇ ئىكەن. بۇ ئادەم ماڭا ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بەردى... ئېچىنىشلىق، بەكمۇ ئېچىنىشلىق. بۇ ئادەم يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى. مەنمۇ يىغلىدىم. مەن بىلەن كەلگەن يولداشلار ۋە شۇ مەھەللىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى يىغا زار قىلدى. كېيىن مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارغا كۆڭۈل قويدۇم. ئاندىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى سورىغاندىم، بىر ئاقساقال تىمەن ئادەمنى كۆرسىتىپ: «بۇ مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم 90 ياشقا كىردى. ئاۋۇ تۇرغان ئۈچىنچى ئوغلۇم، ئىككىنچى ئوغلۇم ئۆلۈپ كەتكەن. ماۋۇلار ئۆيگە سىغماي سىرتتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ نەۋرە ئەۋرە چەۋرىلىرىم بولىدۇ. راستىنى ئېيتسام مېنىڭ پۈتۈن ئەۋلاتلىرىم قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن...» دەپ ئۇ كۆپ يىغلاپ سۆزلىدى. مۇشۇ سۆھبەتلىشىش داۋامىدا ئايشەم قىز مېنىڭ قولۇمنى قويۇۋەتمەي يېنىمدا يىغلاپ ئولتۇردى. مەن ئۇلارغا بۇ قىزنىڭ چوڭ ئىنقىلابچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردىم: «بۇ قىز سىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممە پۈتۈن ئەۋلادلارنىڭ زومىگەردىن ئەنتىمىنى ئېلىپ بەردى. مەجلىسكە قاتناشقان بارلىق ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈۋەتتى» دېدىم. بوۋاي خۇشال بولۇپ كۆز يېشى قىلدى. قىز بېرىپ يىغلاپ بوۋايغا ئۆزىنى ئاتتى. بوۋاي قىزنىڭ بېشىغا پېشانىلىرىغا ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ قىزنى سۆيۈپ، بېشىنى سىلىدى. بوۋاينىڭ يىرتىق چاپان ئىچىدىن تەنلىرى تىترەيتتى. ئۈستۈمدىكى جۇۋامنى يېشىپ بوۋاينىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدۇم. خەقلەر چاۋاك چېلىشتى. بوۋاي كۆز يېشى قىلدى. قىز يەنە ماڭا كېلىپ ئېسىلىپ يىغلىدى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلى ئىدى. كېيىن مەن دېھقانلار جەمئىيىتىگە مۇشۇ بوۋاينىڭ ھەم قىزنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇشۇ ئائىلىنىڭ ھازىرقى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغان، تۇرمۇش ئۆتكۈزەلمەيدىغان دەرىجىدە بولغان تۇغقانلىرىغا ھازىرچە شۇ قوساق تويغۇزغىلى بولىدىغان ياردەم قىلىش لازىملىقىنى ئېيتتىم، ئۇلارغا ۋەدە قىلدىم.

مەن بۇ زومىگەر ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت مەجلىسى، بولۇپمۇ ئايشەم قىزنىڭ زومىگەر ئۈستىدىن قىلغان كۆز يېشىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ئاھاڭلىق يىغا زارى بىلەن قىلغان شىكايىتىنى ئاڭلاپ باشقىلارغا ئوخشاش تەسىرلەندىم. مەن شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، زومىگەر پومىشچىكلارنىڭ زۇلمى ئېغىرلىقىنى، كەمبەغەل ياللانما دېھقانلار ئېغىر ئازابتا كۈن كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. مەن ئۆسكەن جايدىمۇ مۇنداق ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنگەن سىنىپىي ئايرىما، زۇلۇم، تاياق ئازاپلار بولۇپ تۇراتتى. لېكىن بۈگۈنكى مەن كۆرگەن ئەھۋال، قىزنىڭ زارلىنىپ قىلغان شىكايىتى، 126 ياشقا كىرگەن بوۋاينىڭ ھەم ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ زامان ـ زاماندىن دىۋانىچىلىق قىلىپ يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە زومىگەرنىڭ مەجبۇرىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ئەمگەك قىلىپ تايىنىپ، يەپ كەلگەن ئەھۋاللىرىنى مەن تولۇق بىلمەيدىكەنمەن. بۈگۈنكى ئەھۋال ماڭىمۇ بىر چوڭ تەربىيە بولدى. سىنىپ، سىنىپىي كۈرەش، سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇھىملىقى، يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش تەييارلىقىنىڭ يەر ئىسلاھاتىنى چوقۇم غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈش لازىملىقىنى مەن يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشەندىم.

مەن مۇشۇ ئايشەم قىزنى ئۇزاق كۆرەلمىدىم. بىر كۈنلەردە ئۇرۇم-

چىدە بىر ئاكتىپلارنىڭ مەجلىسىگە كەپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. كېيىن تاپقۇزۇپ كۆرۈشتۇم. ئۇ ۋاقىتتا بۇ قىز ئەمدى 20 ياشلاردىن ئاشقان بىر ياشلار ئاكتىپى ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن 1963 ـ يىلى مەن قەشقەر ئوپال رايونىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشقان ۋاقىتتا، توقۇزاق ناھىيىسىدە بىر مەجلىس بولدى. مەجلىستە دەم ئېلىشتا تالاغا چىققان ئىدىم، بىر ئايال ناھايىتى ھاياجان بىلەن كېلىپ ماڭا گەپ قىلماقچى ئىدى. يېنىمدىكى بىر ئايال (ئېسىمدە بولسا ئۇ قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاياللار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك) ئۇ ئايالغا قاراپ: «سىز گەپ قىلماي تۇرۇڭ» دېدى، ماڭا قاراپ تۇرۇپ: «سىلى ياخشى قاراپ باقسىلا، مۇشۇ كىشىنى تونۇدىلامىكىن؟» دېدى. مەن دىققەت بىلەن قاراپ قالدىم. قارىسام خېلى بەستلىك كەلگەن ئالاھىدە بويى تارتقان بىر چوكان، دىققەت قىلىپ قارىسام بىر كۆزى قارىغۇ. «مانا بۇ ھېلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان ئايشەمگۈل ئەمەسمۇ؟» دېگەن ئىدىم. ئۇ ماڭا ئېسىلىپ قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. ئەتراپتىكى ئامما كۆز يېشى قىلىشتى. مەن كېيىن ئۆزۈمنى تۇتۇپ «چوڭ ئادەم بولۇپ قاپلا، يەنە يىغلامدىكەن، ئۇ يىغا دېگەن ئاشۇ زومىگەرنى كۆرەش قىلغاندا ئۆتۈپ كەتكەن. ئەمدى يىغلىمايمىز» دېگەن ئىدىم. ئۇ ئېسىلىپ كۈلۈپ كۆز يېشىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۆزىنىڭ مېنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن خۇشاللىقىنى ئېيتتى. بۇ ۋاقىتتا ئايشەم بەشكېرەم رايونى ئاياللار جەمئىيىتىدە مەسئۇل خىزمەتتە ئىكەن. (باشلىغىمۇ يا مۇئاۋىنىمۇ، ئىش قىلىپ مەسئۇل كادىرلىرىنىڭ بىرى ئىكەن، ئېسىمدە يوق.) كېيىن يېنىمدىكى يولداشلارغا بۇ كىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇردۇم. ھەممەيلەن ناھايىتى ھاياجانلىنىپ بىر ـ بىرىدىن ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كېيىن ئېھتىمال 1977 ـ يىلىمىكىن مەن قەشقەرگە بارغاندا ئىزدىگەن ئىدىم. بار دېيىشتى. بىر كەلسە كۆرۈشەي دېدىم، لېكىن كۆرۈشەلمەي قالدىم. مۇشۇ 15 ياشلىق قىز ئاشۇ پۈتۈن ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈۋەتكەن، ناھايىتى گەپدان ئەمگەكچى قىزنىڭ ئوبرازى مېنىڭ قەلبىمدىن زادىلا ئۆچمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ قىزنى ھەر بىر ئەسلىگەندە شىنجاڭدىكى فېئوداللىق تۈزۈم ھەم زومىگەر پومېشچىكلارنىڭ دېھقانلارنىڭ قانچە-

www.uyghurkitap.com

لىك قېنىنى شورىغانلىقى، قانچىلىك زۇلۇم قىلغانلىقى دائىم ئېسىمگە كېلىدۇ.

ئۇ ۋاقىتتا يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەرىكىتى 1950 - يىلى مەن تۇرغان مەكتەپكە باردىم. 80 ياشقا كىرگەن بوۋاي مەن بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى. ناھايىتى ھاياجان بىلەن كۆرۈشتى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى سىنىپىي كۈرەش، دېھقانلار ئىنقىلابى، شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ بۇ يەردە دېھقانلار بىلەن قانداق پائالىيەتتە بولغانلىقىم، ھەم ھېلىقى مەن ياتقان مەكتەپنىڭ سىنىپىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردىم. يەنە بىر نەچچە بوۋاي كەلدى. ئۇلار بىلەنمۇ قىزغىن پاراڭلاشتۇق. توققۇزاق ناھىيىسىدىن كەلگەن يولداشلار، ۋىلايەتتىن كەلگەن يولداشلارمۇ بىللە بولدى. ئۇلارمۇ مەن، بىزنىڭ ئاشۇ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ۋاقتىدىكى ئەھۋاللىرىمىزنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدىم، ئۇلارمۇ ناھايىتى تەسىرلەندى.

مۇشۇنداق قىلىپ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ھەرىكىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايونى بويىچە يۈرگۈزۈلدى. ئاندىن كېيىن شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ھەم 1952 - يىلىنىڭ بېشىدا يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىشكە ئۇلاپ ۋىلايەتلەردە بىر ئىككىدىن يېزىنى تاللاپ يەر ئىسلاھاتىنىڭ سىناق قىلىش ھەرىكىتى باشلاندى. مەن 1952 - يىلى 1 - ئايدا، ئاۋۇ يېزىدىن يۆتكىلىپ، قەشقەر ناھىيىسى پاختەكلى يېزىسىغا يەر ئىسلاھاتى سىناق خىزمىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن باردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## تۆتىنچى باب يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى

مەن بارغاندا يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسى كېلىپ ئىش باشلىغان ئىكەن. مەن ئاۋۋال خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلارنىڭ پاختەكلى يېزىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدىم. جياۋ زىخې (ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ داڭۋېي شۇجىسى) يەنە لى بۇجاڭ (تولۇق ئىسمى يادىمدا يوق ئاتۇش ناھىيە داڭۋېي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىكەن.) مۇسا روزى (ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى) قاتارلىق يولداشلار خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى ئىكەن. مەن يولداشلارنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزۈم يېزىنىڭ ئەھۋالىنى بىۋاسىتە ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. زىيا سەمەدى (ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى)، شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ قاتارلىق بىر نەچچە يولداش ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىدىن بىر قىسىم ئارتىسلارنى ئېلىپ بۇ يېزىغا كەلگەنىدى. مېنىڭ يېنىمدا شىرخانوپ دېگەن بىر كاتىپ بولىدىغان، ئۇنىڭدىن باشقا ماڭا ياردەم قىلىدىغان بىر نەچچە ئادەم بار ئىدى. بىز خىزمەت بۆلۈشۈپ چەتلەرگە تارالدۇق. دېھقانلارنىڭ ئائىلىلىرىگە كىرىپ ئەھۋال ئىگىلىدۇق. دېھقانلار بىلەن مۇڭداشتۇق. دېھقانلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىدۇق. بىز يېزىغا بارغاندىن كېيىن، دېھقانلار تېخىمۇ خۇشاللىق ھەم ئىشەنچى بىلەن يەر ئىنقىلابىغا قىزغىن قاتنىشىدىغانلىقىنى ۋە پارتىيىدىن، ماۋ جۇشىدىن رازى ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى. بولۇپمۇ كەمبەغەل، ياللانما دېھقانلار ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىر توغرىسىدا يىغلاپ تۇرۇپ دەرت — ئەھۋاللىرىنى ئېيتىشتى. بىز دېھقانلارنىڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ بىۋاسىتە سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدۇق.

پاختەكلى يېزىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى — بۇ يېزا قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە دېھقانلىرى قاتتىق ئېزىلگەن، ئازاپ تارتقان بىر قالاق يېزا ئىكەن. دېھقانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، دېھ-

www.uyghurkitap.com

قانلارنىڭ تۇرمۇشى بەك خاراپ، بىر كىچىك باشلانغۇچ مەكتەپنى ئېتىبارغا ئالمىغاندا، مەدەنىيەت دېگەندىن ھېچ قانداق ئەسەر يوق. يېزىنى ئاساسەن بىر چوڭ پومېشچىك ئۇنىڭدىن كېيىن كەنتلەر بويىچە بىر نەچچە پومېشچىكلەر باشقۇرۇپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىكەن. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئېغىرچىلىقلارنى كۆرگەندىن كېيىن بەك ئېچىندۇق. ئۆيلىرىدە يەرگە سالىدىغان كىگىزنىڭمۇ تايىنى يوق. يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەك بار بىلەن يوقنىڭ ھېسابىدا. بىر قازان چۆمۈچ ۋە بىر نەچچە غىجىر، بىر ياغاچ ساندۇق، يىرتىق كىگىز، چورۇق بورا، يىرتىق كۆرپە مانا بۇلار دېھقانلارنىڭكى ئومۇمىي مال - مۈلكىدىن ئىبارەت. كەمبەغەل، يالانما دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ پومېشچىكلەرگە يالىنىپ ياكى ئىجارىكەشلىك قىلىپ تاپقان پۇلى ياكى ئاز يېرىم ئاشلىقلىرى بىلەن ئاچ توقنىڭ ئارىلىقىدا ئىش قىلىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. بۇ يېزا بويىچە يەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى 80% تىن ئارتۇقى ئاشۇ بىر زومىگەر، بىر نەچچە پومېشچىك ۋە باي دېھقانلارنىڭ قولىغا توپلانغان. بۇلار يەر مۈلۈككە باغلاپ تۇرۇپ، دېھقانلارنى خالىغانچە ئېزىدىكەن. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىكەن. بۇ يېزىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدىن ئالغاندا، دېھقانلارنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىدىن ئالغاندا بۇ يېزىنىڭ تۈزۈمى «قۇل دېھقانلار تۈزۈمى» دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ يېزا ئاساسەن شال تېرىش بىلەن ھەم قوشۇمچە باشقا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. يەر ناھايىتى ئاز، زىچ مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دېھقانلارنىڭ ئۆز يېرىدە ئۆزى ئۈچۈن قوساق تويغۇزىدىغان ۋە كىيىم - كېچىكى پۈتۈن بولىدىغان ئەھۋالىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

بىز ناھايىتى جىددىي ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئاۋۋال دېھقانلار ئاممىسىنى تەربىيىلەش ۋە تەشكىللەش خىزمىتىنى تۇرغۇزدۇق. دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىل قىلىپ، دېھقانلار يەر ئىسلاھاتىغا ئۆزلىرى رەھبەرلىك قىلىدىغان، يېزىنىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ئىشلىرىغا ئۆزى خوجايىن بولىدىغان شەرت مەيدانغا كەلدى. مۇشۇ شەرت ئاستىدا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. ئالدى بىلەن پومېشچىك زومى-

گەرلەرنى كۆرەش قىلىش، ئۇلار بىلەن ھېسابلىشىش، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ يەرلەرنى كەمبەغەل دېھقان يالالنما دېھ-قانلارغا بۆلۈپ بېرىش، شۇنىڭ بىلەن پومېشچىكلارنىڭ ئۆزلىرىدىن ئارتۇق مۈلۈكلىرىنى، چارۋا مال، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئاشلىق ۋە باشقىلارنى توپلاپ دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىش ھەرىكىتى ئېلىپ بې-رىلدى. بۇ «دېھقانلارنىڭ كۆرەش مېۋىسى» دەپ ئاتالدى.

پاختەكلى يېزىسى بويىچە يەر ئىسلاھاتىنىڭ كۆرەش مېۋىلىرى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى خەلقنىڭ يېڭى خۇ-شاللىق كەيپىياتلىرىنى تەسۋىرلەش ناھايىتى قىيىن ئىدى. دېھقانلار چوڭ كىچىك، ئەر ـ خوتۇن، بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ھەممىسى خۇددى زامان ـ زامانلاردىن تارتىپ ئۆزلىرىنىڭ گەجگىسىنى بېسىپ كەلگەن، نۇرغۇن زۇلۇم ئازاپ ئوقۇبەتلەرگە سالغان، زۇلۇم يۈكلىرىدىن ئازاد بولۇپ، ھەممىگە ئۆزلىرى خوجايىن بولغانلىقلىرىنى ھېس قىلا-غاندىن كېيىن خۇشاللىقلىرى ئىنتايىن چوڭ بولدى. ئۇلارنىڭ خۇشال-لىقى ھەر قاچان ئۆزلىرى ئويلاپ باقمىغاندەك ناھايىتى بولدى. دېھ-قانلار: «بىز ئەمدى راست ئازاد بولدۇق!»، «بىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىس-تىك پارتىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭ بىز دېھقانلارنىڭ ھەقىقىي باشپاناھى ئىكەن» دېيىشتى.

پاختەكلى يېزىسىنىڭ يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ئاخىرلاشتى. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتۈن يېزا بويىچە يەر ئىسلاھاتى ئاياقلىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ مەجلىس ئۆتكۈزۈلدى. بۇ چوڭ يىغىن «دېھ-قانلار تويى» دەپ ئاتالدى. شۇ كۈنى سەھەردىلا پۈتۈن يېزا خەلقى بايرام كەيپىياتى ئىچىدە ھەرىكەت باشلىۋەتتى. ئەتىگەندە مەن بىز تۇرغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىققان ئىدىم، يېزىنىڭ ھەممە كەنتلىرىدىن چې-لىنغان داقا ـ دۇمباقلار، كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلىرى، با-لىلارنىڭ چۇقانلىرى ئەتراپنى قاپلىغان ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ خەلقنىڭ ئۆمرىدە كۆرۈلمىگەن بىر كارامەت توي باشلانغان ئىدى.

مەن ئەشۇ ئۆگزىدىلا بىر باغلام قوناق شېخىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇ-رۇپ دەپتەر ـ قەلەمنى ئېلىپ يېزا بويىچە مەن كۆرۈۋاتقان ئەھۋاللارنى يېزىشقا باشلىدىم. يېزا ـ كەنتلەردىن ناخشا ـ شېئىرلار ئوقۇغان ئو-

قوغۇچىلار، ياشلار، ئەر- ئايال دېھقانلار داقا - دۇقباق، سۇناي - كانايلىرىنى چېلىپ يېزىنىڭ مەركىزىگە ئاقماقتا. بۇ ئەھۋالنى، بۇ كەيپىياتنى مەن يېزىپ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىسەممۇ قولۇمدىن كەلگەنچە خاتىرىلىدىم. ئەنە دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار، كادىرلار بىز تۇرغان پومپېشچىك ھويلىسى ئالدىدىكى مەيدانغا يىغىلىشقا باشلىدى...

كىشىلەر توي مەركىزىنىڭ باشلىنىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. بىز خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كادىرلار مەيدانغا كەلدۇق. دېھقانلارنىڭ چاۋاك شۇئارلىرى ئاستىدا ۋاقىتلىق تەييارلانغان سەھنىگە چىقتۇق. دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى يەر ئىسلاھاتىنىڭ تەنتەنىسى - دېھقانلار تويىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. يەنە شوئارلار، داقا - دۇمباق ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا ئىئانە بەردى. ئاندىن كېيىن دېھقانلار ۋەكىللىرى بىر - بىرلەپ سۆزگە چىقتى. شۇنداق قىلىپ سۆزلەر قىزىۋاتقان مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭ چۇداڭۋېينىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ۋىلايەت پارتىيە، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىلەن بىرگە چاۋشيەننىڭ قەشقەرگە كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ كەلدى (ئۇ ۋاقىتتا ئامېرىكىغا ھەممىسى قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش) ھەرىكىتى داۋام قىلىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. جۇڭگوغا رەھمەت ئېيتىش چاۋشيەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۇرۇمچىگە كېلىپ، قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ مەسئۇل كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ چاۋشيەنلىك دوستلارنىڭ كېلىشى مەجلىسنىڭ روھىنى يەنە كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇلارنى قارشى ئېلىش سۆزى سۆزلەندى. چاۋشيەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى دېھقانلار تويىنى مەدھىيىلەپ سۆزلىدى. كېيىن ۋەكىللەر، مېھمانلار كەتتى. چوڭ يىغىن داۋام قىلدى. يىغىن بارغانچە دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. يىغىندا سۆزلەنگەن سۆزلەر، ئوقۇغان شېئىرلار، ئوينىلىۋاتقان كانسېرت - ناخشىلا كىشىنى ناھايىتى قىزىقتۇراتتى. مەجلىسنىڭ ئاخىرىدا مەن سۆزلىدىم، ئاندىن كېيىن مېنىڭ تەكلىپىم بويىچە پاختەكلى دېھقانلىرىنىڭ ماۋجۇشىغا يازغان سالام خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

مەن ئەشۇ چوڭ مەجلىستىن بىر ئىككى ھەپتە ئىلگىرى دېھقانلار

خۇشاللىقىنى ماۋ جۇشىغا قانداق يەتكۈزۈش توغرىسىدا ئويلىنىپ، ئاخىرى بىر شېئىر خەت يېزىش پىكرىگە كەلدىم. تىپىپچان بىلەن بۇ خەتنىڭ ئۇمۇمى توغرىسىدا قايتا ـ قايتا سۆزلەشتۇق. كېيىن خەتنى تىپىپچان شېئىر بىلەن يېزىپ چىقتى. تۈزەتتۇق. بۇ خەت خېلى ياخشى بولۇپ چىقتى. خەتنىڭ بېشىغا تۆۋەندىكى قۇرلار بىلەن باشلانغان (بۇ يەرگە خەتتە بېشىدىن ئۇچ تۆت كوپلېت كىرگۈزۈۋېلىش لازىم.) خەتتە دېھقانلارنىڭ تەنتەنىلىك تويىنى ماۋ جۇشىغا يەتكۈزۈش ۋە ماۋ جۇشىغا رەھمەت سالام! دېگەن يېرىگە كەلگەندە دېھقانلار كۆز ياشلىرىنى قىلىپ تۇرۇپ «ياشىسۇن ماۋ جۇشى» دەپ شوئار توۋلاشتى. خەتتە پاختەكلى دېھقانلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە تارتقان زۇلۇم، جاپا، دەرت ـ ئەلەملىك كۈنلىرى بايان قىلىنغان يېرىگە كەلگەندە دېھقانلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاشتى. ھەتتا ئەر ـ ئايال دېھقانلار ئاۋازلىرىنى قويۇۋېتىپ ھازىر يىغلىغاندەك ھۆكۈرەپ يىغلاشتى. خەتنىڭ دېھقانلارنىڭ يەر ئىسلاھاتىنىڭ غالىبىيەتلىرىنى، ھەم ماۋجۇشىغا رەھمەت تەشەككۈرلىرىنى يازغان يېرىگە كەلگەندە، دېھقانلار چوڭ خۇشاللىق كەيپىياتىغا چۆمۈپ، شوئارلار بىلەن داقا ـ دۇمباقلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقلىرىنى بىلدۈردى. خەت ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلغان بولۇپ، بىز شۇ خەتنى يازغان ئادەملەرمۇ خەتنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىمىزنى كۆز ياشلىرىمىزنى ۋە ئاخىرىدا خۇشاللىقلىرىمىزنى باسالماي قالدۇق.

مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ خەتنى ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە كاتتا قەغەزگە چوڭ ھەرپ بىلەن يازدۇردۇم. ئاندىن چىرايلىق ئوراپ، ئۈستىدىن تاۋار لېنتا بىلەن باغلاپ بېيجىڭگە مەجلىسكە بارغاندا، ئالاھىدە ماۋ جۇشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزۈم تاپشۇرۇپ بەردىم. ماۋ جۇشىگە ئاۋۋال ئۇ خەتنىڭ قەيەردىن قانداق يېزىلغانلىقى توغرىسىدا ئېيتقاندىن كېيىن خەتنى ئاچقان ئىدۇق. ماۋ جۇشى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن خەتكە كۆز يۈگۈرتتى. ئاندىن كېيىنكى بىر كاتىپقا ئوقۇشنى بۇيرۇدى. كاتىپ خەتنى ئوقۇپ چىقتى. گەرچە خەت ئۇنچە قىسقا بولمىسىمۇ ماۋ جۇشى ئاخىرىغىچە ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى. ماۋ جۇشىمۇ بەك تەسىرلەندى. بەزى ئالاھىدە تەسىرلىك يەرلەرگە كەلگەندە ماۋ جۇشى بەك خۇشاللىق كەيپىيات بىلەن دېھقانلارغا رەھمەت ئىزھار

www.uyghurkitap.com

قىلىپ تۇردى. خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ماۋ جۇشى: «قەد كۆتۈرگەن دېھقانلارغا مەندىن سالام ئېيتىڭ، مەن شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ بۇ تەنتەنىلىك توي سالامىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم» دېدى. كېيىن مەن ماۋ جۇشىغا شۇ پاختەكلى دېھقانلىرىغا بىر پارچە جاۋاب خەت يېزىپ بەرسىڭىز، دېگەن ئىدىم. ماۋ جۇشى بولىدۇ، دېدى. ئىككى كۈندىن كېيىن پاختەكلى دېھقانلىرىغا يازغان ماۋ جۇشىنىڭ خېتىنى ماڭا ئەكېلىپ بەردى. بۇ خەتنى شىنجاڭغا ئېلىپ بېرىپ، قەشقەرگە بېرىپ پاختەكلى دېھقانلىرىنى توپلاپ خەتنى ئوقۇپ بەردىم ھەم ماۋ جۇشىنىڭ سالامىنى يەتكۈزدۇم. دېھقانلار پەۋقۇلئاددە خۇشاللىق بىلەن ماۋ جۇشىنىڭ مۇنداق ئالاھىدە خەت يازغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىشتى. (بۇ خەت ھازىرمۇ پاختەكلى يېزىسىدا ساقلانماقتا.)

مەن يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ماۋ جۇشىغا يەر ئىسلاھاتىدىن ئالغان تەسىراتىم ۋە تەربىيەم توغرىسىدا بىر پارچە خەت يازدىم. بۇ خەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: مېنىڭ دېھقانلار ئىنقىلابى، يەر ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ بىر قېتىم چوڭقۇر سىنىپىي تەربىيە ئالغانلىقىم، بۇندىن كېيىن كەڭ ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق كۆرەش قىلىدىغانلىقىم توغرىسىدا يېزىلغان. ماۋ جۇشى بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن شىنجاڭدىن بېيجىڭگە بېرىپ قايتقان ۋاڭ جېندىن ماڭا سالام ئېيتىپتۇ، ھەم «يولداش سەيپىدىننىڭ خېتىنى ئالدىم، ئوقۇدۇم، ياخشى يېزىلىپتۇ. يولداش سەيپىدىنگە سالام ئېيتىڭ. يولداش سەيپىدىن ئۆزى دېگەندەك بىر قېتىملىق چوڭ سىنىپىي تەربىيە ئاپتۇ. بۇ تەربىيە بۇندىن كېيىنكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم قورال» دەپتۇ.

مەن يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا ئىككى پارچە ئەدەبىي ئەسەر يازدىم. بىرسى، مەن يۇقىرىدا ئېيتقان ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلىگەندىن باشلاپ دېھقانلار تويى تامام بولغۇچە بولغان ئەھۋال ـ بۇ «دېھقانلار تويى» دېگەن تېمىدا يېزىلغان ئىدى. يەنە بىرى «تۇردى قاسىمنىڭ خۇشاللىقى» دېگەن بىر ئەدەبىي ئوچېرك. تۇردى قاسىم دېگەن بۇ كىشى پاختەكلى يېزىسىدا ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ پومېشچىكلەر قولىدا ئەڭ قاتتىق ئېزىلگەن ھەم ئېغىر جاپالىق ھاياتنى بېشىدىن كەچۈرگەن

بىر يالالنما دېھقان ئىكەن. بۇ ئادەم يېزىدا يەر ئىسلاھاتى باشلانغاندىن تارتىپ تا ئاخىرىغىچە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە جان دىلى بىلەن ئاكتىپ قاتناشتى ھەم چوڭ رول ئوينىدى. بۇ ساۋاتسىز، لېكىن ئۆزىنىڭ سىنىپىي كۆرەش سەۋىيىسى ئۈستۈن بىر ئادەم بولۇپ، ھەر بىر كۆرەش پائالىيەتلىرىدە، ھەر بىر مەجلىستە كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان، بىز زىيالىيلار ئېيتالمايدىغان ئاددى خەلق تىلى بىلەن ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ دېھقانلارغا ناھايىتى چوڭ تەسىر بېرىدىغان، بۇ ئادەمدىن مېنىڭ ئالغان تەسىراتىم، ھەقىقەتەن چوڭ بولدى. تۇردى قاسىمنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرىكى ھاياتىنى ھايات دېگۈچىلىكى يوق ئىدى. مەن يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن تۇردى قاسىمنىڭ ئۆيىگە يەنە باردىم. ئەمدى يېڭى ئۆيدىكى يېڭى باغدىكى يېڭى تۇردى قاسىم، بۇ شۇ كۈنى مېنى خوتۇن بالىلىرى بىلەن شۇنداق خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدىكى ئۇنى ئەمدى ئۆزىمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن. مۇشۇ ئالغان تەسىراتلىرىمنى ئۇمۇمەن تۇردى قاسىمنىڭ يەر ئىسلاھاتى باشلانغاندىن تارتىپ تا ئاخىرىغىچە بولغان بىر يالالنما دېھقاننىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئەھۋالنى مەن يىغىنچاقلاپ ئەشۇ ئەسەردە يازدىم. (ئۇ ئەسەر شۇ ۋاقىتتا گېزىتلەردە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، كېيىن مېنىڭ بىر ئەسەرلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى.)

پاختەكلى يېزىسىدىكى يەر ئىسلاھاتى چوڭ ئۇتۇق بىلەن تاماملاندى. بىز تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدۇق. خىزمەت گۇرۇپپىسى دېۋىيگە ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدىن تەپسىلىي دوكلات بەردى. مۇشۇ مەزگىللەردە پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى سىناق ھەرىكەتلىرى مۇشۇ 1952 ـ يىلىنىڭ 1 ـ يېرىمىدا ئومۇمىي باشلىنىپ كەتتى. يىل ئاخىرىدا، ئايىغى 1953 ـ يىلىغا كەلگەندە يەر ئىسلاھاتى تامام ئاياقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئەسىرلەر بويى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان فېئوداللىق تۈزۈم ـ پومېشچىك زومىگەرلەرنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىن قىلىپ كەلگەن زۇلۇمىغا خاتىمە بېرىلدى. كەڭ دېھقانلار ئاممىسى ھەقىقىي ئازادلىققا چىقتى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى يەر ئىنقىلابى تۈگەپ، ئەمدى يېڭى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچى باشلاندى.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب سوتسىيالىزم دەۋرىگە قەدەم قويۇش.

يەر ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىپىسى تاماملانغاندىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە (مەملىكەت بويىچىمۇ ئوخشاش) پۈتۈن ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىنقىلابىنىڭ ئىككىنچى قەدىمى — سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش قەدىمى باشلاندى. يەر ئىسلاھاتى بۇ ئومۇمىي ئىنقىلابىنىڭ بىر باسقۇچى بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا تەييارلىقتىن ئىبارەت ئىدى. مەملىكەتنىڭ كۆپ جايلىرىدا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان يەر ئىنقىلابى قوراللىق كۆرەش بىلەن تەڭ ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭدا بولسا تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال پارتىيە ھۆكۈمەت ھەربىي جەھەتتىكى تەشكىلىي خىزمەتلەر ئىشلەندى. تەشۋىقى خىزمەت بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە ئومۇمىي تەييارلىق قىلىنىپ، يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى باشلاندى. بۇ خىزمەت 1951 ـ يىلىنىڭ 2 ـ يېرىم يىلىدا باشلىنىپ، 1953 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە، يەنى ئىككى يىل مىقدارىدا ئېلىپ بېرىلدى. فېئوداللىق تۈزۈم يوقىتىلماي تۇرۇپ، پۈتۈن دېھقانلار ئاممىسىنى ئېكىسپىلاتاتسىيە زۇلۇمىدىن ئازاد قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى تەشكىللەپ تەربىيىلىمەي تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىش قىيىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال يەر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ غالىبىيىتى ئەمەلىيەتتە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ ئالدىنقى قەدىمى بولدى. مۇشۇنداق تەييارلىق شەرتلىرى ھازىرلانغانلىقى ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە ئوخشاشلا شىنجاڭدىمۇ ئەمدى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ يېڭى قەدىمى باشلىنىدى. بۇ قەدەم ئالدى بىلەن سىياسىي ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىق قىلىش، يەنى خەلق ئاممىسىنى سوتسىيالىزم روھىدا تەربىيىلەش، سوتسىيالىستىك ھەرىكەت ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىش، شۇنىڭ بىلەن تەشكىلىي، ئىدىيە ھەم باشقا جەھەتلەردىن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىش ھەرىكىتىگە تەييارلىق قىلىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرىكەت زور كۈچ بىلەن داغۇ داغۇلۇق بىلەن باشلىنىپ كەتتى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى سوتسىيالىزم دەۋرگە قەدەم قويۇشى ــ بۇ شىنجاڭ تارىخىنىڭ تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر مۇھىم باسقۇچى بولدى. ھەرىكەتتە ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسىنى سوتسىيالىزم روھىدا كەڭ تەربىيىلەشتىن باشقا، زىيالىيلار ئاممىسىنى ــ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي كادىرلارنى، پەننى كادىرلارنى، يەنە باشقا ساھەدىكى ئىلمىي خادىملارنى تەربىيىلەش ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. مۇشۇ خىزمەت ياخشى ئىشلەنمىسە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ يېڭى دەۋرى باشلىنىشى قىيىن ئىدى. شۇڭلاشقا شىنجاڭدا پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئىشچى ـ دېھقان ئاممىسىغا يۈلىنىپ تۇرۇپ بۇ كەڭ تەربىيە ھەرىكىتى قانات يېيىپ كەتتى. 1952 ـ يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمى يىلىدىن باشلانغان سوتسىيالىزمدە دەۋرىنىڭ بۇ يېڭى قەدىمى ئومۇمەن ئالغاندا خېلى ئوڭۇشلۇق داۋام قىلدى. ئەلۋەتتە بۇ دەۋردە ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ تۇردى. بۇنداق بىر يېڭى ئىنقىلابىي ھەرىكەتتە مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. 1953 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلى ھەتتا 1959 ـ يىلىغىچە بولغان مۇشۇ دەۋردە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ چوڭ دولقۇنى ئىدىيىۋى كۈرەش ئېلىپ بېرىلىشى بىلەن بىللە ھەر خىل ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىش، بىرلىكسەپ ساھەسىدىكى ئادەملەرنى تەربىيىلەش ۋە بىللە ئېلىپ مېڭىش، مىللىي ۋە دىنىي خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ــ بۇ ئىشلار ئومۇمەن ئالغاندا ياخشى ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما خىزمەتتە بەزى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار، بەزى ئېغىشلار بولۇپ تۇردى. بەزى ۋاقىتتىكى خاتالىقلار مەسىلەن، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش، ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشكە ئوخشاش ھەرىكەتلەردە تاكتىكىغا، سىياسەتكە دىققەت قىلماسلىق خاتالىقلىرى يۈز بەردى. ئەمما يەنە ئۇتۇق ئاساسىي ئورۇندا بولۇپ خىزمەتنىڭ ئالغا بېسىشى ــ غالىبىيەت ئاساسىي ئورۇندا تۇردى.

ئىزاھات ــ يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى جەريانىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بولغان سىياسىي، ئىد-

www.uyghurkitap.com

يىڭۇيي، تەشكىلىي خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلغان يىللاردىكى ئومۇمىي ئۇ-
تۇقلاردىن باشقا خىزمەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە خاتالىقلار توغرى-
سىدا مەن يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇم. بۇ مەسىلە ۋە خاتالىقلار ئاساسەن
مىللىي مەسىلە ھەم دىنىي مەسىلە كۆپرەك كۆرۈلدى. ئاشۇ مەسىلە ۋە
قىيىنچىلىقلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تۈزۈتۈلۈپ بارمـ-
غان بولسا يەر ئىسلاھاتىنى ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىش قىيىن بولغان
بولاتتى.

يەر ئىسلاھاتىدا ياخشى تەجرىبە ۋە ساۋاقلار قولغا كەلدى. بۇنداق
تەجرىبە ـ ساۋاقلارنىڭ ئاساسلىقلىرى: فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرماي
تۇرۇپ، ئىنقىلابتا سوتسىيالىزمغا قاراپ ئالغا بېسىش مۇمكىن ئەمەس-
كەن. يەنە بىرى كەڭ دېھقانلار ئامممىسىدىن ئىبارەت بۇ كۈچنى ئۇزۇل
ـ كېسىل ئازاد قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بولۇش دەرىجىسىگە كۆ-
تۈرمەي تۇرۇپ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىن گەپ ئېچىش مۇمكىن ئە-
مەسكەن. ئاخىرقى بىرى، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى جەريانىدا يالغۇز
دېھقانلىرىلا ئەمەس بارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي كادىرلارنىمۇ سى-
نىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم روھى بى-
لەن تەربىيىلەش ناھايىتى زۆرۈر ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بەشىنچى قىسىم

# ئاپتونومىيە قۇرۇش

www.uyghurkitap.com

www.uyghurkitap.com



## بىرىنچى باب ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق ۋە پىكىر ئىختىلاپلىرى

ئاپتونومىيە جۇڭگودا زادى قانداق قۇرۇلىدۇ دېگەن مەسىلە بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ، مەركەزدىن تارتىپ ئۆلكىلەرگىچە قىزغىن مۇزاكىرە قىلىندى. بۇ مۇزاكىرە 1953 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، يەنى يەر ئىسلاھاتى تاماملاشقاندىن كېيىن باشلاندى. ئاساسىي گەپ: بىرىنچى ــ ئاپتونومىيە جۇڭگودا قوشما رېسپۇبلىكا (يەنى ليەنباڭ جىدۇ) بولامدۇ، ياكى باشقا خىلدىكى ئاپتونومىيە قۇرۇلامدۇ دېگەن مەسىلە. ئىككىنچى ــ ئاپتونومىيە جۇڭگودا قايسى مىللەتلەرگە قايسى دەرىجىدە بېرىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلە. بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇپمۇ بىرىنچى مەسىلە ئۈستىدە مەركەزدىن، مىللىي رايونلاردىمۇ جىددىي مۇزاكىرە قىلىندى.

شىنجاڭدا ئاپتونومىيە قانداق قۇرۇلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى بىز خېلى ئىلگىرىدىنلا مۇزاكىرە قىلىپ كەلگەن. مەن «ئۆمۈر داستانلىرى» 2 ـ كىتابىدا شىنجاڭ ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى غۇلجىدا بۇ مەسىلە قانداق مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ ئۆتكەن. ئاخىرى بىز، شىنجاڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىنى يېڭى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولىدۇ، شىنجاڭدا ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلۇشى» دېگەن پىكىرگە كەلگەن ئىدۇق. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ئۆزىمىز كۆرۈپ بىلىپ تۇرغان ئەھۋال ـ سوۋېت ئىتتىپاقىدا «سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ــ ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىلار» قۇرۇلدى دەپ، بىز مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك دەيتتۇق. بىزنىڭ «شىنجاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى يېڭى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولىدۇ» دېگىنىمىزنىڭ مەنىسى، جۇڭگودىمۇ ئىتتىپاقداش سوۋېتلەر ھاكىمىيىتى بولىدۇ، مىللەتلەر يېڭىچە ئاپتونومىيىگە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭمۇ تېڭ ئەشۇ ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ ئىچىدە بىر ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكا بولۇپ قۇرۇلىدۇ دەيتتۇق. بۇ بىزنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تەجرىبىمىزلا بولۇپ قالماستىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسىنىڭ ئالتىنچى قۇرۇلتاي ئالتىنچى پىلېنومىدا «جۇڭگودا پۈتۈن مەملىكەت ئازاد بولغاندىن كېيىن لىيەنباڭ جىدۇ قۇرۇلىدۇ» دەپ قارار قىلىنغان ئىكەن. ماۋ زېدۇڭمۇ ئۆزىنىڭ سۆزىدە بۇنى ئېيتقان. بىز تارىخىي ھۆججەتلەردىن مۇشۇ پاكىتلارنى كۆرۈپ شۇنداق بولىدۇ، دەپ ئىشەنگەنمىز. شۇڭا بىزنىڭ جۇڭگو ئازاد بولۇش ئالدىدىكى ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى پىكرىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئاساسى بار ئىدى.

مەن 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بىرىنچى نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان مەزگىللەردە جۇڭياڭنىڭ ئاپتونومىيە مەسىلىسىگە قارىتا بولغان پىكرىگە ناھايىتى دىققەت قىلدىم. لېكىن مەيلى ماۋ زېدۇڭ بولسۇن، مەيلى باشقا رەھبەرلەر بولسۇن ئاپتونومىيە توغرىسىدا ئوچۇق گەپ بولمىدى. مۇنداق ئەھۋالدا مەن ئاپتونومىيە توغرىسىدىكى كونكرېت پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھازىر ۋاقتى ئەمەس ئوخشايدۇ، دېگەن ئويغا كەلدىم. بىز بېيجىڭدىن قايتىش ئالدىدا يولداش جۇ ئېنلەي بىلەن شىنجاڭدىكى يېڭى قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەت توغرىسىدا سۆھبەتلەشتۇق.

بۇ قېتىم جۇ ئېنلەي ئاپتونومىيە توغرىسىدا ھېچ قانداق گەپ ئاچمىدى. مەن ئاخىرى: شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيەسى قانداق بولار؟ دەپ سوئال قويدۇم. يولداش جۇ ئېنلەي: «ئاپتونومىيە چوقۇم قۇرۇلۇش كېرەك؟ قانداق بولىدۇ؟ زادى جۇڭگودا دۆلەت تۈزۈمى قانداق بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنى ئويلىنىش كېرەك. ھازىر بىر مەسىلە ئېنىقكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگودىكى ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئورتاق دۆلەت» دېدى. مەن بۇنىڭدىن، جۇڭگودا «لىيەنباڭ جىدۇ بولمايدۇ» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇم. كېيىن مەن يولداش جۇئېنلەيگە شىنجاڭدا يېڭى قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى نېمە دېسەك بولار؟ دېدىم. يولداش جۇئېنلەي: «ھازىرچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەپ تۇرساڭلار، كېيىن يەنە كۆرەرمىز» دېدى. كېيىن مەن: «يېڭى قۇرۇلىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ نامىنى — شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇختارىيەت ھۆكۈمىتى ـ دېسەك قانداق بولار؟» دېدىم. يولداش جۇئېنلەي: «بۇ مەسىلىنى سىلەر قايتىپ ئاۋۋال ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرغاندىن كېيىن، نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كېيىن ئۆز نۆۋىتىدە مۇزاكىرە

قىلساق» دېدى. مەسىلە مەلۇم بولدىكى جۇڭگودا لېنىنىڭ جىدۇ بولمايدىكەن. لېكىن شىنجاڭدا بۇ مەسىلىنى پىكىر ئېلىش خاراكتېرىدە مۇزاكىرىلەشتۇق. مۇزاكىرە داۋامىدا مەن ئاشۇ 6 ـ قۇرۇلتاي 6 ـ يىغىنىنىڭ قارارىنى ئېيتقان ئىدىم. يولداش دېڭ پىچۇن بۇ قارار كېيىن ئەمەلدىن قالغان، ــ دېدى. مەن: «بىز مۇشۇ قارارنىڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز، لېكىن بۇ قارارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز» دېدىم. كېيىن يولداش ۋاڭ جېن ۋە باشقىلار بۇ توغرىسىدا ئىزاهات بەردى. دېمەك، جۇڭگودا بىرلەشمە دۆلەت سىستېمىسى بولمايدىكەن. كېيىن بىز ئاپتونومىيە شەكلى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى قويدۇق. بەزى يولداشلار بۇنىڭغا ئېنىق بىر نىمە دېيەلمىدى. كېيىن، بىز «بۇنى مۇزاكىرە قىلساق، جۇڭيائىمۇ مۇزاكىرە قىلىۋېتىپتۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەسىلە شۇنداق چالا قالدى.

1952 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋاڭ جېن بېيجىڭغا بېرىپ قايتىپ ماڭا: «ماۋ جۇشى سىزنى ئاپتونومىيە توغرىسىدا بىر كونكرېت پىكىر قويۇشىڭىزنى ئېيتتى» دېدى. مەن: «ئاپتونومىيە مەسىلىسىنى جۇڭيائىڭ بىر قارارغا كەلسە ئاندىن سۆزلەشسەك» دېدىم. كېيىن يەنە، جۇڭيائىدىن سىزنىڭ پىكىرىڭىزنى سوراۋاتىدۇ، دېدى. مەن بۇ مەسىلىسىنى ئاخىرى ئويلاپ يۈرۈپ ئىلگىرى ئويلىغانلىرىمنى، كېيىنكى ئەھۋاللارنى بىرلەشتۈرۈپ يۈرۈپ بىر پىكىر لايىھىسىنى يېزىپ چىقتىم. بۇنىڭدا ئىتتىپاقداش ئاپتونوم رېفوبلىكا دەپمۇ ئېيتىلمىغان. ئاپتونوم رايونى دەپمۇ ئېيتىلمىغان. ئاساسىي تېما يەنىلا «شىنجاڭ ئۇيغۇر مۇختارنىيە هۆكۈمىتى» دېمەك دېگەن پىكىرنى يازدىم. ئاپتونومىيىنىڭ تەشكىلىي، ئاپتونومىيىنىڭ ۋەزىپىلىرى، ئۇنىڭدىن باشقا بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا بىر نەرسە يازدىم. بۇنى فىنجۇ چاڭۋېيدا مۇزاكىرە قىلغاندا ئۇچۇق مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. كېيىن ماۋ جۇشىغا جۇڭيائىغا ئەۋەتىپ جۇڭيائىنىڭ يولىيورۇقىغا قارايدىغان بولدۇق.

بۇ مەجلىستە مۇزاكىرە قىلىنغان بىر مەسىلە ـ بۇ مەسىلە ئازادلىقتىن بېرى بىر نەچچە قېتىم تالاش ـ تارتىش بولغان مەسىلە ئىدى. لېنىنىنىڭ «مىللەتلەر ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرۇش هوقۇقىغا ئىگە» دېگەن سۆزىنى قانداق چۈشىنىش هەم قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى

www.uyghurkitap.com

گەپ ئىدى. بۇنىڭغا كۆپرەك دىڭ لىچۇن لېنىننىڭ سۆزى خەلقئارا مىللىي مەسىلىگە، يەنى مۇستەملىكىلەر قولىدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىققا قارىتىپ ئېيتىلغان، دېدى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەكىتلىدى. مەن بۇنىڭغا قوشۇلمىدىم. لېنىننىڭ بۇ سۆزى خەلقئارا مىللىي مەسىلىگىمۇ قارىتىلغان. كۆپ مىللەتلىك بولغان بىر دۆلەتكىمۇ قارىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن لېنىن بۇ سۆزنى قىلغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي ئاپتونومىيە قانداق يۈرگۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتقان، دېدى، ئىش قىلىپ بۇ مەسىلىدە خېلى تالاش - تارتىشلارنى قىلدۇق. دىڭ لىچۇنمۇ لېنىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلىپ چىقتى. مەنمۇ لېنىننىڭ، ئىستالىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، مەجلىستە خېلى مۇنازىرىلەشتۇق. لېكىن بۇ مۇزاكىرىدە ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىمىزنى قايىل قىلالمىدۇق. شۇ بويىچە بۇ ئىش ئاشۇنداق قېلىۋەردى.

1954 - يىلىنىڭ باشلىرىدا بېيجىڭدە ئاپتونومىيە توغرىسىدا مۇزاكىرە بولغاندا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان كەسكىن پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن يالغۇز مەنلا ئەمەس، باشقا مىللىي رايونلاردىن كەلگەنلەر، مەسىلەن: ئىچكى موڭغۇلىيەدىن كەلگەنلەرمۇ بىرلەشمە رېسپۇبلىكا تۈزۈمىنى تەكىتلىدى. ئۇلارمۇ ئەشۇ 6 - قۇرۇلتاي 6 - يىغىنىنىڭ قارارىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. شۇ مەجلىسنىڭ بىرىدە لى ۋېيخەن: «ئۇ قارار شۇ ۋاقىتتا تولۇق مۇزاكىرە قىلىنمىغان قويۇلۇپ قالغان ئىدى، مەملىكەت ئازاد بولۇشنىڭ ئالدىدا ئازاتلىقتىن كېيىن مىللىي ئاپتونومىيە قانداق ھەل قىلىندۇ، دېگەن مەسىلە جىق ئويلىشىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئەشۇ ئىلگىرىكى قارارلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئازاتلىقتىن كېيىن داۋاملىق ئويلىشىش، دېگەن پىكىر بولغان ئىدى» دېدى. ئاخىرى لى ۋېيخەن خۇلاسە قىلىپ، جۇڭگونىڭ ھەم جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن جۇڭگودا رايونلۇق ئاپتونومىيە تۈزۈمى يۈرگۈزۈش، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە رايونلۇق ئاپتونومىيە، ئوبلاستلىق ئاپتونومىيە، ناھىيىلىك ئاپتونومىيە، كېيىن مىللىي يېزا قۇرۇش كېرەك، دېگەن پىكىرنى ئېيتتى. يەنە، جۇڭگونىڭ مىللىي ئەھۋالى سوۋېتكە ئوخشىمايدۇ. سوۋېتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر 50% تىن 60% گىچە تەشكىل قىلىدۇ. بىزدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جۇڭگودا ئاران 6% تەشكىل قىلىدۇ، مۇشۇ ئوخشىمايدىغان شارائىتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك، دېدى. بۇ پىكىرلەر جۇڭگىياڭنىڭ يۇقىرى روھى يوليورۇقىغا ئاساسەن بىز شىنجاڭدا ئاپتونومىيىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تەشكىل قىلىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتۇق. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيىسى توغرىسىدا، تالاش - تارتىشلار ناھايىتى جىددى بولدى، ئاخىرى جۇڭگىياڭنىڭ پىكىرىگە بىرلىككە كېلىندى. ئەمدى ئوبلاستقا كەلگەندە مەن بىر پىكىرنى تەكىتلىدىم. قازاق، قىرغىز، موڭغۇلغا ئوخشاش چارۋىچىلىق رايونىدىكى مىللەتلەر ئاشۇ تاغدا تۇرۇپ، كۆچمەن ھاياتتا تۇرۇپ، كۆچمەن مەكتەپتە تۇرۇپ قانداق قىلىپ سوتسىيالىزمنى قۇرىدۇ؟ دېگەن مەسىلىنى قويدۇم. كېيىن مەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپچىلىكى يەنە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى قازاق ئوبلاستى قىلىش، ئايرىم ۋىلايەت قۇرۇش، ئاتۇشنى قوشۇپ قىرغىز ئاپتونومىيە ئوبلاستى قىلىپ قۇرۇش مېنىڭ بۇ پىكىرىمگە بولۇپمۇ ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى چوڭ قارشىلىق بولدى. قارشىلىق ھەتتا ئادەتتىكىچە ئەمەس، ناھايىتى جىددى، ناھايىتى قەتئىي بولدى. مەن قايتا - قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئەشۇ پىكىرىمنى تەكىتلىدىم. يەنى قالغان مىللەتلەرگىمۇ ياردەم قىلىش كېرەك. ئۇلارنىمۇ ئويغا چۈشۈرۈپ تۈزلەڭلىككە چۈشۈپ دېھقانچىلىق قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلارمۇ زاۋۇت قۇرسۇن، تۇراقلىق مەكتەپلەرنى قۇرسۇن، مۇشۇنداق بولغان ۋاقىتتا ئۇلار سوتسىيالىزم يولىغا ماڭالايدۇ، دېگەننى يەنە تەكىتلىدىم. مەسىلەن، ئىلى ۋىلايىتى بىلەن ئاتۇش ناھىيىسىنى ئىككى ئوبلاستقا قوشۇپ بېرىشى مەسىلىسىدە، مەن كۆپرەك ئۇيغۇر كادىرلارغا كەڭ قورساق بولۇش كېرەك. يەنى شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئاساسىي چوڭ مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە جىقراق ياردەم قىلىش كېرەك، دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇردۇم. ئاخىرى شۇنداق بولدى.

بۇندىن باشقا بايىنغولىن مەسىلىسى. باشتا قاراشەھەر ناھىيىسى ھەم خوتۇسۇنجۇل ناھىيىسى قوشۇلۇپ بىر قاراشەھەر موڭغۇل ئوبلاستى بولغان ئىدى. كېيىن بۇ 1956 - يىلى ياكى 1957 - يىللىرىمۇ، كورلا ۋىيىتى قوشۇلۇپ كېڭەيتىلدى. مىللىي ئاپتونومىيە قۇرۇ-

لۇشىنىڭ ئالدىدا ئاپتونومىيىنىڭ نامى توغرىسىدا بىر ئاز مەسىلە چە-
قىپ، كېيىن ئاخىرى بۇ توغرا ھەل بولدى. 1954 ـ يىلىنىڭ 1 ـ يې-
رىمىدىن مەن بېيجىڭدە مەجلىسدە بولۇۋاتقىنىمدا يولدا شى جىڭشىن
بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئىككىمىزنى ئۆيىگە چاقىرىپ ئاپتونومىيە توغ-
رىسىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. بۇ يوليورۇقتا
شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيە نامىنى «شىنجاڭ ئاپتونومىيىسى» دېسەك
قانداق؟ دەپ ماۋ جۇشى ئىككىڭلاردىن پىكىر سورايدۇ دېدى. بۇ گەپ
ماڭا ناھايىتى قاتتىق تۇيۇلدى، ھەم تۇيۇقسىز ئويلىمىغان يەردىن كې-
لىپ چىقتى. كېيىن مەن جاۋاب بېرىپ، ـ «ئاپتونومىيە تاغقا، دەرياغا،
زېمىنغا قاراپ بېرىلمەيدۇ. مىللەتكە قاراپ بېرىدۇ، ئەگەردە ئۇ جايدا
مىللەت بولمىغاندا ئاپتونومىيىمۇ بولمايدۇ» دېدىم.

مەن بۇ سۆزنى قىلغاندا بىر ئاز نارازىلىق كەيپىيات بىلىنىپ
تۇراتتى. مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ئىلاجسىز بولغان ئىدىم. بۇنىڭ-
غا شى جۇڭشىنمۇ بىر نېمە دېيەلمەي ھودۇقۇپ قالدى. بۇرھان ئەپەندى
«ۋوي، بۇ سۆزنى ئالدىرىماي قىلسىڭىز بولاتتى، ماۋ جۇشىنىڭ يوليو-
رۇقى ئەمەسمۇ، ماقۇل دېيىش كېرەك» دېدى. مەن ئاچچىغىمنى بۇرھان
ئەپەندىمدىن ئالدىم: «دېسەم نېمە بولىدىكەن، توغرا سۆزنى قىلغىلىمۇ
بولمايدىكەن، مېنىڭ تىلىمنى كېسىۋالامدىكەن؟...» دېدىم. بۇ سۆزنى
قىلىۋاتقاندا ھەم قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى تۇرۇۋالالماي-
دىغان ئەھۋالىمنى سەزدىم ـ دە، دەرھال بېسىق بولۇشنى ئويلىدىم.
كىچىك ۋاقتىمىزدا بىزگە مۇئەللىم بولغان بىر خەلپىتىم «ئاچچىغى
كەلگەندە سوغۇق سۇدا يۈزىنى يۇيۇش كېرەك، ئاچچىقنى توختىتىدۇ»
دېگەن ئىدى، دەرھال شۇ ئېسىمگە كەلگەندە، مەن ھاجەتخانىغا كىرىپ
سوغۇق سۇدا يۈزۈمنى تەكرار ـ تەكرار يۇيدۇم. پېشانەمگە بېشىمغىمۇ
سۇ بىلەن خېلى سوغۇق ئۆتكۈزدۈم. راست، قارىسام بىر ئاز ئاچچىغىم
بېسىلغاندەك قىلدى. شۇندىن كېيىن چىقىپ ئۆزۈمنى خېلى تۇتۇپ
ئېلىپ، تۇرۇپ ئاندىن يولداش شى جۇڭشىنگە: «ماۋ جۇشى ئېگىزدە تۇ-
رۇپ يىراقنى كۆرىدۇ، ماۋ جۇشى بىزدىن تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە كەڭ
ئويلىنىشى مۇمكىن. بىز ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىمىز.
ئەمما مۇشۇ مەسىلىدە ياخشىراق ئويلىشىپ باقساق، «ئۇيغۇر» دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سۆز ئەگەر شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيىسىگە قوشۇلمىسا بۇ ئاپتونومىيە نامىنى خەلقنىڭ رازىلىقىدىن ئۆتكۈزۈش قىيىن، ھەتتا قارشىلىقلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنى سىزنىڭ ماۋ جۇشىغا يەتكۈزۈشىڭىزنى، ھەم ماۋ جۇشىنىڭ قايتا ئويلاپ بېقىشىنى ئۆتۈنىمەن»دېدىم. لېكىن يولدا شى جۇڭشۈن، مەن ماۋ جۇشىنىڭ سىزنىڭ سۆزىڭىزنى قىلاي، دېدى. ئىككى كۈندىن كېيىن شى جۇڭشۈن يەنە ئىككىمىزنى چاقىرىپ، ماۋ جۇشى يولداش سەيپىدىننىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. يەنە «ئۇيغۇر ئاپتونومىيە رايونى» دېگەن توغرا بولىدىكەن، سەيپىدىنگە ئېيتىپ قويۇڭلار دېدى» دەپ تاپشۇردى دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ كۈندىن بېرى ئويلاپ - ئويلاپ ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزەلمىگەن ۋە قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەن بۇ مەسىلە يېشىلدى. بىر نەچچە كۈن يولداش شى لى ۋېنمەن بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇ ئادەم «شىنجاڭ ئاپتونومىيىسىنىڭ نامى توغرىسىدا ماۋ جۇشى سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلدى. ئەسلىدە بۇ سۆزنى ماڭا تاپشۇرغانىدى، مەن سىزنىڭ قوشۇلماسلىقىڭىزنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن سۆزلىشىشكە رازى بولمىغان ئىدىم. ئاندىن كېيىن شۇ يەردە شى جۇشىغا تاپشۇرغان ئىدىم. ماۋ جۇشى سىزنىڭ سۆزىڭىزنى قايتا - قايتا ئويلاپ «يولداش سەيپىدىننىڭ پىكرى توغرا. بىزنىڭ ئويلىغىنىمىز توغرا بولماپتۇ. شۇنداق قىلايلى، يەنىلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونومىيە رايونى دېيىلگىنى تۈزۈك» دېدى. لى رۇيخۇەن، شۇنداق قىلىپ بۇ مەسىلە ياخشى ھەل بولدى. ئاپتونومىيە قۇرۇلدى.

بىر زامانلار ئۆتتى. بىراق مېنىڭ بېشىمدىن ئاشۇ «ماۋ جۇشى تىلىمنى كېسىۋالاتتىمۇ؟» دېدى دېگەن توقماي زادىلا ئۈزۈلمەي كەلدى. ھەر بىر قېتىم ھەرىكەت بولغاندا - يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشتە، شۇجىڭجۇيىغا قارشى كۆرەشتە، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ فېڭ شىنجاڭغا بېرىپ مېنى ئاتالمىش «تەزقىدا»قىلغاندا بۇ سۆزلەر ماڭا قارشى ئادەملەرنىڭ «بىرىنچى ئاتمىغان ئوقى» بولدى. مەن دائىم كىشىلەرگە بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈشتىن باشقا ھېچ چارە قىلالمىدىم. ئەمما سۆزۈمنىڭ توغرىلىقىنى، بىراق سۆزنىڭ قوپال بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدىم.

1955 - يىلى ئاپتونومىيە قۇرۇلدى. ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا بېيجىڭدە يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەن تۇرغان مېھمانخانىغا كېلىپ «جۇڭياڭ سىزنىڭ ئاپتونومىيە رەئىسى بولۇشىڭىزنى قارار قىلدى، شۇنى سىزگە ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمىز» دېدى. مەن «رەئىسلىكنى يەنە بۇرھان ئەپەندىم قىلسا، مەن قولۇم بوشراق بولۇپ چۇداڭچۈپي ھەم باشقىلارغا جىقراق ياردەم قىلىشىم مۇمكىن» دېدىم. كېيىن يولداش دېڭ شياۋپىڭ، جۇڭياڭ ئەتراپلىق ئويلاشتى. شىنجاڭدا پىكرىمۇ مۇۋاپىق دېدى. تەييارلىق قىلدۇق ھەم تەييارلىق تۈگىگەندىن كېيىن، 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونومىيە قۇرۇلدى. يولداش دۇڭ بىۋۇ داڭجۇڭياڭ، ماۋ جۇشىغا ۋاكالىتەن شىنجاڭغا بېرىپ ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشى پائالىيىتىگە قاتناشتى. پائالىيەت ياخشى ئۆتتى.

1955 ـ يىلىنىڭ 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ 3 كۈنى بېيجىڭدە بىر مۇھىم مەجلىس بولىدىكەن، شۇ مەجلىسكە يولداش دۇڭ بىيۋۇ بىلەن ئىككىمىز كەلدۇق. جۇڭنەنخەيدە مەجلىس ئېچىلىپ، دەم ئېلىشتا باغقا چىقىپ دەم ئېلىپ يۈرسەك ماۋ جۇشى چىقىپ قالدى. كىشىلەر ماۋ جۇشىنى ئوراپ ئېلىپ قول ئېلىشىش ئەھۋال سوراش ئىشلىرى بولۇۋاتاتتى. ماۋ جۇشى چەتتىرەك تۇرغان مېنى كۆرۈپ قېلىپ مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ماۋ جۇشى كېلىپ ناھايىتى خۇشال كەيپىياتتا مېنىڭ قولۇمنى قاتتىق سىقىپ تۇرۇپ: «ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشىڭلارنى تەبرىكلەيمىز، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشىڭلارنى تەبرىكلەيمىز» دەپ مېنىڭ قولۇمنى قايتا ـ قايتا خۇشاللىق بىلەن سىقتى. مەن ماۋ جۇشىنىڭ شۇنچە سەممىي، قىزغىن كەيپىياتىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدۇم. بولۇپمۇ ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشىڭلارنى دەپ بولۇپ يەنە تەكرار «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشىڭلارنى تەبرىكلەيمىز» دېگەن سۆزى ماڭا بەك چوڭقۇر تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خۇشال خورام مەجلىسكە كىردۇق. مەن ھېلىقى «تىلىمنى كېسىۋالاتتىمۇ؟» دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچە ئېيتتىم، ئۇ يەردە يولداش بۇرھاندىن باشقا ئۇيغۇرچە بىلىدىغان ئادەم يوق ىدى، ئەمدى بۇ سۆزنى قانداق قىلىپ تارالدى، نېمە ئۈچۈن كېيىن ھە دېسە ماڭا بۇ مەسىلە ئالدىمدىن چىقىدۇ؟ دەپ ئويلىدىم. كېيىن مەسىلە ئېنىقلاندى. بۇرھان ئەپەندى ئاشۇ سۆھبەتتىن كېيىن جۇڭياڭنىڭ قايسى ئورۇنلىرىغا بىر پىكىر يازغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



دىن تاشقىرى چۇداڭۇيىغا ئالاھىدە بىر دوكلات يازغان ئىكەن. مەن بۇ
يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشتە ماڭا ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ پە-
كىرلىرىدىن سېزىۋالدىم.

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشى ۋە مىللىي سىياسەتنىڭ يېڭى باسقۇچى.

ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭدا ئاپتونومىيە قۇرۇلۇپ بولدى. بىر ئاپتونوم رايون، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىرى، ئۇندىن باشقا بىر تاشقورغاندا تاجىك ئاپتونومىيە ناھىيىسى، مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى... قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئوخشاشلا رايونلۇق ئاپتونومىيە قۇرۇش ئىشلىرى ئاياقلاشتى. ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى جۇڭگودا مىللىي مەسىلىنىڭ جۇڭگوچە تۈسىنىڭ بىر كونكرېت ئەمەلىيىتى بولىدۇ. ئاپتونومىيە قۇرۇلۇشى بىلەن بىللە شۇ ھەرىكەتنىڭ ئالدى كەينىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى، كەڭ تەشۋىق قىلىندى. مىللىي سىياسەتنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرى 1949 ـ يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك يىغىنىدا ئومۇمىي پروگراممىدا ئوچۇق بەلگىلەنگەن. بىرى، «جۇڭگودىكى ھەممە مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر»، يەنە بىرى «جۇڭگودا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالىغا قاراپ رايونلۇق ئاپتونومىيە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ». ئۈچىنچىسى، «ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ تىل ـ يېزىق ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھوقۇقلۇق»؛ تۆتىنچى، «ھەر بىر مىللەت ئۆزىنىڭ كادىرلىرى بىلەن ئىشلىرى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق» پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ بۇ پرىنسىپلىرى ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، چوڭ خەنزۇچىلىققا ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ـ دەپ بەلگىلەنگەن. مىللىي سىياسەتنىڭ بۇ پرىنسىپلىرى كېيىن بىرىنچى ئاساسىي قانۇن، ئىككىنچى ئاساسىي قانۇن، ئۈچىنچى ئاساسىي قانۇندىمۇ شۇنداقلا بېكىتىلىپ داۋاملاشتۇرۇلدى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ بۇ ماركسىزمچە پرىنسىپلىرى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ ئىجرا قىلىنىشى — بۇ جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىدە چوڭ تارىخىي ھەم ر-

ئال ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولدى. شۇندىن باشلاپ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالدى بىلەن فېئوداللىق زۇلۇمدىن، ھەم مىللىي زۇلۇم ۋە باشقا خىل ئېكسپلاتاتسىيە زۇلۇمدىن ئازاد بولدى، تەڭ باراۋەرلىككە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېڭى سوتسىيالىستىك تەرەققىياتىغا كەڭ يول ئېچىلدى. كېيىن سوتسىيالىزم يولىدا داۋاملىق ئالغا بېسىش جەريانىدا جۇڭگونىڭ يەنە تەڭلىك، ئىتتىپاقلىق ھەمكارلىق ئاساسىدىكى يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداق قىلىپ جۇڭگودا رايونلۇق ئاپتونومىيە سىياسىتى ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن مىللەتلەرنىڭ چوڭ يېڭى ھاياتى باشلاندى.

ئاپتونومىيە يولىغا قويۇلۇشى بىلەن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالغا بېسىش قەدىمى ئىلگىرىكى ئاساسىدا خېلى تېز بولدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر يالغۇز سىياسىي قانۇنىي جەھەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئىجرا قىلىدىغان ئەركىنلىككە ئىگە بولدى، شىنجاڭ بويىچە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش قەدىمى ئىلگىرىگە قارىغاندا چوڭ تەرەققىي قىلدى؛ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت مائارىپ ئىشلىرىمۇ يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلۈپ ئىلگىرىلىدى. مۇشۇ كۆرەشلەر جەريانىدا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاقلىق قوشۇنى بارغانچە كۈچەيدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي يېڭى قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. يېزا ئىگىلىكىدە تەشكىللىنىش ھەمكارلىق يولىغا قويۇلۇپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئەمگەك كۈچى جارى قىلىنىدىغان بولدى. خېلىلىغان جايلاردىكى دېھقانلار قوساق، كىيىمدە ئاساسەن خاتىرجەملىككە ئىگە بولۇشقا باشلىدى. يېڭى مائارىپ تۈزۈمى ۋە پروگراممىسى بويىچە خېلى چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرى باستى. خەلقنىڭ كۆپچىلىكى ساۋاتسىز بولغان ئەھۋال قەدەممۇ - قەدەم ئۆزگۈرۈشكە، يەنى ساۋاتلىق بولۇشقا قاراپ ئىلگىرىلىدى. مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى يېڭى روھتا راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇر 12 مۇقامى رەتلىنىپ تولۇقلىنىشقا باشلىدى. يۇقىرىقى بۇ ئۇتۇقلار شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىل-

www.uyghurkitap.com

لەتلەرنىڭ يېڭى سوتسىيالىستىك ھاياتقا قەدەم قويۇپ ئىلگىرى بې-
سىۋاتقان ئىشەنچلىك ئىرادىسىنى مەيدانغا كەلتۈردى.

بۇ ئەھۋاللار مىللىي سىياسەتنىڭ يېڭى ئۇتۇقلىرىدىن ئىبارەت
بولدى. ئەمما بۇ تېخى چوڭ قەدەمنىڭ باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت ئىدى.
تېخى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتلەردە مەسىلىلەر خېلى
جىق ئىدى. جەمئىيەتتە ئىلگىرىدىن قېلىپ قالغان قالاق ئىدىيىنىڭ
تەسىرى، بولۇپمۇ دىنىي خۇراپاتنىڭ تەسىرى تېخىچىلا خېلى چوڭ ئى-
دى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مىللىي سىياسەتنى ئەستايىدىللىق بى-
لەن تولۇق ئىجرا قىلىش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ بۇندىن كېيىنكى-
سى سوتسىيالىستىك يېڭى يولغا تېخىمۇ چوڭراق يول ئېچىش ھەم
سوتسىيالىزمغا قاراپ قەتئىي ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت بەك مۇھىم
ھەم قىيىن ۋەزىپىلەر ئالدىمىزدا تۇراتتى. بۇ مەسىلە ۋە قىيىنچى-
لىقلارنى ھەل قىلىش ئانچە ئاسان بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ئىلگىرىلەش
ھامان ئاساسىي ئېقىم بولۇپ تۇردى.

## ئۈچىنچى باب مىللىي خىزمەتنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلەر

مىللىي مەسىلە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە، ئوخشاشلا شىنجاڭدا بىر مۇھىم ۋە مۇرەككەپ بىر مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىز مۇنداق تەجرىبە ۋە ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇق.

1) مىللەتلەرنىڭ تولۇق ئازادلىقى قولغا كەلمەي تۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

2) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولماي تۇرۇپ يېڭى دۇنيا قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدىكەن.

3) ھەر بىر مىللەتتىن ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجايىنلىق قىلىدىغان ياخشى كادىرلا بولماي تۇرۇپ شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئىلغار كوممۇنىستىك كادىرلار بولماي تۇرۇپ بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش قىيىن ئىكەن.

4) قىيىن ھەم مۇرەككەپ بولغان مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق توغرا مىللىي نەزەرىيىسىنى ئۆگەنىش، مۇشۇ نەزەرىيە بويىچە مىللىي مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەككەن. ئەگەر مۇشۇنداق شەرتلەر بولمىغاندا، ياكى مۇشۇنداق مۇھىم تەدبىرلەر بولمىغاندا، مىللەتلەر رايونىدا مىللىي خىزمەتنى ياخشىلاش، ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش، شۇنداق قىلىپ ھەر بىر مىللەت ئىتتىپاق بولۇپ سوتسىيالىزم يولىغا قاراپ ئورتاق ئالغا بېسىش مۇمكىن ئەمەس. بىز يۇقىرىدىكى مۇشۇ مۇھىم پرىنسىپلار بويىچە ئىش قىلغاندا ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولدى، بۇ مۇھىم پرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلغاندا، ئۆزۈمچىلىك قىلغاندا، بۇ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماس نۇرغۇن يېڭى مەسىلىگە دۇچ كەلدۇق. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىم بىر تەجرىبە ـ مىللەتچىلىكلىك، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغىنى كۈچەيتىشتە بۇ ناھايىتى چوڭ بىر توسالغۇ ئىكەن. شۇڭا ئىلگىرىكى ئومۇمىي پروگراممىدا ھەم كېيىنكى قانۇنلاردا «چوڭ خەنزۇچىلىقىقا ۋە يەرلىك

www.uyghurkitap.com

مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن پرىنسىپنى قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش زۆرۈر ئىكەن. لېكىن بۇ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئۇ بىر مەزگىللىنىڭ بىر دەۋرنىڭلا ۋەزىپىسى ئەمەس ئىكەن. بۇ ناھايىتى مۇشكۇل، داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان بىر مۇھىم ئىش ئىكەن. شۇڭلاشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا، شىنجاڭدا پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى سىياسەت پرىنسىپلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، شۇنىڭ بىلەن مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، مەيلى ئۇ چوڭ مىللەتچىلىك بولسۇن كىچىك مىللەتچىلىك بولسۇن ھەممىسىگە ئوخشاش قارشى تۇرۇش كېرەك ئىكەن. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئېتىبارغا ئېلىپ، مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك، ئالدى بىلەن «چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك. يەرلىك مىللەتچىلىك بولسا ئۇنىڭغىمۇ قارشى تۇرۇش كېرەك» دەپ ناھايىتى ئوچۇق كۆرسەتكەن. بىز ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلدۇق، لېكىن ھەر ئىككى مىللەتچىلىككە ئۆز ۋاقتىدا توغرا تاقابىل تۇرۇش، سىياسىي تاكتىكا مەسىلىسىگە دىققەت قىلىش يېتەرلىك بولمىدى. بەزى ۋاقىتتا ئېغىشلار، بەزى ۋاقىتتا كەمچىلىك خاتالىقلارمۇ بولۇپ تۇردى. بۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىمۇ كېلىپ چىقتى. شۇڭا مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش بۇ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە. بۇ ۋەزىپىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئەمما ئەڭ مۇھىمى سىياسەت، پرىنسىپ، تاكتىكىغا دىققەت قىلىش كېرەك. مىللەت مەيلى ئۇ قايسى مىللەتتىن بولسۇن ئۇنىڭ توغرا تەرىپى ئىلغارلىقى، مىللىي ئۆرپ ئادىتى ۋە باشقا ھەتتا دىنىدىن كىرگەن بىر مۇنچە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئېتىبار قىلىش بەك زۆرۈر ئىكەن. بۇنداق ئىشلارغا قىلىشتا ئىدىيىنى ئاساس قىلىش، تەربىيىنى ئاساس قىلىش ئىتتىپاقنى چىقىش قىلىش مۇھىم ئىكەن. ئەگەردە مۇشۇ پرىنسىپقا رىئايە قىلىنمىسا ئۇ ۋاقىتتا مىللەتچىلىكنى قىلىمەن دەپ، بەلكى مىللىي ئىتتىپاقلىققا دەخلى يەتكۈزۈۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن. بۇ ئۆتكەن بۇ جەريانىدا مىللەتچىلىككە ئالاھىدە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتىكى مەسىلىلەردە ئاشۇ پارتىيىنىڭ پرىنسىپلىرىغا خىلاپ كېلىدىغان، ياكى ئوڭ ياكى سولغا تارتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېتىدىغان ئېغىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بىز مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلدۇق. ئەمما دىققەت قىلىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. بۇنداق يېتەرسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى كېيىن يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش ھەرىكىتىدە ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلەندى.

www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى قىسىم

## يەنە سوۋېتلار ئىتتىپاقىدا دەم ئېلىش ۋە داۋالىنىش

www.uyghurkitap.com

ئۆتكەن بىر مەزگىلدىن بېرى ئىشنىڭ ئالدىراش بولغانلىقىدىن ھەم ئىدىيە جەھەتتىكى يۈكنىڭ ئېغىر بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك، سالامەتلىكىم ئانچە ياخشى بولمىدى. قان بېسىمى بىر مەزگىل تۆۋەن چۈشكەن بولسىمۇ، يەنە تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆرلەپ قالىدۇ. يۈرەكنىڭ سوقۇشى تازا جايىدا ئەمەس. بەزىدە چاپسانراق سوقۇپ كېتىدۇ. ئۇيقۇ ياخشى ئەمەس. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ داۋالىنىش ھەم دەم ئېلىش توغرىسىدا يولداش جۇ ئېنلەيگە ئېيتقان ئىدىم. ئۇ كىشى ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1957 - يىلى 7 - ئايدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ئايىم، 6 ياشلىق ئارزۇگۈل بىلەن باردۇق. بىز ئالمۇتىغا بارغاندا قازاقىستاننىڭ ئالىي سوۋېت رەئىسى قارشى ئېلىپ، زىياپەت بەردى. بىر نەچچە كۈن دەم ئالدۇق. 7 - ئاينىڭ ئاياقلىرىدا ئايروپىلان بىلەن موسكۋاغا باردۇق. موسكۋاغا بېرىپ بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن كېيىن دوختۇرغا بېرىپ كۆرۈندۈم. موسكۋادا ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى كۆرۈدىغان «كىرىمل» دېگەن ئالاھىدە دوختۇرخانىسى بار ئىكەن. مەن بېرىپ ياتتىم. دوختۇرلار كۆڭۈل بۆلۈپ پۈتۈن ئەھۋالىمنى ئەتراپلىق تەكشۈردى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە سالا-مەتلىكىمدە چوڭ مەسىلە كۆرۈلمىدى. پارچە مەسىلىلەر ئاز ئەمەسكەن. يەنە يۈرەكنىڭ ھەرىكىتىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكى، قان بېسىمىنىڭ ئې-گىز - پەس بولۇپ تۇرۇشى، ئۇيقۇسىزلىق ۋە باشقىلار.

دوختۇرلار بىر مەزگىل ياخشى دەم ئېلىشنى تاپشۇردى. چىقىپ موسكۋادا دەم ئالدۇق.

موسكۋادا دەم ئېلىش جەريانىدىكى ئالاھىدە بىر پائالىيىتىمىز — موسكۋادا ئېچىلغان خەلقئارا ياشلار بايرىمىغا قاتناشتۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا خەلقئارادا نوۋەت بىلەن بەزى چوڭ دۆلەتلەردە خەلقئارا بايرىمى بولۇپ تۇرىدىغان. 8 - ئاينىڭ بىرسى ئېچىلىش مۇراسىمى بولدى. بىزمۇ مېھمان سۈپىتىدە قاتناشتۇق. بۇ ياشلار بايرىمى ناھايىتى چوڭ تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. بىزنىڭ جۇڭگودىن بارغان ۋەكىللەر ئۆمىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



(جۇملىدىن شىنجاڭدىنمۇ بارغان ئىدى) بۇ بايرام جەريانىدا خېلى قارشى ئېلىشقا ئۇچرىدى. پائالىيەتلەر ئىچىدە جۇڭگونىڭ، ياۋروپا ئەللىرىدىن ئەنگلىيە، فىرانسىيىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ، يەنە ئاسىيادىن ھىندىستاننىڭكىگە ئوخشاش ياشلارنىڭ سەنئەت ئۆمەكلىرى خېلى تەڭتەڭلىك ئويۇنلارنى قويۇپ، بۇ مەزگىللەردە پۈتۈن موسكۋا ھەقىقەتەن چوڭ بىر بايرام تۈسىگە كىرگەن ئىدى. بايرام ئاخىرلىشىۋاتقان كۈنلەردە كىرېمىل ئىچىدە ياشلار بايرىمىغا كەلگەن ۋەكىللەرنى قارشى ئېلىش ھەم سەيلى قىلىش ھەرىكىتى ئۆتكۈزۈلدى. تەكلىپ بويىچە بىزمۇ مۇشۇ بايرامغا باردۇق. كىرېمىل تەرەپتە قاتار تىزىلغان سىرتى ۋە ئىچىگە داغدۇغىلىق مېھمانلارنى قارشى ئېلىش ياشلار ئەترىتى ئورۇنلاشقان ئىكەن. كىرېمىلنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىن كاناي بىلەن كەلگەن ئادەملەرنى قايسى مەملىكەتنىڭ ئادىمى، قانداق ئۆمەك ياكى كىملىكىنى ئېلان قىلىپ تۇرىدىكەن. بىز دەرۋازىغا يېقىن بارماستىنلا ئاشۇ كانايدىن: «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەدىرلىك مېھمىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى بىلەن...» دەپ ئېلان قىلدى. ئاندىن كېيىن يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قارشى ئالغۇچىلار بىزگە گۈل تۇتتى. چوڭ ئالقىش بىلەن قارشى ئالدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن يەنە ئۆزاقتا سوزۇلغان قارشى ئېلىش ياشلىرى تېخىمۇ چوڭ ئالقىشلار بىلەن ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى.

كىرېمىل سارىيى ئىچىدىكى بۇ سەيلە ھەقىقەتەن ناھايىتى داغدۇغىلىق ھەم كۆڭۈللۈك بولدى. ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقى ياشلار ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قىسقا قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلەندى. ئاندىن كېيىن ھەر خىل مەيدانلاردا ئىختىيارىي ھەرىكەت — تاماق، دەم ئېلىش، ئەڭ مۇھىمى ھەر بىر ئەلنىڭ ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش، شۇنداق قىلىپ خەلقئارا ياشلار ۋەكىللىرىنىڭ ئۆز ئېلىنىڭ سەنئىتىنى نامايىش قىلىدىغان بىر بايرامغا ئايلىنىپ كەتتى. بىز ئايرىم تەييارلانغان بىر يەردە ئولتۇرۇپ تاماقلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەيداننى ئارىلاپ چىقتۇق. بىز دەرەخلىك كوچىدىن كېلىۋاتقىنىمىزدا بىر توپ ئۆزبېك ئارتىسلارنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئۇلار بىزنى كۆرۈپلا

www.uyghurkitap.com

كىملىكىمىزنى تونۇدى. بىزنى ئوراپ ئېلىپ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. بىز ئۇلار بىلەن سەمىمىي سۆزلەشتۇق. شۇنداق قىلىپ بۈگۈنكى چوڭ تەنتەنىلىك خەلقئارا ياشلار بايرىمىدەك ئۇنتۇلمىغان بىر خاتىرە قالدۇرۇلدى.

## ئىككىنچى باب فىللاندىيىدە

8 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا بىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ فىللاندىيىگە بارىدىغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى موسكۋاغا كەلدى. مەن شۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ فىللاندىيىگە باردىم. فىللاندىيە ھۆكۈمىتى بىزنى ياخشى قىزغىن قارشى ئالدى. فىنلاندىيىنىڭ زۇڭتۇڭىدىن تارتىپ تاكى تۆۋەندىكى كادىرلىرىغىچە، بولۇپمۇ فىللاندىيىنىڭ زۇڭلىسى يەنە باشقا فىللاندىيە گوۋچەنداڭى بەك قىزغىن قارشى ئالدى. فىللاندىيە — جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتى ئالاھىدە قارشى ئالدى.

فىللاندىيىگە بېرىش بىز ئۈچۈنمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق بىر سەپەر بولدى. بىز بېرىپ ئەتىسى فىللاندىيە تەرەپ بىزنى قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى. زىياپەتتىن كېيىن فىللاندىيە يىغىنىنىڭ باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. بۇ سۆھبەتتە ئاساسەن ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، خەلقئارا مەسىلىلەردە ئۆز ئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ئالاقىسىنى كۈچەيتىش... قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. سۆھبىتىمىز خېلى ياخشى ئۆتتى. ئەتىسى كۈنى فىللاندىيە زۇڭلىسى بىزنى قوبۇل قىلدى ھەم سۆھبەتتىن كېيىن زىياپەت بەردى.

كېيىن بىز فىللاندىيىنىڭ شىمالىغا قاراپ ساياھەتكە چىقتۇق. فىنلاندىيە بەك گۈزەل بىر مەملىكەت ئىكەن. ئۇ يەردە تەبىئەت بەك گۈزەل ئىكەن. مەملىكەت شىمالىي رايونلاردا خاس بولغان چوڭ ئورمانلىقلار بىلەن قاپلانغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەممە جايىدا دېڭىزدەك سۇ، دەريالاردىن باشقا چوڭ كۆللەر بولىدىكەن. ئەلنى ئۇلار: «كۆللەر مەملىكىتى» دەپ ئاتىشىدىكەن. بىز شىمالىغا بېرىپ ئاۋۋال كېمە بىلەن ماڭدۇق. بىز شىمالغا بارغىچە سۇدا، قۇرۇقلۇقتا، يەنە سۇدا، يەنە قۇرۇقلۇقلاردا ھەم كېمە ھەم ماشىنىدا ماڭدۇق. فىللاندىيىنىڭ ئەڭ شىمالىي قۇتۇپ دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا باردۇق.

www.uyghurkitap.com

بۇ جاينىڭ مەنزىرىسى باشقىچە بىر مەنزىرە ئىكەن. شىمالدا ئۇزاق كەتكەن شىمالىي قۇتۇپ مۇز دېڭىزى، ئىككى تەرەپتە پايانسىز كەتكەن ئوكيان، جەنۇبتا ئورمانلىقلار بىلەن قاپلانغان يازنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى بىلەن بىزنىڭ مەملىكىتىمىزنى ۋە شىنجاڭنى سېلىشتۇرۇپ باقساق باشقا بىر ئالەمگە كېلىپ قاپتىمىز. ئۇ ياقتا يازنىڭ كۈنى ئۈچ ئاي كۈن پاتمايدىكەن. قىشنىڭ كۈنى ئۈچ ئاي قاراڭغۇ بولىدىكەن. بىز ئاشۇ فىنلاندىيىنىڭ شىمالىي بارغان ۋاقتىدا سائەت قاراپ پائالىيەت قىلدۇق. كېچە يوق دېيەرلىك، بىر ـ ئىككى سائەت يېرىم قاراڭغۇلۇق تاڭ ئېتىپ كەتتى. فىللاندىيىنىڭ كۆپچىلىكى شىمالىي تەرىپى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، ئوۋ ئوۋلاش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. جەنۇبىي تەرىپى بولسا يېزا ئىگىلىكتىن باشقا سانائەت، خېلى تەرەققىي قىلغان ئىكەن.

فىنلاندىيىدە مۇنداق بىر قانچە ئالاھىدىلىكلەرنى كۆردۇق. بىرى، مەكتەپ ئىشلىرىغا چوڭ ئېتىبار بېرىدىكەن. باللار تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىككى يىل داۋاملىق كەسىپ ئۆگىنىدىكەن. ئوغۇللار كۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، شوپۇرلۇق، تامچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر، قىزلار سەيپۇڭلۇق، گۈل تىكىش، ئاشپەزلىك، ئۆي ئىشلىرى ۋە باشقىلار... دېھقانلار بىرلىشىپ ھەمكارلىق بىلەن بىر - بىرىگە ياردەملىشىپ ئۆي سالىدىكەن. بىر ئەھۋال، فىللاندىيىدە ئوغرى يالغان بولمايدىكەن ياكى يوق دېيەرلىك. ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئوغرى يولۇقسا ھەر كىمنىڭ جازالىشى ھەتتا ئۆلتۈرۈۋېتىش ھوقۇقى بار ئىكەن. ئۇلار تەجرىبە مەركىزى فىلىنكىدە بىر ئوچۇق ماگىزىن قۇرۇپتىكەن بېرىپ كۆردۇق. ئىشىكلەر ئوچۇق، ئىچىدە مال ساتقۇچىلارمۇ يوق. خېرىدار كىرىپ قالسا نەرسىنى ئالىدىغان بولسا باھاغا قاراپ كاسىغا پۇلنى سېلىپ قويۇپ چىقىپ كېتىدىكەن. بۇنداق ئەھۋال ئومۇمىي بولمىسىمۇ، لېكىن شۇنى بىر سىناق قىلىۋېتىپتۇ، بۇ بىر ياخشى ئەھۋال ئىكەن.

فىنلاندىيىدە بولغان كۈنلىرىمىزدە فىنلاندىيىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى زۇڭتۇڭى كىكولىن دېگەن ئادەم بىزنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر يازلىق سارىيىدا قوبۇل قىلدى. بىز بۇ ئادەم بىلەن خېلى سەمىمىي سۆھ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەتلەشتۇق. ئالدى بىلەن ئۇ ئادەم سۆزىنى باشلاپلا، بىز جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ ئىزىنى بىلەن مېڭىپ ئېلىمىزگە كەلگەن جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى سەيپىدىن ئەپەندىنى سەمىمىي قارشى ئالىمىز دېدى. كېيىن بىزنىڭ ۋەكىللەر ماڭا قاراشتى. مەن: «زوڭتۇڭ جانابلىرىغا رەھمەت! راست، دادام ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئەلگە كەلگەن ئىكەن، ئۇ ۋاقىتتا مەن تېخى تۇغۇلمىغانىكەنمەن، ئۇزاق زامانلاردا بولغان ئىكەن. كېيىن دادام بىزگە فىنلاندىيىنىڭ ھاۋاسى، ئېقىمى، فىللاندىيە خەلقى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەپ بېرىدىغان، دادام بىر يىلدا ئۇ جايدا 6 ئاي قاراڭغۇ، 6 ئاي يورۇق بولىدۇ، دەيدىغان. دادامنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى مەن بۇدا كۆردۇم» دېدىم. ئۇ ئادەم خۇشاللىق ئىزھار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈندىكى قوبۇل قىلىش كۆڭۈللۈك بولدى. كېيىن جۇڭگو فىنلاندىيە دوستلۇقىنى كۈچەيتىش، جۇڭگونىڭ خەلقئارا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئويناۋاتقان رولى، ئاندىن كېيىن جۇڭگو — فىنلاندىيىنىڭ يەنە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش... توغرىسىدا سۆھبەتلەشتۇق. قاتار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

كېيىن بىز ۋەكىللەر قايتساق بۇ خەۋەر «خەلق گېزىتى» گە بېسىلىپتۇ. ئەمدى بۇنى ئۇ زوڭتۇڭ قانداق قىلىپ قالدى دېسەڭلار، مەن كېمە بىلەن شىمالغا كېتىپ بارغاندا فىنلاندىيىنىڭ كېچە كۈندۈزىيۇ، فىنلاندىيىنىڭ ھاۋاسى كېلىماتى توغرىسىدا سۆز بولۇپ مېنى باشلاپ كېتىۋاتقان يىخۇينىڭ بىر مۇئاۋىن باشلىقىغا دادامنىڭ ئىلگىرى شۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىم. ئۇ زوڭتۇڭغا ئېيتقان بولسا كېرەك.

## ئىككىنچى باب ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 40 يىللىقىغا قاتنىشىش

بىز فىنلاندىيىدىن قايتىپ موسكۋادا بىر مەزگىل يەنە داۋالىنىش، دەم ئېلىش بىلەن بىللە بولۇپ، ئاندىن كېيىن قارا دېڭىز بويىدىكى سوچى دېگەن جايغا بېرىپ بىر ئاي دەم ئالدۇق. سوچى ئوبدان مەنزىرىلىك، ھاۋا ئىقلىمى ياخشى، شۇنىڭ بىلەن داۋالىنىش ئىمكانىيىتىمۇ ياخشى بىر جاي ئىكەن. بىر ئاي ئوبدان دەم ئالدۇق. ئاساسىي مەشغۇلات — بىر ئايدىن كېيىن بىز پاراخوت بىلەن گرۇزىيىنىڭ دېڭىز بويىدىكى يەنە بىر رايونى — سۇخۇمى دېگەن يەرگە كەلدۇق.

سۇخۇمى ئافنازىيە رېسپوبلىكىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ، بىر گۈزەل يەر ئىكەن. يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن بىز قايتماقچى بولۇپ ئالمۇتۇغا كەلگەندىن كېيىن، بىز موسكۋادىكى پاسۇلخانىمىزدىن تېلېفون كەلدى. تېلېفوندا: «سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 40 يىللىقى بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى كېلىدىكەن. جوڭياڭ سىزنىڭمۇ ئاشۇ ئۆمەككە قاتنىشىڭىزنى قارار قىلىپتۇ. سىز موسكۋاغا يېتىپ كەلسىڭىز» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز شىنجاڭغا قايتىش سەپىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ موسكۋاغا قايتتۇق. ئەتىسى ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىمۇ موسكۋاغا كەلدى. موسكۋادا بىر مەزگىل دەم ئېلىش، قارشى ئېلىش، سۆھبەتلەر... قاتارلىق مەشغۇلاتلار بولدى. ماۋ جۇشى جۇزۇڭلى بىلەن ئىككىسى موسكۋانىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ستالىننىڭ بىر يازلىق دەم ئېلىش قورۇسىدا تۇردى. بىز موسكۋا مېھمانخانىسىدا تۇردۇق. 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كۈندۈزى بىز چوڭ زالدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى خاتىرىلەش يىغىنى بولدى. بۇ يىغىنغا ماۋ جۇشى باشلىق ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتۇق. يىغىندا سوڭ چىڭلىن ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. شۇ كۈنى كەچلىكى 40 يىللىق تەرەپكە چوڭ تەنتەنىلىك زىياپەت بەردى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قىزىل مەيداندا چوڭ بايرام نامايىشى تەنتەنىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ كۈنلەر پۈتۈن سوۋېتلەر

ئىتتىپاقى بويىچە، نۇقتىلىق موسكۋادا سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۆكتەبىر بايرىمىنى تەبرىكلەش تەنتەنە قىلىش داغدۇغىسى ناھايىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. خاتىرە مەجلىسى زىياپەت، قىزىل مەيداندىكى چوڭ نامايىش... لار جەريانىدا سوۋېت خەلقىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھى، سوۋېت خەلقىنىڭ يەنە داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئالغا بېسىش ئىرادىسىنى، غەيرىتىنى ناھايىتى ئۇچۇق كۆرگىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ماۋ جۇشى باشلىق جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ئالدىغا سوۋېت باشلىقلىرى، باشقا چەتئەل ۋەكىللىرىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ماۋ زېدۇڭنى باشلاپ مەيداننىڭ مۇنبەرىگە چىققاندا پۈتۈن مەيدان ناھايىتى چوڭ ئالقىش بىلەن قارشى ئالدى.

مېنىڭ بۇ ئازاتلىقتىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم موسكۋادا بولۇشۇم، ھەر ئىككىسىدە يەنە ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە، بىرىنچى قېتىمدىكىسى ستالىن ۋاقتى، 1950 ـ يىل ــ بۇ ۋاقىتتىكى ستالىننىڭ، سوۋېت پارتىيە ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ ماۋ جۇشىغا، جۇڭگو ۋەكىللىرىگە چوڭ ھۆرمىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن ئاممىنىڭ ماۋ جۇشىغا، جۇڭگوغا بولغان مۇھەببىتىنى ناھايىتى كۆرگىلى بولاتتى.

بۇ قېتىم خىروشوف رەھبەرلىككە چىققان مەزگىل بولسىمۇ، خەلقىنىڭ روھىي كەيپىياتى يەنىلا ئۈستۈن بولدى. بۇ ۋاقىتتا خىروشوف ئۆزىنىڭ خاتا لۇشيەنىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغان ۋاقىتلار ئىكەن. بىزنىڭ پارتىيىمىز ماۋ جۇشى ئاشۇنداق ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ئىدىيىدە تەييارلىق بىلەن بارغان ئىدى. ئەمدى ئومۇمىي ئۇچۇق سورۇنلاردا ماۋ جۇشى يەنىلا سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ــ لېنىن، ستالىن ۋە سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى، يالغۇز سوۋېتتىلا ئەمەس خەلقئارادىمۇ ئوينايدىغان ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب موسكۋا يىغىنى

بۇ يىغىن خەلقئارا كوممۇنىست ۋە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ موسكۋادا ئېچىلغان يەنە بىر قېتىملىق كېڭەيتىلمە يىغىنىدىن ئىبارەت. بۇ يىغىنغا خەلقئارادىكى سوتسىيالىستىك ئەللەر ۋە كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ياكى ئاساسىي رەھبىرىي ئادەملىرى قاتناشقان. بىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 40 يىللىقىغا قاتناشقان يولداش ماۋ زېدۇڭ باشلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى قاتناشتى. بۇ يىغىن سوتسىيالىستىك ئەللەر بويىچە ھەم خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە مۇھىم بولغان بىر مەجلىس بولدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بېرى، ستالىن ۋاپاتىدىن كېيىن خەروشۇفمۇ سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ باش شۇجىسى بولغاندىن كېيىن، سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي توغرىسىدا ئەكسىيەتچىل لۇشيەن يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ لۇشيەننىڭ ئاساسىي مەزمۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدىن ئېيتقاندا، ستالىننى تەنقىد قىلىش بانىسى بىلەن ستالىن ۋاقتىدىكى ئاساسىي ئۇتۇقلارغا ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. خەلقئارا جەھەتتە بولسا، كاپىتالىزمنىڭ سوتسىيالىزمغا تىنچ ئۆتۈش، يەنى قوراللىق ئىنقىلاب قىلماي، كۈرەش بىلەن ئۆتۈش، يىخۇي كۈرەشى بىلەن ئۆتۈش نەزەرىيىسى ئىدى. بۇ مەسىلىدە خوروشۇفمۇ يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدىلا ئەمەس، خەلقئارادىمۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارا كوممۇنىستىك پارتىيىلىرى ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى ئارىسىدا غۇل - غۇلا كۆپىيىپ، ئىدىيىۋى ئىختىلاپلار بارلىققا كەلدى. خوروشۇپنىڭ مەقسىتى، مۇشۇ موسكۋا يىغىنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «تىنچ ئۆتۈش» سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى مۇشۇ يولغا قاراپ بۇراشتىن ئىبارەت، خوروشۇپمۇ مۇشۇ ئەكسىيەتچىل لۇشيەنگە — «شۇجىڭجۇيىلىق لۇشيەن» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نام بېرىلدى. مەجلىستە يىغىلغانلار كۆپلىگەن ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاشۇ موسكۋا يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ۋە ئاخىرى قارار قىلىنىدىغان بىر «بىياتنامە» لايىھىسىنى تەييارلاپ ئىچكى جەھەتتىن مەجلىسكە قاتنىشىدىغان ئورۇنلارغا ئەۋەتكەن ئىدى. بىزنىڭ پارتىيىمىز بۇ لايىھىنى ئالغاندىن كېيىن قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلىپ، خورۇشۇپنىڭ «تىنچ ئۆتۈش» ئىدىيىسىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ پىكىرىنى بايان قىلغان. موسكۋا يىغىنى خەلقئارادا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇشۇنداق بىر مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئىچىدە ئېچىلدى.

يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىن خورشۇپمۇ ئۆزىنىڭ شۇجىڭجۇيى ئىدىيىسىنى تىنچ ئۆتۈش دەپ يالىڭاچ قويمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئىدىيىسىنى يوشۇرالمىدى. ھېلىقى ئۆزلىرى تەييارلاپ تارقاتقان «باياننامە» لايىھىسىنى مەجلىسكە تارقىتىپ بەردى. يىغىن كەسكىن ھەم جىددى بولدى. كېيىن ئومۇمىي يىغىندا مۇزاكىرىدە ھەر بىر پارتىيە ئۆزىنىڭ ئوچۇق پىكىرىنى قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەزلەشكەن مەسىلە، يەنى «تىنچ ئۆتۈش» مەسىلىسى بولۇپ، كېيىن «سوۋېتلەر ئىتتىپاقى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىزم لاگېرى» دېگەن سۆز ئۈستىدە جىددىي تالاشلار بولدى.

كەسكىن مۇزاكىرىلەردىن كېيىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭغا قارىتىلدى. چۈنكى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئومۇمىي يىغىندىكى سۆزى ۋە باشقا ئايرىم پارتىيىلەر بىلەن پىكىر ئېلىش جەريانىدىكى قاراشلىرى ئەڭ سوتسىيالىستىك ئەللەر ۋە كاپىتالىستىك ئەللەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. بىزنىڭ پارتىيىمىز بولسا سوۋېت پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان «قوشما باياناتى» لايىھىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئۆزىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئۆز پىكىرىنى ساقلاپ قالغان بىر پارچە خەتنى سوۋېت كومپارتىيىسىگە تاپشۇرۇپ باياننامە قول قويماقچى بولدى.

مەجلىسنىڭ ئاخىرقى كۈنى چوڭ مەجلىستە، ھەتتا دەم ئېلىش

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتلىرىدىمۇ غۇل - غۇلا ناھايىتى كۆپەيدى. پىكىرلەر ئۆچۈق ۋە كەسكىن بولۇپ تۇردى. خورشوپمۇ بولسا «ماۋ زېدۇڭ گەپ قىلسۇن، جۇڭگولۇق يولداشلار گەپ قىلسۇن» دەپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ ئالماقچى بولدى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، باشقا پارتىيە رەھبەرلىرى بىلەن پىكىرلىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى چوڭ بولۇپ تۇرغان پارتىيىدىكىلەردىن پولشا كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرتارى مۇلغا بىلەن سۆزلەشتى. (مەن شۇ ۋاقىتتا ماۋ زېدۇڭنىڭ يېنىدا ئىدىم.) ماۋ جۇشى ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ ئىتتىپاقىنى، سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ ئىتتىپاقى كۈچەيتىپ، جاھانگىرلارغا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى ۋەزىپە ئىكەنلىكى، مۇشۇنداق شارائىتتا بىزنىڭ ئىتتىپاقىمىزنىڭ بۆلۈنۈشىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكى، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتىش لازىملىقى، بىز چوڭ دۈشمەننىڭ ئالدىدا تۇرغاندا مۇشۇ ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، قارشى پىكىرنى ساقلاپ باياناتنامىگە قول قويۇشىمىز كېرەكلىكى، بىزنىڭمۇ بولغانلىقىمىز... توغرىسىدا چۈشەندۈردى. كېيىن، گومۇلقا، سوتسىيالىزم لاگېرىنىڭ پرولېتارىياتنىڭ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ساقلاپ قېلىش شەرتىدە قول قويۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئاخىرىدا قوشما باياناتقا قول قويۇش باشلاندى. يولداش ماۋ زېدۇڭ باياناتقا بىزنىڭ پىكىرىمىز بارلىقىنى ھەم بۇ پىكىرىمىزنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، بۇ پىكىرىمىزنى بىز يازما يوسۇندا سوۋېت پارتىيىسىدە خروشوپقا تاپشۇرغانلىقىمىزنى ئېيتىپ باياناتقا قول قويدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ھازىرغىچە تۇرغۇن قارشى پىكىردە بولۇپ كەلگەن پارتىيىلەرمۇ يولداش ماۋ زېدۇڭغا ئەگىشىپ قول قويدى. گومۇلقامۇ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكىرىنى تەكىتلەپ، مەنمۇ قارشى پىكىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن قول قويىمەن، دەپ قول قويدى. شۇنداق قىلىپ ناھايىتى جىددىي مۇزاكىرىلەردىن كېيىن موسكۋا يىغىنى ئاشۇ باياناتقا قول قويغان بولۇپ ئاياقلاشتى.

بۇ يەردە شۇنى ياخشى تەكىتلەش كېرەك، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئېيتقانىدەك مۇشۇ خەلقئارا ۋەزىيەتتە، سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ ئە-

چەدىكى ئەھۋاللارنى باشقا خەلقئارا جەھەتتىكى مۇرەككەپ جەددىي كۆرەش ۋەزىيىتىدە، جاھانگىرلار ئىلاج قىلىپ سوتسىيالىستىك ئەللەرنى بۆلۈپ تۈنجۇقتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان پەيتتە ئاشۇ قېتىمقى مەجلىستە بۆلۈنۈش بولسا، ئۇ ۋاقىتتا ئومۇمىي خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە، پرولېتارىيات ئىتتىپاقىغا ئېغىر تەسىر قىلغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆز پىكىرىمىزنى بايان قىلىپ تۇرۇپ باياناتقا قول قويۇش دېگەن بۇ پرىنسىپى ناھايىتى توغرا بولغان. ئومۇمىي قىلىپ ئالغاندا شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت، شۇ ۋاقىتتىكى شارائىتقا نىسبەتەن ئالغاندا موسكۋا يىغىنى مېنىڭچە خېلى ياخشى يىغىن بولدى. يىغىندىن كېيىن سوتسىيالىزم لاگېرى ياكى خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتى خورشۇپنىڭ «تىنچ ئۆتۈش» شيۇجىڭجۇيى لۇشيەنىنىڭ تەسىرى بىلەن خېلى يامان تەسىرگە ئۇچراپ تۇرۇپ بولسىمۇ، مەجلىسنىڭ باياناتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خەلقئارادا ئومۇمىي ياخشى ۋەزىيەت ساقلىنىپ قالدى.

خروشوپ ئۆزىنىڭ شيۇجىڭجۇيىلىق ئەينىنى داۋاملاشتۇردى. شيۇجىڭجۇيىلىقتا ئىدى، ئەمما ئاشۇ ۋاقىت، شۇ ۋەزىيەت، شۇ ۋاقىتتىكى سوتسىيالىستىك رايونلارنىڭ پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتلىرىنىڭ بىرلىشىپ كاپىتالىزمغا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇۋاتقان ئاشۇنداق ئەڭ بىر ياخشى ۋەزىيەتتە خورشوپنىڭ شيۇجىڭجۇيىلىق خاتالىقى — ماركسىزمغا ئاسىيلىق قىلىشى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى.

خورشوپ ستالىننى ئىنكار قىلدى. ستالىن يولغا قويغان بارلىق ئىنقىلابىي تەدبىرلەرنى ئاساسەن ئىنكار قىلدى. ستالىننىڭ خاتالىقى يوق ئەمەس ئىدى، بەزى خاتالىقلىرى ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېغىر ئىدى. بولۇپمۇ 30 ـ يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بارغان تازىلاش ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋىتى پەۋقۇلئادە ئېغىر بولدى. سوتسىيالىزم ھەرىكىتىدە ئېغىر سولچىلىق خاتالىق يۈز بەردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئىستالىن خەلقئارا كوممۇنىزم ھەم پرولېتارىيات ھەرىكىتىدە چوڭ دۆلەتچىلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. كاپىتالىستىك ئەللەردىكى پارتىيىلەر رەھبەرلىك قىلغان نۇرغۇنلىغان پارتىزانلىق قورال كۈچلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. بۇ خاتالىقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا،

www.uyghurkitap.com

سوتسيالىزم لاگېرىغا، خەلقئارا پرولېتارىيات ھەرىكىتىدە چوڭ دۆلەتچىلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلدى. كاپىتالىستىك ئەللەردىكى پارتىيىلەر رەھبەرلىك قىلغان نۇرغۇنلىغان پارتىزانلىق قورال كۈچلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى. بۇ خاتالىقى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، سوتسيالىزم لاگېرىغا، خەلقئارا پرولېتارىيات ھەرىكىتىگە ئېغىر زىيانلارنى يەتكۈزدى. لېكىن، خروشوپىنىڭ ستالىننى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشى خاتا ئىدى. ئىككى خەتەرلىك مەزگىلدە ستالىننىڭ قىلغان ئۇلۇغ ئىشلىرىنى كىشىلەر ئەستىن چىقارمىدى. بىرى، 30 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىكى ئۇنلىغان كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى قورشاپ يوقىتىش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇپ، سوۋېت دۆلىتىنى ساقلاپ قېلىش؛ يەنى بىر، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قەتئىي مەيداندا تۇرۇپ توغرا قوماندانلىق قىلىش، ئەگەردە ستالىندەك قاتتىق قوللۇق، چوڭ تەلەپچانلىق، خەلقنى سەپەرۋەر قىلىش... بولمىغان بولسا، گېتلېرنىڭ ئاشۇنداق چوڭ ھۇجۇمىغا سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ بەرداشلىق بېرىشى قىيىن بولاتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا سوۋېت خەلقى «ۋەتەن ئۈچۈن، ستالىن ئۈچۈن!» دېگەن جەڭگىۋار شوئار بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، گىتلېرچىلارنىڭ ۋەتەننى، ۋەتەن خەلقنى، سوتسيالىزم غالىبىيەت مېۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جان پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. ستالىننىڭ بۇ چوڭ تۆھپىسى يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچىدىلا ئەمەس، دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ستالىننىڭ بۇ ئۇتۇقى مۇنداق كىچىك ئۇتۇق ئەمەس. يولداش ماۋ زېدۇڭ ستالىن توغرىسىدا گەپ قىلغاندا «ئۈچ بىلەن يەتتىنىڭ مۇناسىۋىتى» دەپ بەك توغرا ئېيتقان.

خروشوپ موسكۋا يىغىنىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ شۇجۇڭچىيىلىق لۇشيەنىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ داۋام قىلدۇردى. خەلقئارا كوممۇنىستىك ئىشچىلار پارتىيىلەردە بۆلۈنۈشلەر بولۇپ كەتتى. خەلقئارا پرولېتارىيات جاھانگىرلىكىگە كاپىتالىزمغا قارشى كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن خورشوپ جۇڭگو سوۋېت توختامىنى يىرتىپ تاشلاپ جۇڭگو ئىقتىسادىي مەدەنىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم قىلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان مۇتەخەسسىسلەرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئىقتىسادىي ھەم تېخنىكا

جەھەتتىن بېرىدىغان ياردەمنى توختاتتى. بۇ جۇڭگوغا ھە دېگەندە ناھايىتى چوڭ ئېغىرچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. كېيىن جۇڭگو ئاستا - ئاستا بۇ قىيىنچىلىقلارنى، ئەگرى - توقاي يوللارنى باسسىمۇ يەنە بىر تەرەپ قىلدى، ئەمما خىروشوپنىڭ ئاشۇ خائىنلىقى بولمىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا قىلىۋاتقان ياردىمى داۋاملىق بولۇپ تۇرغان بولسا، جۇڭگونىڭ 60 - يىللاردىكى تەرەققىياتى خېلى چوڭ بولغان بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز خورشوپنى، جۇڭگو - سوۋېت دوستلىغىنى بۇزۇشقا، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا چوڭ زىيان يەتكۈزگۈچى بىر ئاسىيت دېمەي تۇرالمايمىز.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب خلوۋاباده

بىز موسكۋادىكى ۋاقتىدا چېخوسلوۋاكىيەنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى پەرىزدېنتى .... (بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنى تېپىش كېرەك) ۋاپات بولغان ئىكەن، بۇنىڭ تەزىيە مۇراسىمىغا جۇڭگودىن 2 كىشى بېرىش لازىم بولۇپتىكەن، يولداش لى شيەننەن بىلەن ئىككىمىز تەيىنلەندۇق. بىز چېخوسلوۋاكىيىگە باردۇق. بۇ، تەخمىنەن 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلەر. چېخوسلوۋاكىيىگە بارساق پۈتۈن مەملىكەتتە دېگۈدەك چوڭ ماتەم بولۇۋاتقان ئىكەن. بىزنى ئايرودرومدا ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى قارشى ئالدى. بىز بېرىپ ئىككى كۈندىن كېيىن زۇڭتۇڭنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىم چوڭ بولدى. چېسكىلاۋىيىنىڭ ــ پىركا خەلقى قاتناشقاندىن باشقا خەلقئارادىن نۇرغۇن مەملىكەتلەردىن ۋەكىللەر كەلگەن ئىكەن. مۇراسىم چوڭ يىغىنى تۈگىگەندىن كېيىن جەسەتنى بىر ئادەم كۆيدۈرىدىغان زاۋۇتقا ئاپارغان ئىكەن. بىزمۇ باردۇق. بىر چوڭ بىنانىڭ ئالدىدىكى رەھبىرىي ئادەملەرنىڭ كۆلىنى قويىدىغان بىنانىڭ يېنىدا بىر ئېگىز ئىمارەت بار ئىكەن. كېيىن ھەممە تەييار بولۇپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىدىكى چوڭ دەرۋازىسى ئىككى تەرەپكە ئېچىلدى. جىنازىدىكى جەسەت تۈۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ كىچىك تۆمۈر يەردە قويۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ ئىچىدە جەسەت كۆيدۈرۈش قانداق قىلىنغىنىنى بىلمىدۇق. بەزى خالىغان كىشىلەر كىرىپ كۆردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چوڭ بىر تۆمۈر جوزىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىكەن، بىر كونۇپكىنى باسقاندىن كېيىن بىر نەچچە سىكۇنت ئىچىدىلا ئادەم كاۋاپ بولىدىكەن. بۇ ئەمدى خېلى يۇقىرى توك بېسىمى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر زاۋۇت بولسا كېرەك.

بىز بىر ئۈچ تۆت كۈنلا بولدۇق. بۇ جەرياندا شۇ ۋاقىتتىكى بىر پىرىزدېنتلىرىنى سايلاش مەجلىسىگە قاتناشتۇق. ئۇ پىرىزدېنتى يەنە مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ باشلىقلىرى قوبۇل قىلدى. باشقا كۆتۈرۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



لىشلار ئوخشىغان ئىشلار بولدى. بىز پىراگا شەھىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن باشقا، پراگانىڭ 40 كىلومېتىر غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بىر چوڭ كالىخوزىغا بېرىپ زىيارەت قىلدۇق. بۇ كالىخوز ئېيتماقچى يېزا بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر يېرىم زامانىۋىيلاشقان بىر شەھەر رايونىغا ئوخشايدىكەن ھەممە يەردە ئېلېكتىرىك، كىنو، تىياتىر، يېزىلاردا تراكتور، كامبايدىن يەنە باشقا ماشىنىلار ھەرىكەت قىلىپ تۇرغان. بىزنى ئۇلار ياخشى ئالدى. بىزمۇ ئوبدان تەسىر قازاندۇق.

www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب سوۋېت رېسپۇبلىكىلىرىنى زىيارەت قىلىش ۋە ماۋ جۇشىنىڭ كۆرسەتمىلىرى

1957 ـ يىلىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بىزنىڭ ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئىشى ئاياقلاشتى. بۇ قېتىم موسكۋادىكى پائالىيەت ئاز بولمىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 40 يىللىقىغا قاتنىشىش، موسكۋا يىغىنى. بۇ ئىككىسى پائالىيەتكە ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ياخشى رول ئوينىدى ۋە خەلقئارادىكى يەنە خېلى ئابرويى كۆتۈرۈلدى. خىزمەتلەر ئۇتۇقلۇق تۈگەتىلدى. ماۋ جۇشى جوزۇڭلى باشلىق ۋەكىللەر بېيجىڭگە قايتىشىنىڭ ئالدىدا ماۋ جۇشى مەندىن، سىز بىز بىلەن قايتامسىز ياكى توغرا شىنجاڭغا قايتامسىز دەپ سورىدى. مەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىنى بىر كۆرۈپ ئېكسكۇرسىيە قىلىپ قايتسام، دېگەن ئىدىم. ماۋ جۇشى: «ياخشى بوپتۇ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىپ قايتىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر روسلارنىڭ مۇستەملىكى بولۇش ئۇزاق ئېزىلىشكە ئۇچرىغان. ئەمدى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۇلارغا نېمە بەردى؟ خەنزۇلارمۇ ئۇزاق تارىختىن بېرى، ھەم جۇڭگودىكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىپ كەلگەن. ئەمدى بىز سىلەرگە نېمە بەردۇق، يەنە نېمىلەرنى قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك؟ مۇشۇ سوئالنى بىللە ئېلىپ سوۋېتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىنى ئەمەلىي تۇرمۇشىنى ۋە تەجرىبە ساۋاقلىرىنى ئېلىپ قايتىڭ. بۇ ياخشى ئىش» دېدى. يولداش جۇ ئېنلەي ماۋ جۇشىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ سۆز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز موسكۋا ئايرودرومىغا چىقىپ ماۋ جۇشى جوزۇڭلى ۋە باشقا ۋەكىللەرنى ئۇزىتىپ قويدۇق.

مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىنى بىر ھەم ئېكسكۇرسىيە ھەم ساياھەت قىلىپ قايتسام دېگەن ئارزۇسى ئىدىم، ئەمما ماۋ جۇشى ماڭا ئالاھىدە

ۋەزىپىمنى ئېلىپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ رېسپۇبلىكىلىرىنى ئايلاندىم.
موسكۋا لېنىنگراتتىن باشقا كېيىن ئۇكرائىنىيىدە بولدۇق. ئاندىن
كېيىن باپكا (گرۇزىيە)، ئەزەربەيجان ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكىسىدا
بولدۇق. قارا دېڭىز بويىغا جايلاشقان بۇ ئىككى رېسپۇبلىكا ناھايىتى
چوڭ تەرەققىياتلارغا ئىگە بوپتۇ. تۇتقان ئورنىمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ
ئىكەن. گرۇزىيە خەلقى كۆرەشچان، شوخ خەلقلەر بولىدىكەن. ئاندىن
كېيىن يېزا ئىگىلىكىدە ئۈزۈمچىلىك ناھايىتى چوڭ تەرەققىي قىلغان
ئىكەن، يېزىلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. سانائەت ئورۇنلىرى بىلەن
تونۇشتۇق. مۇشۇ ۋاقىتلاردا مەن ستالىننىڭ يۇرتىنى كۆرۈشنى ئوت-
تۇرىغا قويدۇم. ئۇلار ھەيران قالدىمۇ دېمەي، «بارىمەن دېسىڭىز ئو-
رۇنلاشتۇرايلى» دېدى. مەن قەتئىي «بارىمەن» دېدىم. گرۇزىيە ئالىي
سوۋېتىنىڭ بىر ئورۇن باسار رەئىسى بىز بىلەن بىرگە ستالىن يۇرتى-
غا ئېلىپ باردى. بۇ ئادەم ماشىنا ئۈستىدە ئۇزۇن سۆزلەپ ستالىن
مەسىلىسىدە، يەنى خىروشوپ ستالىننى پىپەن قىلىش ۋە ئىنكار قە-
لمۋاتماقچى بولۇۋاتقان ئەھۋال ئۈستىدە سۆزلەپ ناھايىتى نارازىلىق
بىلدۈردى. ستالىن شەھىرىگە باردۇق. بۇ ستالىننىڭ ئانا يۇرتى، بەك
گۈزەل، ئادەملىرى خىل بىر جاي ئىكەن. ستالىننىڭ ئەسلى تۇغۇلغان
ئۆيىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. ستالىن ئەسلى دادىسى موزدۇز بولۇپ
ئاشۇ ئاددىي كەمبەغەل موزدوزلۇق تۇرمۇشىدا ياشىغان ئىكەن. شۇ قە-
دىمقى ئۆيىنى پۈتۈن نەرسە ـ سەرەمجانلىرى بىلەن شۇ بويىچە ساقلاپ
قويۇپتۇ. ئەمدى ئاشۇ ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر ستالىن كۆرگەزمىسى يا-
ساپتۇ. بۇ كۆرگەزمىگە خېلى پۇل سەرپ قىلىنىپتۇ. بۇ ئەمدى پۈتكەن-
دىن كېيىن ئاچماي توختىتىلىپ قويۇپتۇ. بۇ خىروشوپنىڭ بۇيرۇقى
ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتقا كېلىدىغان چەتئەل ۋەكىللىرىدىمۇ
كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ستالىن كۆرگەزمىسىنىڭ ئالدىدا بىر ئوت-
تۇرا مەكتەپ بار ئىكەن. بىز بېرىشىمىز بىلەن جۇڭگو ۋەكىللىرى
كەلدى دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىغا قارىماستىن دې-
رىزىلەردىن چۈشۈپ پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار، بارلىق ئوقۇتقۇچىلار بىزنى
ئوراپ ئالدى. ئۇلار «ماۋ زېدۇڭ، ستالىن، ستالىن ماۋ زېدۇڭ» دېگەن
شوئارلار بىلەن ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن بىزنى قارشى ئالدى. بىلە-

نىپ تۇرۇپتىكى، بۇ ئۇيۇشتۇرۇلغان قارشى ئېلىش ئەمەس، ئۇزاقتىن بېرى ستالىننىڭ يۇرتىغا چەتئەللىك كەلمەيدىغان بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ستالىن كۆرگەزمىسىنى ئاچمىغاندىن كېيىن كىشىلەردە قاتتىق نارازىلىق بار ئىكەن. ئاشۇ نارازىلىقنى بىزنى قارشى ئېلىش بىلەن بىلدۈرمەكچىمەن. بۇ سىرنى بىزنى باشلاپ بارغان گروزىيە ئالىي سوۋېت ئورۇن: «كۆردىڭىزمۇ، ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئامىنىڭ جۇڭگولۇقلارغا بولغان مۇھەببىتىنى. چۈنكى جۇڭگولۇقلار ستالىننى قوللايدۇ، بىزگە ياردەم بېرىدۇ دەپ ئارزۇ قىلماقتا. يەنە بىر ياقتىن خورشوۋ قارشىلىغىنى بىلدۈرمەكتە...». بىز رەسمىي ئېچىلمىغان كۆرگەزمىنى كۆردۇق. ستالىن كۆرگەزمىسى ھەقىقەتەن بىنانىڭ كاتتا بولۇشىغا مۇۋاپىق. پۈتۈن ئىچىمۇ ياخشى زىننەتلەنگەن ئىكەن. ستالىننىڭ ئەسلى ئائىلىسى، كېلىپ چىقىشى، ئوقۇش ۋاقتىدىن تارتىپ كېيىن ئىنقىلابقا قاتناشقان ۋاقىتلىرى، سۈرگۈن ۋاقىتلىرى، ئەڭ جاپالىق ئىنقىلابىي كۈرەشلەر پائالىيەتلىرى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي ۋاقىتلىرىدا ھەم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارا جەھەتتىمۇ كۆرسەتكەن چوڭ ئىشلىرى ئوبدان قويۇلغان ئىكەن. بىز كۆرگەزمىنى كۆرۈپ بەك تەسىرلەندۇق. قايتىپ چىقساق ھېلىقى مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى تېخى دەرسكە كىرمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. يېڭىدىن نۇرغۇن كىشىلەر قوشۇلۇۋېتىپتۇ. ئۇلار بىزنى قانداق قارشى ئالغان بولسا، شۇنداق خۇشاللىق بىلەن ئۇزۇتۇپ قويدى.

گروزىيىنىڭ پارتىيە سېكرېتارى ئوروس ئىكەن، قالغان رەھبىرى كادىرلىرى گورۇزىنلاردىن ئىكەن. گورۇزىن كادىرلارنىڭ روسلارغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. جۈملىدىن بىر مىسال — بىزنى ئۇزىتىش زىياپىتى قىلىنغان كۈنى مەن گروزىيە ئالىي سوۋېت پرېزىدىئۇمىنىڭ رەئىسىگە (بۇ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا چوڭ پارتىزانلار قوشۇنىنىڭ باشلىقى بولغان ئادەم ئىكەن) «سىلەرگە رەھمەت! بىز بەك خۇشال بولدۇق» دەپ سۆزلەپ كېلىپ ئاخىرقى سۆزۈمدە ئاشۇ رەئىسنى جۇڭگوغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ئادەم ئۇزىنىڭ سۆز قىياپىتىدىن ئاددىي بىر دېھقان مىجەزدىكى ئادەملىكى كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى



رۇنۇپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ ماڭا سىزگە بەك رەھمەت! مەن جۇڭگوغا بېرىشنى، جۇڭگولۇق دوستلارنى كۆرۈشنى، ماۋ زېدۇڭنى كۆرۈشنى خالايمەن. لېكىن ماۋۇلار(ھېلىقى بىرىنچى سېكرېتارنى كۆرسىتىپ) مېنى سىلەرگە ئەۋەتمەيدۇ. ئىلاج قانچە، دەپ قانداقتۇر بىر ئاچچىق كەيپىياتتا بىز بىلەن رومكا سوقۇشتۇردى. ئاۋۇ سېكرېتار «ئۇنداق گەپ يوق، جۇڭگو بىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوست دۆلىتىمىز، قايسى ۋاقىتتا خالىسىڭىز شۇ ۋاقىتتا بارسىڭىز بولىدۇ» دېدى. ئاۋۇ ئادەم «ھەر سۆز ئەمەلدە بولسا بولىدۇ» دەپ قويدى.

گرۇزىيەگە كېلىش ئالدىدا سوچىدا ماڭا چوڭ تەنتەنە بىلەن سىۋېچىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كاپكاز تاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا بېلىدە ناھايىتى گۈزەل بىر ئورمانلىق ئىچىدە بىر چىرايلىق كۆل بار ئىكەن. مۇشۇ كۆلنىڭ چېتىغا ستالىننىڭ يازلىق دەم ئېلىش ئۆيى سېلىنغان ئىكەن. بىزنى ئۇلار شۇ يەرگە ئېلىپ چىقتى. ستالىن تۇرغان ئۆيلەرنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزنى ئېلىپ چىققان ئادەم (گورۇزدېيىن)، «ئەمدى ستالىندىن مۇشۇ ئۆي قالدى، يەنە بىر كۆزگەمىسىمۇ بار. لېكىن ستالىننى ئىنكار قىلغۇچىلار بۇنىڭمۇ ئىنكار قىلماقچى. ئەمما بىز ئۇنىڭغا يول قويمايمىز. ستالىننىڭ نامى، ستالىننىڭ ئانا يۇرتى ئەبەدىي خەلق قەلبىدە ياشايدۇ» دېگەن ئىدى. كېيىن گرۇزىيىگە كەلگەندە گرۇزىيىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا بىزنى يۇقىرىقىدەك چوڭ قارشى ئېلىش بىلەن بىرگە ھەممە يەردە «ماۋ زېدۇڭ ـــ ستالىن، ستالىن ـــ ماۋ زېدۇڭ» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ قارشى ئالدى. دىققىتىمىزنى قوزغىغان بىر ئىش، كالخوزچىلارنىڭ ئۆيىگە كىرسەك ھەممىسى دېگۈدەك ھەتتا كالخوز ئىشخانىلىرىدا ستالىننىڭ، لېنىننىڭ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق ئىكەن. ھەتتا بەزى دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە كىرسەك پەقەتلا يالغۇز ماۋ زېدۇڭنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىقىنى كۆرۈپ بىز بەك ھاياجانلاندۇق. بۇ ئەھۋال شۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇكى خورشۇڭجوڭ ستالىننى ئىنكار قىلىشقا قارشىلىقى گرۇزىيىدە تا رەھبىرىي كادىرلاردىن تارتىپ تۆۋەن دېھقانلارغىچە ناھايىتى چوڭ ھەم ئوچۇق ئاشكارىكەن. كېيىن خورشوۋ ھەممە يەردە ستالىننىڭ ھەيكەللىرىنى چاقتى. گرۇزىيە شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قو-

www.uyghurkitap.com

بولغان ستالىننىڭ ناھايىتى چوڭ مىس ھەيكىلىنى چاقىلى قويماي، گرۇزىيىلار ئۇزاق قارشىلىق كۆرسەتكەن. كېيىن بىر كۈنى تۈندە ھەربىي قىسىم چىقىپ چاقماقچى بولغان ئىكەن، بۇ ئىشنى بىلىپ قېلىپ كادىرلار خەلقلەر تۈن ئىچىدە ستالىننىڭ ھەيكىلىنى ئۆرۈپ ئېلىپ ھېچ كىمنى يېقىن كەلتۈرمەي ساقلاپ قالغان ئىكەن. بۇنىڭدىن ستالىنغا بولغان خەلقنىڭ مۇھەببىتىنى، يالغۇز گرۇزىيىنلاردا ئەمەس، باشقا مىللەتلەرنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

گرۇزىيىدىكى ساياھىتىمىزنى تۈگىتىپ ئەزەربەيجانغا كەلدۇق. ئەزەربەيجان قارا دېڭىزنىڭ بويىدىكى گۈزەل بىر جاي ئىكەن، ئۇ يەردە بىرەر ھەپتە تۇردۇق. سانائەتنى بولۇپمۇ باكۇنىڭ مەشھۇر نېفىت سانائىتىنى، يېزا ئىگىلىكىنى، ئالىي مەكتەپلەرنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە سەنئەت ئىشلىرىغا خېلى قىزىقتۇق. ئۇلار بىزگە «يەتتە قىز ھېكايىسى» دېگەن بىر ياخشى ئوپېرانى قويۇپ بەردى. ئەزەربەيجاننىڭ ئەھۋالى گرۇزىيىگە ئاساسەن ئوخشاش، پەرقى ئۇلار تۈرۈك تىل سىستېمىسىدىكى خەلق، تىلى تۈركچىگە بەك يېقىن شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرچە تىلغا تۈرك تىلغا قارىغاندا تېخىمۇ يېقىنراق بولىدىكەن، ئادەملىرى خۇشچاقچاق، سەنئەت ئەدەبىياتى جۇشقۇن، كىشىلىرىمۇ ناھايىتى گۈزەل ـــ چىرايلىق بولىدىكەن.

ئەزەربەيجاندا بىزنى ناھايىتى چوڭ قارشى ئالدى. ئەزەربەيجاننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئالىي سوۋېت باشلىقى بولغان، ئەزەربەيجان ھەم پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نامى بولغان يازغۇچى ھەم مۇقامشۇناس مىرزا ئىبرايموف دېگەن كىشى بىزنى قارشى ئالدى. بىز بىلەن بىرگە بولدى، قايتا ـ قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزدۇق. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر سۆھبىتىدە ئۇيغۇر سەنئىتى، ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ يالغۇز ئۇيغۇرلار ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى خەلقئارادىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئادەم شۇ يېقىن ئارىدا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن بىر خەلق ئەدەبىيات سەنئىتى مۇزاكىرە يىغىنىغا قاتنىشىپ كەلگەن ئىكەن، بۇ ئادەم شۇ يىغىندا «مۇقام» دېگەن تېمىدا بىر لېكسىيە سۆزلەپتۇ. بۇ سۆزىدە ئومۇمەن ئوتتۇرا ئاسىيادا شىنجاڭدا ھەم ئەرەپ ھەتتا ھىندىستان، پاكىستانلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇقام

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



توغرىسىدا ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئىشىدىن دوكلات بېرىپتۇ. بۇ ئادەم مۇقامنىڭ ناھايىتى يۈكسەك ئەھمىيىتى ۋە رولىنى سۆزلەپ كېلىپ ئاخىرىدا، مۇقاملار نۇرغۇن بولغانلىقى، ھەر يەردە ھەر خىل بولغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ، ئەڭ مۇكەممەل سىستېمىلىق «مۇقام» ئۇيغۇر مۇقامى، ئۇيغۇر مۇقامىنى باشقا ئەللەر مۇقاملىرىنىڭ ئانىسى...» دەپتۇ. بۇ ئادەممۇ شۇ توغرىسىدىكى ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى كۆپ سۆزلەپ شىنجاڭدا ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ ئەمدى يېڭىدىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ھەم بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ چوڭ ئۇتۇق قازىنىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلدى. بۇ ئادەم بىلەن بولغان سۆھبىتىمىز ناھايىتى يېقىنلىق. ئۇ كىشى بىلەن سۆھبەتلىرىمىز ئىناقلىق ھەم ناھايىتى ئوبدان ئۆتتى.

ئەزەربەيجان بەزى يەرگە قارىغاندا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن تەرەققىياتى بار ئىكەن. نېفىت بۇ يەردىكى ئاساسىي سانائەت — باكۇ نېفىتلىكى پۈتۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنى تەمىنلەۋاتقان مۇھىم بىر نېفىت بازىسى ئىكەن. بۇندىن باشقا سانائەتلەرمۇ تەرەققىي قىپتۇ. يېزا ئىگىلىكىمۇ ياخشى، ماڭا تەسىر قىلغان نەرسە ئەدەبىيات — سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشى. ئۇلار بىزگە سەھنىلەردە ئويۇن قويۇپ بەرگەندىن تاشقىرى، ھەر خىل سۆھبەت — ئولتۇرۇشلاردا، زىياپەتلەردىمۇ سەنئەت خادىملىرىنى ئەكىلىپ بىزگە بەك ياخشى ئويۇنلارنى قويۇپ بەردى. بىز خۇرسەن بولدۇق. بىز ئۇلار بىلەن تەرجىمىسىز سۆزلىشىپ كېتىۋەردۇق.

بىز ئەرمىنىيە رىسپوبلىكىسىغا كەلدۇق. ئەرمىنىيە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەرمىينىلار ئاساسىي كۆپچىلىك سانىنى ئىگىلەيدىغان بىر رىسپوبلىكىسىكەن. ئۇ يەردە ئارمىنىيە رەھبەرلىكى ۋە ئارمىنىيە خەلقى خېلى ئوبدان كۈتۈۋالدى. ئارمىنىيىدە سانائەت گروزىيىگە قارىغاندا، نېفىتىنى كۆزدە تۇتقاندا ئەزەربەيجانغا قارىغاندىمۇ ئارقىدىراق ئىكەن. يېزا ئىگىلىكى خېلى تەرەققىي قىلغان ئىكەن. ھەممىلا يەردە ئۈزۈمدىن ئىشلەيدىغان هاراق زاۋۇتى بار ئىكەن. ئەرمىنىيىدە تۇرغان ۋاقتىمىزدا ئەرمىنىيە خەلقىنىڭ رەھبەرلىكىنىڭمۇ جۇڭگوغا، ماۋ زېدۇڭغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.

ئۇلارنىڭ تۈركلەر بىلەن زىددىيىتى كۈچلۈكرەك بولىدىكەن. چۈنكى ئۆتكەن زامانلاردا ئۇلار بىلەن خېلى چوڭ ئۇرۇشلارنى قىلغان ئىكەن. ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا تۈركلەرنىڭ ناھايىتى ئېغىر قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇچۇن تۈركلەرگە ناھايىتى ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىكەن.

ئاندىن بىز كاسپىي دېڭىزىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ تۈركمەنىستانغا كەلدۇق. تۈركمەنىستانلىقلار تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلار تۈرك ئۆرپ ئادەت، تۇرمۇش، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا خېلى يېقىنلىقى بار ئىكەن. ئەسلىسى تۈركمەنلەرمۇ ئىلگىرىكى قەدىمقى تۈركلەر بىلەن بىللە شۇ يەرگە بېرىپ توختاپ قالغان ئىكەن. تۈركمەنلەرنىڭ چارۋىچىلىق سانائىتى خېلى كۈچلۈك ئىكەن. بۇ يەردە كاراكول چىقىرىدىغان يەركەن، ئاق، قارا، جىگەررەڭ ھەر خىلى بار ئىكەن. يالغۇز سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىلا مەشھۇر بولماستىن چەتكىمۇ، ھەتتا ئامېرىكىغىمۇ چىقىرىدىكەن. تۈركمەنلەر سەنئەتتە خېلى ئوبدان تەرەققىي قىلغان ئىكەن. گۈل ئەدەبىياتى، خەلق سەنئىتى ياخشى راۋاجلانغان. ھەر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابلىرى — بىزنىڭكىگە ئوخشايدىغان ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان دۇتتار، تەمبۇر، راۋاب، داپ، نەي ۋە باشقىلارمۇ بولىدىكەن. تۈركمەنىستاندا تۇرغان ۋاقتىمىزدا ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خۇسۇسىيەت جەھەتتە خېلى يېقىنلىقى بارلىقىنى ھېس قىلدۇق. ئۇلارمۇ بىزنى جۇڭگودىن كەلگەن قېرىنداشلىرىمىز دەپ ئوبدان قارشى ئالدى. تۈركمەنىستاندا شەھەر، يېزا، مەكتەپ يەنە باشقا ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇق. ياخشى ئويۇنلارنى قويۇپ بەردى.

ئاندىن كېيىن تاجىكىستانغا باردۇق. تاجىكىستان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قوشما شتاتى بولۇپ، تەرەققىياتى خېلى چوڭ ئىكەن. ئەڭ مۇھىمى يېزا ئىگىلىكىدە كېۋەزچىلىك - پاختىچىلىك چوڭ تەرەققىي قىلغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن يېنىك سانائەت ھەم باشقا سانائەتلەرمۇ بار ئىكەن. تاجىكىستاندىكى زىيارىتىمىز ياخشى كۆڭۈللۈك بولدى. ئۇلارمۇ ئوبدان ياخشى سەھنە ئەسەرلىرىنى، كانسېرت پائالىيەتكە ئوخشىغان ئويۇنلارنى قويۇپ بېرىپ قىزغىن قارشى ئالدى. تا-

جىكىستاندىكى بىر ئالاھىدە ئەھۋال: شۇ ۋاقىتتا تاجىكىستان كومپارتىيىسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولغان قوشقاروۋ دېگەن بىزنى ناھايىتى ياخشى قارشى ئالدى. بۇ ئادەم ئالىي سوۋېتنىڭ بىزنى كۈتىدىغان باشلىقلىرىنى چەتكە قايرىپ قويۇپلا ئۆزى بىۋاسىتە كۈتۈۋالدى. بۇ ئادەم ئاۋۇ ئالىي سوۋېت باشلىقلىرىغا «سىلەر كۈتۈۋېلىش، ئۈزۈتۈشنىلا قىلساڭلار بولدى، ئەمدى يولداش سەيپىدىن مېنىڭكى، مەن كۈتىمەن»دېدى چاقچاق ئارىلاش. ئۇ ئادەم سەۋىيىسى يۇقىرى، ئاندىن كېيىن ئۆتكۈر ئادەم كۆرۈندى بىزگە. خروشوۋنىڭ سىياسىتىگە قوشۇلمايدىكەن. ئۇ، خروشوۋ خاتالىق قىلىۋاتىدۇ. ئىنقىلابدىن ۋاز كېچىۋاتىدۇ. كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا تىنچ ئۆتۈش دېگەن بۇرژۇئاچە ئىدىيىنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ... دېگەن نۇقتىلارنى تەكىتلەيدىكەن. مۇنداق ئادەمدىن يەنە بىرى مەن لېنىنگراتتا بۇ ۋاقىتتا لېنىنگراتتا شەھەرلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى ئىۋانوپ دېگەن ئادەم ئۇچراتقانىدىم، شۇ خروشوۋ ماركسىزمدىن، خەلق يولىدىن، سوتسىيالىزمدىن، خەلق مەنپەئىتىدىن چەتنەۋاتىدۇ... دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان. ئاڭلىساق ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئادەملەرمۇ خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

بىز ئۆزبېكىستان ــ سەمەرقەندكە كەلدۇق. سەمەرقەندە بىر، ئىككى كۈن تۇردۇق. بۇ كونا قەدىمىي شەھەر بولغان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنى جەلپ قىلىدىغان شەھەر ئىكەن. كونا ئۆردىلار، كونا مەدرىسلەر، كونا يادىكارلىقلار، ئاسار ئەتىقىلەر خېلى ساقلانغان يەر ئىكەن. بىز ئۇ يەردە ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە خېلى يېقىنلىقىنى كۆردۇق. شۇ يەردە بولغان ۋاقىتلىرىمىزدا كۆپرەك ئۆزبېك سەنئىتىگە قىزىقتۇق. سەمەرقەندنىڭ تارىخىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىزگە بىر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزبېك تارىخى توغرىسىدا بىر قاتار چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇق. بىز سەمەرقەندىن ماشىنا بىلەن تاشكەنتكە قاراپ يولغا چىقتۇق. ئۆزبېك ئالىي سوۋېت پرېزىدىيومىنىڭ باش سېكرېتارى (باش كاتىپى ئىلھاموۋا دېگەن بىر ئايال كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا بولۇشى بىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تاشكەنتكە كەلگەن) تاشكەنتكە قاراپ ماڭدۇق.

www.uyghurkitap.com

تاشكەنتكە مۇشۇ قېتىم كېلىشىم تۆتىنچى قېتىم بوپتۇ. 1930 ـ
يىللىرى تاشكەنتتە ئوقۇغان ۋاقتىم، 50 ـ يىلى ماۋ جۇشى باشچىلىـ-
غىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن موسكۋاغا بېرىپ قايتىپ بىر توختى-
غان، مۇشۇ قېتىم مەن موسكۋاغا بېرىشتا ئالمۇتادىن تاشكەنت ئارقى-
لىق موسكۋاغا ئۆتۈپ كەتكەن. بۇداقىسى تۆتىنچى قېتىم بوپتۇ. شۇڭا
تاشكەندە مەن بىر خىل يېقىملىق ھېس قىلدىم. تاشكەنت گۈزەل شە-
ھەر بولۇپ، ھاۋاسى ياخشى، مېۋىزارلىقى مو، بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ
قەشقەر، خوتەن، يەكەن رايونلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان رايونلىرى جىق
ئىكەن. تاشكەنتنىڭ ئەتراپى پۈتۈن باغ ـ بوستانلىق، مىللىي جەھەتتىن
ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆزبەكلەر ئۇيغۇلارغا، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە
قارىغاندا خېلى يېقىن، بولۇپمۇ ئۆزبەك بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيە-
تى، سەنئەت ئەدەبىياتى جەھەتتىن ئالغاندا خېلى يېقىنلىقى بار. بۇ
ۋاقىتتا ئۆزبەكىستان كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ سېكرېتارى مو-
ھىددىنوۋ دېگەن ئادەم ئىكەن. بۇ ئادەم ئەھۋالدىن قارىغاندا خرۇشوپقا
پىكرى باردەك، لېكىن، پىكرىنى ھېلىقى تاجىكىستاندىكى قوشقا-
رۇپلارغا ئوخشىغان ئوچۇق ئېيتالمايدۇ. تاشكەنتتىكى رەھبەرلەر ئالىي
سوۋېت پىرەزىدىيۇمىنىڭ رەئىسى بولسۇن ئورۇن باسارلىرى ئاندىن كېيىن
بۇ موھىددىنوۋ مۇشۇ قاتاردىكى بىرمۇنچە ئادەملىرى بىلەن ھەر خىل
ئولتۇرۇشلاردا، ھەر خىل سۆھبەتلەردە بولدۇق. تاشكەندە تۇرغان
ۋاقتىمىز ياخشى خۇشاللىق بىلەن ئۆتتى. بۇ مېنىڭ ئىلگىرى ئوقۇغان
جايىم بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن كۆرگەن بىلگەن يەرلەرنى كۆپرەك كۆ-
رۈپ شۇ ۋاقىتتىكى تونۇشقان ئادەملەر بىلەن جىقراق ئۇچرىشىپ خۇ-
شال ـ خۇرام ئۆتتۇق. 1950 ـ يىلى ئۆزبېكىستان، قازاقىستاندىن
بىر سەنئەت ئۆمىكى (ھال سوراش ئۆمىكى) شىنجاڭغا كەلگەن. بۇلار-
نىڭ ئىچىدە ھەلىمە ناسىرىۋا، روزا باغلانوۋا، سارەي ئىشان تورەيوۋا...
قاتارلىق ئارتىسلىرى بار ئىدى. ئۇلارنى بىز ياخشى قارشى ئالغان. شۇ-
نىڭ بىلەن ئۇ ۋاقىتتا ئايروپىلان قاتنىشى كەمچىل بولغاچقا مەن ما-
شىنا بىلەن بىرگە ھەمراھ بولۇپ خوتەنگىچە بىللە ئاپىرىپ قايتۇرۇپ
كەلگەن. ئومۇمەن بىز ياخشى دوستانە مۇئامىلە قىلغان. بۇ قېتىم بۇ
كونا دوستلار بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلار بىلەن كونا پاراڭلارنى قىلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ناھايىتى خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن ئۆتكەننى يادلاپ ئۆتكۈزدۇق. ئومۇمەن باشقا رېسپوبلىكىلارغا قارىغاندا تاشكەنتتىكى تۇرمۇش بىلەن ھېلىقى كونا ئوقۇغان جاي ھەم مىللىي جەھەتتىن يېقىنراق بولغانلىقى بولۇشى كېرەك، خېلى كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

ئاندىن كېيىن قازاقىستانغا، ئاندىن قىرغىزىستانغا كەلدۇق. بۇ ئىككى رېسپوبلىكىدا ئومۇمەن رەھبەرلىرىنىڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە، ماۋ زېدۇڭغا، جۇڭگو پارتىيىسىگە شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلقىگە بولغان مۇھەببىتىنى ھەممىلا جايدا ئۇچراتتۇق.

شۇنداق قىلىپ مەن 8 ـ ئايدىن تارتىپ 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا بولغان مەزگىلىمىز ھەر جەھەتتىن ئەھمىيەتلىك جەريان بولۇپ ئۆتتى. ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەھۋال، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا مىللىي رېسپوبلىكىلاردىكى ئەھۋال ۋە تەسىراتلار توغرىسىدا ماۋ جۇشىغا بىر پارچە خەت يازدىم. شۇنىڭ بىز چۇ داڭۋېينىڭ بىر چاڭۋى مەجلىسىدە ئالاھىدە دوكلات قىلدىم. مېنىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى تەسىراتىم ـــ مىللىي مەسىلە خىروشوۋ دېگەندەك ئاسانلا ھەل بولىدىغان، يوقىلىپ كېتىدىغان مەسىلە ئەمەس. ماركسىزم مىللىي مەسىلىسى بويىچە ئىش قىلمىغاندا چوقۇم خاتالىق بولىدۇ. مىللىي سىياسەت ياخشى ئىجرا قىلىنمىسا چوقۇم ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نارازىلىقى، ھەتتا قارشىلىقى كۆپىيىدۇ. ئەمدى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئىلگىرىدىن بار بولغان چوڭ رۇس شوۋىنىزمى (بۇ ئاساسەن يوقىتىلدى دېگەندىمۇ شوۋىنىزمنىڭ تەسىرى تېخى خېلى بار ئىكەن. بولۇپمۇ خىروشوپمۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن بۇ چوڭ دۆلەت روھىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بەزى جەھەتتە خېلى كۈچىيىپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ). دېمەك، مىللىي مەسىلە ئۇنداق ئاسانلىقچە ھەل بولۇپ كېتىدىغان كىچىك مەسىلە ئەمەسكەن... دېگەن خۇلاسىغا كەلدىم. ئومۇمەن ئېلىپ ئېيتقاندا مېنىڭ مۇشۇ بىر نەچچە ئايلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغان سەپىرىم ھەم باشقا رايونلارغا بېرىپ قايتىش بىر چوڭ ئۆگىنىش بولدى.

## يەتتىنچى باب تەجرىبە - ساۋاقلار

بۇ قېتىم تەجرىبە ساۋاقلارنى ئومۇمەن قىلىپ يەكۈنلىگەندە مۇنداق بىر قانچە نۇقتىغا يىغىش مۇمكىن:

خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابى شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ھەرىكەتلىرى بۇ ماركسىزم، لېنىنىزم مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ قەتئىي ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم ئىشكەن. خرۇشوپمۇ «تېنچ ئۆتتۇق» دېگەن ئاتالمىش نەزەرىيىسى بۇ ئەمەلىيەتتە خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ھەرىكەتلىرىنى يوققا چىقىرىش، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: «كاپىتالىزمنىڭ سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتە قوراللىق ئىنقىلابىنىڭ كېرىكى يوق، يىخوي كۈرەش ئۇسۇلى بىلەن، يەنى تېنچ قانۇنىي كۈرەش ئۇسۇلى بىلەن ئۆتكىلى بولىدۇ. پرولېتارىيات ئىنقىلابى دېگەن نەرسىنىڭ ھاجىتى يوق...» دېگەندىن ئىبارەت. بۇ بولسا پۈتۈنلەي ماركسىزم، لېنىنىزمغا زىت، ئەمەلىيەتتە بولسا سىنىپىي تەسلىمچىلىكتىن ئىبارەت. شۇ ۋاقىتلاردىن باشلىنىپ كېيىن تەرەققىي قىلغان «ياۋروپا كوممۇنىزمى»: دېگەن ئىدىيە ئەنە ئاشۇ ئىدىيىنىڭ بىر خىل تەرەققىياتى. بۇ ياۋروپا كوممۇنىزمى دېگەن نەرسىنى ئاۋۋال ئىتالىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان، كېيىن فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي ياۋروپادا بۇ مۇشۇنداق «تىنچ ئۆتۈش» دېگەن ئاتالمىش ئىنقىلاب سەپتەتىسى مەيدانغا چىقتى. خرۇشوپنىڭ «تىنچ ئۆتۈش» دېگەن ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى ماركسىزم، لېنىنىزمغا خىلاپ، خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى بۇرمىلايدىغان شيۇجۇڭجىيىلىق ئىدىيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# يەتتىنچى قىسىم

# سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىرىنچى باب يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يەر ئىسلاھاتى تاماملىنىپ ۋە باشقا ئىدىيىۋى، تەشكىلىي ۋەزىپىلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا قەدەم قويىدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىدىيە جەھەتتە سوتسىيالىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي جەھەتتە كاپىتالىستىك ئىقتىسادنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. كاپىتالىستىك ئىقتىسادنى ئۆزگەرتىش ـ بۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە كاپىتالىزمغا قارشى چوڭ بىر ئىنقىلاب. شۇنىڭ بىلەن بىللە كاپىتالىزمنى جاھىللىق بىلەن ئاقلىغۇچى، سوتسىيالىستىك يېڭى تۈزۈمگە قارشى تۇرغۇچى بۇرژۇئازىيە قارشى ئىنقىلاب ــ بۇ ئومۇمىي جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ چوڭ بىر باسقۇچى بولۇپ، بۇ جىددىي ھەم ئۆتكۈر بىر سىنىپىي كۆرەشتىن ئىبارەت بولدى. 1957ـ يىللاردا باشلانغان بۇ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى ئىدىيىۋى كۆرەش باسقۇچى، 1959ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسەن تاماملاندى. مۇشۇ جەرياندا پرولېتارىيات بىلەن كاپىتالىزم ئارىسىدىكى كۆرەش ناھايىتى جىددى بولدى. شۇنىڭ بىلەن سىنىپىي كۆرەشنىڭ ھەرىكىتى ھەر ساھەلەر بويىچە چوڭ قانات يايدى. مەن بۇ يەردە شۇ باسقۇچدا ئالاھىدە ئەھۋال بولغان ئىككى مەسلىدە توختالماقچىمەن:

1. مىللىي مەسىلە، يەنى بىرىسى شىۋجىڭيۈيىچىلىققا قارشى كۆرەش مەسىلىسى.

يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش.

بىز يۇقىرىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياستى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانى توغرىسىدا ئېيتىپ ئۆتتۇق. پارتىيە مىللىي سىياسەتنىڭ تۈپ مەقسىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، ۋەتەن بىرلىكىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. مىللەتچىلىك بۇ بىر خىل

www.uyghurkitap.com

بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى بولۇپ، بۇنىڭ تۈپ ئاساسى بىر — يەنى ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسى، ماركسىزم تەلىماتى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى قايسى مىللەتچىلىك بولسۇن ئۇ يىلتىزى بىر، چوڭ خەنزۇچىلىق، يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ بىر بۇزۇق پىلەكنىڭ ئىككى سېسىق خەمىكى. مەن مۇشۇ تەمسىلنى ئازاتلىقدىن بېرى سىياسەتتە ھەر خىل ئېغىشلار بولغاندا مەن داۋاملىق مۇشۇ پىكىرنى ئېيتىپ كېلىمەن.

ئېنگېلس ئۆزىنىڭ بىر سۆزىدە: «يەرلىك مىللەتچىلىك چوڭ مىللەتنىڭ بېسىمىدىن پەيدا بولغان» دېگەن. ماۋ زېدۇڭ: «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك، ئالدى بىلەن چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك. چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسى يوقالمايدىغان بولسا، يەرلىك مىللەتچىلىكنى يوقاتقىلى بولمايدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ سۆز ئېنگېلسنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزى بىلەن ماھىيەتتە بىر.

جۇڭگودا مىللەتچىلىكنىڭ ئىككى خىل شەكلى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئازاتلىقتىن كېيىنمۇ شۇنداق. ئازاتلىقتىن بېرى تا مۇشۇ كۈنگىچە ھەر ئىككى مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە بولسا – چوڭ مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش سۆزى بار، ئەمەلدە يوق.

يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش بولسا ئالاھىدە تەييارلىق بىلەن چوڭ ھەرىكەت قىلىپ ئېلىپ بېرىلدى. ھەرىكەت جەريانىدا، ھەرىكەتنى كېڭەيتىۋېتىش، زەربە بېرىش دائىرىسىنى ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان، نۇقچىلارغا سۈرگۈن قىلىنغان، ھەتتا قاماققا ئېلىنىپ تۈرمىلەردە ۋاپات بولغان، ئايرىملىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئەھۋاللارمۇ بولدى. بۇ ماركسىزملىق پارتىيىگە بولغان كوممۇنىزم پارتىيىسى ياخشى يەكۈنلەيدىغان ھەم ئېغىر، ھەم ئاچچىق بىر تەجرىبە ساۋاق.

شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش ئازاتلىقنىڭ دەسلىپىدىلا (1951 – يىلى) «51 لەر ۋەقەسى» دېگەن مەسىلىدىن باشلاندى. «51 لەر ۋەقەسى» دېگەن گەپ مۇنداق: 1951– يىلى غەربىي شىمال مەمۇريي ھەيئىتى مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي كادىرلار

«ئاپتونومىيە توغرىسىدا پىكىر ئېلىش خېتى» دەپ بىر خەت تارقاتقان. جۈملىدىن مەنمۇ بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان، ئەمما ھېچ قانداق جاۋاب قايتۇرمىغان، چۈنكى بۇ خېلى چوڭقۇر ئويلىنىدىغان بىر مەسىلە ئىدى.

غۇلجىدا مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان بىر قىسىم مەسئۇل كادىرلار باش قوشۇپ ئۆز ئارا پىكىرلىشىپ، كېيىن غەربىي شىمال مەمۇرىي ھەيئەتنىڭ خېتىگە جاۋاپ قايتۇرماقچى بوپتۇ. بۇ مەجلىسكە ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلاردىن بولۇپ قاتناشقان ئادەمنىڭ سانى 51 بوپتىكەن. مەن بۇ خەۋەرنى شۇ ۋاقىتتا غۇلجىغا بېرىپ قايتقان سەيپۇللايۇپتىن ئاڭلىدىم. بۇ كادىرلارنىڭ غەربىي شىمال ھەيئىتىگە يازغان خېتىنى سەيپۇللايۇپقا تاپشۇرغان ئىكەن، مەن خەتنى كۆرۈپ قاتتىق نارازى بولدۇم، سەيپۇللايۇپنىمۇ شۇ مەجلىسكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلدىم. چۈنكى ئۇ جاۋاب خەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدا ئاپتونومىيىنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەر خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان توغرىسىمۇ بار، خاتاسىمۇ بار، نامۇۋاپىقلىرىمۇ بار. ئادەملەر خەنزۇ كادىرلارنىڭ خاتالىغىنى تەنقىد قىلغاندا، خەنزۇلار چىقىپ كەتسۇن... دېگەن پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ئەلۋەتتە توغرا بولمىغان. مەن شۇ كۈنى سەيپۇللايۇپتىن خەتنى ئېلىپ دەرھال يولداش ۋاڭ جېنغا باردىم. بۇ مەجلىسنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ۋە بەزى پىكىرلەرنىڭ خاتا قويۇلغانلىقىنى ئېيتتىم. يولداش ۋاڭ جېن يېڭى قويۇلۇۋاتقان مەسىلە بولغانلىقتىن ھەممە ئادەمنىڭ پىكىر ئوخشاش بولۇپ كېتىشى ناتايىن، بۇنى ئويلىشىپ باقسا بولىدۇ، دەپ جاۋاب بەردىم. بىراق بىر ئىككى كۈن ئۆتمەيلا فىنجۇننىڭ بىر كېڭەيتىلگەن مەجلىسى ئېچىلدى. بۇ مەجلىس يولداش ۋاڭ جېن ئېيتقاندەك تەربىيە بېرىدىغان مەجلىس بولماستىن، بەك سۈرلۈك، بەك ھەيۋەتلىك بىر مەجلىس بولدى، مەجلىسكە فىنجۇ شۆەنچۈەنبۇ تەرىپىدىن ئاۋۋال سۆزلەيدىغان ئادەم تەييارلاپ قويۇلغان ئىكەن، بۇ مىللىي كادىرلار بولۇپ، ھە دېسە بىلگىنىنى شۇمەكلەپ ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان ھېلىقى ئاتالمىش ئاكتىپلاردىن ئىكەن. مەجلىستە ئىلى 51 چىلەر ئەكسىيەتچى ھەرىكىتى، ئەكسىيەتچى تەتۇر

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش، دېگەن سۆزلەر شوئارلار تۇۋلاندى. مەجلىسكە قاتناشقان كادىرلار، بولۇپمۇ مىللىي كادىرلار بۇ ئىشتىن ناھايىتى ھودۇقۇپ قالدى. كېيىن مەن بۇنى سېزىپ قېلىپ، غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ سوئال سوراپ يازغان خېتىگە جاۋاب بېرىش بۇ خاتا ئەمەس. ئەمدى ئاپتونوم رايونى قۇرۇش توغرىسىدا توغرا پىكىر بولسا بەرگەن ياخشى، بەزى چۈشەنمەسلىكتىن بەرگەن پىكىر بولسا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈش بەرسە بولىدۇ، لېكىن شۇ مەجلىستە ياكى مەجلىستىن كېيىن ئايرىم كىشىلەرنىڭ خاتا سۆزلەرنى قىلىشى بولۇپمۇ خەنزۇلار چىقىپ كەتسۇن... دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشى بۇ خاتا. شۇ مەجلىسكە قاتناشقان مەسئۇل مىللىي كادىرلارنىڭ ئاشۇنداق سۆزلەرگە رەددىيە بەرمىگەنلىكى، بۇ خاتالىق دەپ تەنقىد قىلدىم. مەجلىس شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. مەن مەجلىستىن كېيىن يولداش ۋاڭ جېن بىلەن شۈي لىچىن، دېڭ لىچۈن بىلەن سۆزلەشتىم. بۇ مەجلىسنىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە مەجلىسكە قويۇلغان شوئارلار بۇ مەجلىسنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ توغرا ئەمەس، خاتا قىلغان كادىرلاردىن توغرا تەنقىد قىلىش كېرەك، دېگەن پىكىرىمنى ئېيتتىم. ئۇلار مېنىڭ پىكىرىمگە كۆرۈنۈشتە قوشۇلغان بولدى، مەجلىس يەنىلا ھوگا سۈرەن بىلەن بىر نەچچە كۈن ئېچىلدى.

ئاشۇنداق سولچىل پىكىرلەردە تەييارلىق بىلەن 1957- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە، كېيىن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش» دەپ ئاتالغان ناھايىتى چوڭ بىر كۆرەش ھەرىكىتى باشلاندى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېغىر بولدى.

شۇ يىلى يازدا چىڭداۋدا بىر مىللىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ يىغىننى باشقۇرغۇچى ئورۇنلار مەركىزىي مىللىي ئىشلار ھەيئىتى ھەم تۇڭجەنبۇ بولدى. چىڭداۋ يىغىنى ئەمەلىيەتتە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشتىن ئىدىيىۋى تەييارلىقتىن ئىبارەت يىغىن بولدى. (بۇ ۋاقىتتا مەن سوۋېتكە كەتكىنىم ئۈچۈن چىڭ داۋ يىغىنىغا قاتناشمىدىم.) ئۇ يىغىندىن كېيىن يىغىنغا قاتناشقان يولداش پاتىخان بىر ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن موسكۋاغا بېرىپ قالدى. پاتىخان ماڭا چىڭداۋ

يىغىنىدىن ئومۇمىي ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەن ئۇ يىغىننىڭ ماتېرىياللىرىنى، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ شۇ يىغىندا قىلغان سۆزىنى كۆردۈم. چىڭداۋ يىغىنىنىڭ باشلىنىشى ئىدىيە تەربىيىلەپ، ئىدىيىۋى تەييارلىقى بۇ مەقسەت قىلىنغان بولسىمۇ يىغىن جەريانىدا مەملىكەت بويىچە بەزى ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق بولمىغان پىكىرلەردە بولغان.

جۇ ئېنلەي زۇڭلى سۆزىدە ئومۇمەن، ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي سىياسەت پرىنسىپلىرى، بۇندىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا ياخشى سۆزلىگەن.

1957 ـ يىلىنىڭ 9 ـ ئاي ئەتراپىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتاي 3 ـ يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ يىغىندا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلىندى. (ئۇ ۋاقىتتا مەن يەنە موسكۋادا ئىدىم.) كېيىن يولداش ۋۇ لەنفۇ ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن موسكۋاغا بارغاندا ماڭا 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. مەن يىغىندا قوبۇل قىلىنغان قارارغا قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. قارارلار يەنىلا مىللىي سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىدىيە خىزمەتنى ئاساس قىلىش، كۆپچىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەكىتلەنگەن. موسكۋا يىغىنى ئاخىرلاشقاندا مەن ماۋ زېدۇڭغا شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش توغرىسىدا بىر دوكلات يازدىم. بۇ دوكلاتتا 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىغا قوشۇلۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار ئارىسىدا ئىدىيىۋىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ھەم خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش دېگەن مەزمۇندا يېزىلغان... ماۋ جۇشىلار ئاۋۋال قايتماقچى بولدى. دېڭ شياۋپىڭ يولداش ماڭا، مېنىڭ دوكلاتىمنى ماۋ زېدۇڭ يولداشنىڭ كۆرگەنلىكى، ئۆزى ئالدىراش بولۇپ سۆزلىشەلمىگەنلىكى، ئۆزىنى ماڭا ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېيتىپ، ئاخىرىدا، ماۋ جۇشى سىزنىڭ دوكلاتىڭىزغا قوشۇلىدۇ، يەرلىك مىللەتچىلىكنىڭ ئى-

www.uyghurkitap.com

ـدىيىسىگە قارشى تۇرۇشىدا ئىدىيە جەھەتتىكى تەربىيەنى ئېلىپ بې-
رىشنى ئاساس قىلىش، ئىدىيىدە قاتتىق بولۇش، تەشكىلىي جەھەتتە
كەڭ بولۇش، ھەر مىللەت كادىرلىرى ئىتتىپاق بولۇپ داۋاملىق سوت-
سىيالىزم يولىدا كۆرەش قىلىش قاتارلىق مەزمۇنلار پىكىرلىرىنى
سىزگە ئەۋەتىشىمنى تاپىلىدى، دېدى. «بۇ جايغا، مېنىڭ ماۋ زېدۇڭغا
يازغان دوكلاتىم، شىنجاڭغا قايتىپ چۇداڭۋېي چاڭۋېيدا يەتكۈزگەن
ماۋزېدۇڭنىڭ يوليورىقى — ماتېرىيال» كىرىدۇ.

چۇداڭۋېي مۇشۇ ئاساسىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش
ھەرىكىتىگە تەييارلىق خىزمىتى ئېلىپ باردى. تەشكىلىي خىزمەتلەردە
شۇەنچۇەنبۇ مەسئۇل بولىدىغان بولدى، مەن ئاشۇ يەرلىك مىللەتچە-
لىككە قارشى كۈرەش يىغىنىدا چۇداڭۋېي نامىدىن بىر سۆز سۆزلەيدى-
غان بولدۇم. بۇ سۆزنى مەن موسكۋادىكى ۋاقتىمدا، ماۋ جۇشىنىڭ يول-
يورۇقى ھەم 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن تەييارلىدىم.
تەييارلاپ چاڭۋېيلارغا تارقىتىپ بېرىپ مۇزاكىرە قىلدۇق. چاڭۋېيدا
ئايرىم مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر بولدى، چوڭ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا
چىقمىدى. ياخشى ئېسىمدە يوق قايسى بىرسىكىن مەن يەرلىك مىللەت-
چىلىك ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇش دەپ ئالغان تېمىسىگە، «ئىدىيىگە
دېمەستىن يەرلىك مىللەتچىلىككە» دېيىش كېرەك دېگەن پىكىر قو-
يۇلدى. مەن بۇ پىكىرنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئېيتتىم. مەن 3 ـ ئو-
مۇمىي يىغىندىكى قاراردا، ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقىدا «ئىدىيە تەربىيە
ئاساس قىلىش» دېيىلگەن. ئىدىيە ھەل بولمىسا مەسىلە تۈپتىن ھەل
بولمايدۇ، دېدىم. 1957 ـ يىلىنىڭ 12 ـ ئايدا يەرلىك مىللەتچىلىككە
قارشى كۈرەش مەجلىسى ئېچىلدى. مەجلىسنىڭ كەيپىياتىدا بىر خىل
سۈرلۈك ئىپادە تۇيۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇ سۆزۈم بەزىلەرنىڭ قوشۇلىشىغا،
بەزىلەرنىڭ قوشۇلماسلىقىغا، بەزىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچراپ
قالدى. بۇ يەردە مەن شۇ نەرسىنى ئېيتىشىم كېرەك، شىنجاڭدا يەرلىك
مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىر قىسىم ئاز سانلىق كادىرلىرىدا بار ئىدى،
بەزىلەر ئېغىر ئىدى. بۇ خىل ئىدىيە خىزمەتكە، مىللەتلەر ئىتتىپاق-
لىقىغا تەسىر قىلىپ تۇراتتى. لېكىن ھازىرغىچە پىلانلىق تەشكىلىي
يوسۇندا ئەكسىيەتچى يەرلىك مىللەتچىلىك ھەرىكىتى، ياكى تەشكىلىي ئىد-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلاب ھەرىكىتى كۆرۈلمىگەن ئىدى. مەن سۆزۈمنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن مۇزاكىرە باشلاندى. مۇزاكىرىدە مېنىڭ سۆزۈمگە بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا چىققان پىكىر «يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە ئەمەس، يەرلىك مىللەتچىلىك ئەكسىيەتچى ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش» دېيىش كېرەك دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇ پىكىرنى بىر مىللىي كادىر ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ھەيران قالدىم. ئەجىبا بۇ پىكىر چۇداڭۋېي چاڭۋۇپيدا قويۇلغان پىكىرگە ئوخشاپ قالدىۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. مەجلىس داۋام قىلدى. ئىككى كۈن ئۆتمەستىن مەجلىستە قانداقتۇر بىر مەخپىي پائالىيەت بارلىقى بىلىنىپ قالدى. بۇنى ئاۋۋال بىر مىللىي كادىر ماڭا ئېيتقان ئىدى، مەن ئانچە ئىشەنمىگەن ئىدىم، كېيىن قارىسام بۇ ئېنىق بولۇپ چىقتى. بۇلار زاكىروپ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ئاتالمىش «ئاكتىپلار» نىڭ مەخپىي ھەرىكەتلىرى بولۇپ، ئومۇمىي مەجلىسدە «تايانچ كۈچلەر» دىن ئىبارەت ئىكەن. مەن بۇ يەردە شۇنى ئوچۇق ئېيتىشىم كېرەك، بۇنداق ئايرىم بىر قىسىم مىللىي كادىرلار ئاتالمىش ئاكتىپچانلىق بىلەن مەيدانغا چىقىپ، بەزىلەرنىڭ مەقسىدىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزى مەقسەتكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق يامان غەرەزلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك ئادەملەر ئىدى. بۇنداقلارنىڭ ھەرىكىتى ئاشۇ «51 لەر» گە قارشى تۇرۇشتىن باشلانغان. بۇلارنىڭ ئومۇمىي پائالىيەتلىرى مەن باشلىق سەيپۇللايوف، ئىمىنوپ، ئەسئەت ئىسماقوۋ قاتارلىق بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنى ئاغدۇرۇپ، ئۆزلىرى مىللىي رەھبەرلىك ئورنىغا چىقماقچىدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسى ھەم ھەرىكىتى ئىلگىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىنلا باشلانغان. ئازادلىقتىن كېيىن يەنە داۋاملىق ئۆز پەيلىدىن قايتمىدى. ئۇلار يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سۇيىقەستلىك مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پىلانلىق تەشكىللىك ھەرىكەت باشلىدى. بۇ يەردە دىققەت قىلىدىغىنى شۇكى، بۇ ئادەملەرنىڭ ئاشۇنداق پىتنە ـ ئىغۋا ھەرىكەتلىرىنى چۇداڭۋېي رەھبەرلىكى — ۋاڭ ئېنماۋ، دىڭ لىچۈن قاتارلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولدى. بىر ئىز ھەپتىچىلەر يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇدىغان بۇ ھەرىكەتكە ناھايىتى چوڭ بۇزغۇنچىلىق

www.uyghurkitap.com

قىلدى.

يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش مەجلىسى بارغانچە كۈچەيىپ كېلىپ بىرىنچى ئوت ئىبراھىم تۇردى بىلەن ئابدۇرېھىم ئەيساغا قارىتىلدى. ئۇلاردا يەرلىك مىللەتچىلىك خاتا ئىدىيىسى ئېغىر ئىدى. ئۇلارنى يادرو قىلىش ئۈچۈن «تەتۈر ئىنقىلابچى» دېگەن نام بىلەن كۈرەش قىلىندى. ئابدۇرېھىم ئەيسا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى. ئۇندىن كېيىن ئوت ئىمىنوپ، سەيپۇللايوپ، ئەسئەت ئىسھاقوپلارغا قارىتىلدى. بۇلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن تارتىپ جان پىدالىق بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەپ كەلگەن ئادەملەر ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن چۇداڭۋېي فۇشۇجى (سەيپۇللايوف)، فۇ جۇشى ئىمىنوۋ ئەسئەت لوققا كۆتە ئىدى. ئۇچى كىمگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى بايقاش قىيىن ئەمەس ئىدى، ئۇلار مېنىڭ يېقىن سەپداشلىرىم ـ دە.

بىر كۈنى ئەتىگەندە مەجلىسخانىغا بارسام پۈتۈن مەجلىسنىڭ كەيپىياتى باشقا بىر خىل، دەرۋازىدىن كىرىشىمگە بىر مىللىي كادىر «مەجلىسنىڭ ئەسلىي پەردىسى ئەمدى تولۇق ئېچىلدى» دەپ بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى، مەن بۇ نېمە گەپ، دېسەم، يەنە بىرسى كېلىپ: «مەجلىسخانىغا كىرىپ باقسىڭىز» دېدى. مەن مەجلىسخانىغا كىرسەم پۈتۈن مەجلىس زالى ماڭا قارىتىلغان دازىبوۋلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. بۇ دازىبوۋلارنىڭ مەزمۇنى — ئاۋۇ.... ئۈچ تەتۈر ئىنقىلابىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ ئاساسىي ئارقا تىرىكىنى پالانچىنى تارتىپ چىقىرايلى! دېگەندىن ئىبارەت. مەن دەرھال ۋاڭ ئېنماۋ، دىڭ لىچۈن قاتارلىق يولداشلارنى تېپىپ سۆزلەشتىم. بۇ قانداق گەپ، بۇ مەجلىسنىڭ مەقسىدى زادى نېمە؟ دېگەن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ۋاڭ ئېنماۋ: «ئاممىنىڭ پىكرى، پىكىر بەرگۈچىدە ئەيىب يوق، پىكىر ئاڭلىغۇچى دىققەت قىلسۇن دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ...» دېگەندەك بىر قاتار سەپسەتىلەرنى ساتتى. مەن مەسىلىنىڭ مۇنداق كېتىپ بارغانلىقىنى، بۇنداق كېتىۋەرسە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ناھايىتى يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆيگە قايتىپ كەتتىم، جىق ئويلاندىم، ئاندىن جۇڭگىياڭغا بىر نېمە دەيمۇ، ياكى چىداپ قاراپ باقايمۇ، دېگەن ئويلار بىلەن كەچكىچە بىئارام

يۈردۇم. قېنى، بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، دەپ مەجلىسخانىغا بارسام، ھوي-
لىدىلا كەيپىيات ئۆزگىچە، كۆپچىلىك خۇشاللىق بىلەن ماڭا قارىشىدۇ.
زالغا كىرسەم دازىبوۋلارنىڭ بىرسىمۇ يوق. ھەيران قالدىم... ۋاڭ ئېند-
ماۋ كېلىپ مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ: «ئاخشام جۇڭياڭدىن تېلېفون
كەلدى، يولداش سەيپىدىنگە دازىباۋ چىقىرىشقا، پىپەن قىلىشقا بول-
مايدۇ، چىققان دازىبوۋلارنىڭ ھەممىسى دەرھال ئېلىپ تاشلانسۇن...»
دەپتۇ. دازىبوۋلار ئېلىپ تاشلاندى... دېدى. مەن: «پىكىرى بارلار پىكى-
رىنى بەرسۇن، ياخشى پىكىرلەر بولسا مەن قارشى ئالاي، خاتا بولسا
باشقىلار ئويلىشار. ماڭا غەرەزلىك قارشى بولۇپ كەلگەنلەر گېپى بولسا
قىلىپ خۇمادىن چىقىۋالسۇن. نەتىجىنى كېيىن كۆرەرمىز» دېدىم.
مەجلىسكە قاتناشماي ئۆيگە قايتىپ كەتتىم. ئەتىسى تويۇقسىزلا شە-
ئەندىن يولداش دېڭ شياۋپىڭدىن تېلېفون كەپتۇ. تېلېفوننى ۋاڭ ئېند-
ماۋغا بېرىپتۇ. مەزمۇنى: مەن شىنجاڭغا بارماقچىدىم، بارالمايدىغان بو-
لۇپ قالدىم. سەيپىدىن ئىككىڭلار شىئەنگە كەلسەڭلار. ھازىرقى مەج-
لىسنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلساڭلار، دەپتۇ. مەجلىسنى بىر قانچە
ۋاقىت ماتېرىيال كۆرۈش، تەييارلىق قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ قويۇپ، ۋاڭ
ئېنماۋ بىلەن ئىككىمىز شىئەنگە كەلدۇق. يولداش دېڭ شياۋپىڭ
دوكلاتىمىزنى ئاڭلىدى، كېيىن دېڭ شياۋپىڭ: «مەجلىسنىڭ دوكلاتىنى
يولداش سەيپىدىن ئۆزى يېزىپتۇغۇ؟» دەپ سورىغانىدى. ۋاڭ ئېنماۋ:
«ئاساسەن ئۆزى يازدى، باشقىلارمۇ ياردەم قىلدى» دەپ يالغان ئېيتتى.
مەن: «بۇ دوكلاتنى موسكۋادا سىز بىلەن سۆزلىشىپ ماۋ جۇشىنىڭ
يوليورۇقىنى ئالغاندا يېزىشقا باشلىغان، شىنجاڭغا كېلىپ تۈگەتتىم،
باشقا ھېچ قانداق ئادەم ياردەم قىلمىدى، ئۆزۈم يازدىم، مۇزاكىرىدە
باشقىچە پىكىر چىقمىدى» دېدىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «بۇ دوكلاد
ياخشى يېزىلغان، ئىلگىرىكىدىن تارتىپ، كونا خوڭجۇندىن تارتىپ
ئىنقىلابقا قاتنىشىپ كېلىۋاتقان مىللىي كادىرلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆزى
ئۆز ئالدىغا مۇشۇنداق دوكلاتنى يازالىشى قىيىن، دوكلات ياخشى يې-
زىلغان. شۇڭا رېنمىن رىباۋغا ئېلان قىلىنسۇن» دېدى. (ئىككى، ئۈچ
كۈندىن كېيىن مەن يازغان بۇ دوكلات ئاساسەن دېگۈدەك ھەممىسى رې-
مىن رىباۋغا ئېلان قىلىندى.) شۇنىڭ بىلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ:

www.uyghurkitap.com

«مەجلىستە ئۆلۈم ۋەقەسى چىققان بۇ ياخشى ئىش ئەمەس. بۇ سىلەرنىڭ تاكتىكىغا دىققەت قىلماسلىقىڭلاردىن بولغان ئوخشايدۇ. ئەمدى ئاۋۇ ئۆچەيلەننى تەنقىد قىلىشقا بولىدۇ، يەنىلا ماۋ جۇشى يولداش سەيپىدىننىڭ دوكلاتىغا بەرگەن يوليورۇقىدا ئېيتىلغان ئىدىيىۋى تەربىيەنى ئاساس قىلىش، تەشكىلى چارىدە كەڭ بولۇش، ئىتتىپاقلىقنى كۆزدە تۇتۇش — مۇشۇ پرىنسىپتىن چەتنەشكە بولمايدۇ» دەپ بىر قاتار يوليورۇقلارنى بەردى. بىز دېڭ شياۋپىڭنىڭ يوليورۇقىنى ئېلىپ قايتىپ يەتكۈزدۇق. بىر مەزگىل مەجلىس بىر ئاز ئىزغا چۈشكەندەك قىلدى. ئاندىن كېيىن يەنە ھېلىقى ئاتالمىش «ئاكتىپ»لار مەيدانغا چىقىپ مەجلىسنىڭ كەيپىياتىدا يەنە يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا باشىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرغان پەردە ئارقىسىدىكى قوماندان بۇنداق كەيپىياتنى تۈزىتىش بىر ياقتا تۇرسۇن، ئوت قويرۇقىنى تىقىپ قويۇپ بەردى، شۇنداق قىلىپ بۇ مەجلىس ھەر خىل ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ يۈز كۈن داۋام قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشكە ئاساس سالغۇچى بىر مەجلىس» بۇ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مەجلىس ئاخىرىدىكى سۆزى بولۇپ تۈگىدى. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭ تارىخىدا ئېچىنىشلىق بىر مەجلىس بولدى. ئاندىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش 5 ئاي داۋام قىلدى. بۇ جەرياندا مەلۇم ئىدىيىۋى تەربىيە بولغان بىلەن، كۆپ ئىدارە جايلاردا پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پرىنسىپىغا خىلاپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ بەرگەن يوليورۇقلىرىغا خىلاپ قىلمىشلار، مىللىي ئىتتىپاقلىققا زىيانلىق ئىشلار ئاز بولمىدى.

ھەرىكەت توختىغاندىن كېيىن تەنقىد قىلىنغان ئېغىر ئەكسىيەتچى — تەتۈر ئىنقىلابىي يەرلىك مىللەتچى دەپ كۈرەش قىلىنغان ئادەملەرگە چارە قىلىش باشلاندى. چارە ئومۇمەن ئۈچ خىل بولدى: بىرىسى، پارتىيىدىن چىقىرىش، پۈتۈن خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلاش، قولغا ئېلىش، ياكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش؛ ئىككىنچىسى، پۈتۈن ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تەكشۈرۈش ۋە پوزىتسىيىسىگە قاراپ چارە كۆرۈش؛ ئۈچىنچىسى، پارتىيىدە ئىككى يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قالدۇرۇپ سىناش، ئالدى بىلەن ئىمىنوپ، سەيپۇللايوف، ئەسەتكە چارە
قىلىشتىن باشلاندى. تۆۋەندىن كەلگەن چارە قىلىش توغرىسىدىكى
دوكلاتلاردا قارايدىغان بولساق ئادەم چۆچۈگىدەك گەپلەر بار. مىسال
ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ، مەدەنىيەت، تىببىي ساھەلەردىكى
كادىرلارغا چارە قىلىشتا بىر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. بۇنىڭ
باشلىقى يەنە كېلىپ زاكىروپ، بۇلاردىن كەلگەن دوكلاتلارغا قارىساق
80% پىرسەنت ئادەمگە چارە قىلىش، قالغانلارغا گۇمانلىق ئادەم دەپ
قاراش... دەپتۇ. كېيىن چۇداڭۋېيغا مەسىلىنى رەسمىي قويدۇق، مۇشۇ
خىلدىكى چارە قىلىش داۋام قىلىۋېرىدىغان بولسا بەك يامان ئاقىۋەت
كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن داڭجۇڭيالىڭ، ماۋ جۇشىنىڭ يولىيورۇقىغا
خىلاپ بولىدۇ، چارە قىلىشنى چەكلەش كېرەك. ئالدى بىلەن مۇشۇ ما-
ئارىپ مەدەنىيەت، تىببىي ساھەدىكى يەرلىك مىللەتچىلەرگە چارە قى-
لىش پىكىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن چۇداڭۋېي بىر رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى قۇرۇش كېرەك. مەن باشلىق بولاي، ليۇ جەنرۇڭ (شۇجى)،
ياڭ كې قاتناشسۇن، پىكىر بەردىم. مۇشۇ چارە قىلىش پىكىرىنى بىر،
ئىككى ئاي مۇزاكىرە قىلدۇق. ئاخىرىدا بۇ كۆپچىلىك كادىرلارنى ئىدا-
رە يەنە تەربىيىنى ئاساس قىلىش، قىلمىشى ئېغىر كادىرلارغا يىغىندا
چارە قىلىش، دەپ بۇلارنىڭ چارە ئېلىش دافلار دىنىي ئىش ئارقىلىق
ئەمما، بۇ تولۇق ئېچىلمىدى، كېيىن چۇداڭۋېينىڭ چاڭۋېي مەجلىسىدە
سەيپۇيوللايوف، ئىمىنوپ، ئەسئەت يولداشلارغا چارە قىلىش مۇزاكىرە
قىلىندى. بۇ مۇزاكىرىدە: ھەر خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پار-
تىيىدىن چىقىرىپ، خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاپ، (قاماق جازاسى بې-
رىش) يەنە بىرى، پارتىيىدىن چىقىرىپ، خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاپ،
ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، يەنە بىر پىكىر، ئىككى يىل پارتىيىسىدە
قالدۇرۇپ سىناپ كۆرۈش، بۇ ئۈچ خىل پىكىردە مەن ئۈچىلىسىگە
قوشۇلماستىن باشقا بىر پىكىر قويدۇم. بۇ ئۈچەيلەننىڭ پارتىيىدىكى
ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش (سەيپۇيوللايوف فۇشۇجى ئىدى، ئىمىنوپ
خەلق كومىتېتى داڭۋېينىڭ شۇجىسى، ئەسئەت داڭۋېي ۋېيۈەن ئى-
دى.) پارتىيىۋىلىكىنى ھەم مەمۇرىي خىزمىتىنى ساقلاپ قېلىش. بۇ
پىكىر مۇزاكىرە بولۇپ بەزىلەر بۇ پىكىرلەرگە قوشۇلغان بولسىمۇ،

www.uyghurkitap.com

بەزىلەر قوشۇلمىدى. بەزىلەر گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. ئاخىرى ۋاڭ ئىنماۋ خۇلاسە قىلىپ ئىككىنچى پىكىرگە، يەنى «پارتىيىدىن، خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاپ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» دېگەن پىكىرگە قوشۇلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدىغانلىقىمنى، يەنى ئەسلى يىغىندا ئېيتقان پىكرىمدە قەتئىي تۇرىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ۋاڭ ئىنماۋ بىرىنچى شۇجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرۇپ مەجلىستىن شۇنداق خۇلاسە چىقاردى. مەن، بۇ توغرىسىدىكى مۇزاكىرە ئەھۋالىنى جۇڭيياڭغا دوكلات قىلىشىم كېرەك، دېدىم. ئەتىسى جۇڭيياڭدىن: «سەيپىدىننىڭ پىكرى بويىچە چارە قىلىنسۇن» دەپ جاۋاپ كەپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۇچەيلەنگە ئاشۇنداق چارە قىلىنىدى.

«يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» دەپ ئاتالغان بۇ ھەرىكەت شىنجاڭدا تاكى 58 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلدى. كېيىن چارە قىلىنغانلار، بۇنىڭ ئىچىدە كېڭەيتمۇۋېتىشلەر ئاز بولمىدى. سەيپۇللايوف قومۇلغا ۋالى بولۇپ چۈشۈپ كەتتى. ئىمىنوپ، ئەسئەتلەر قوشۇجىلىقى بىلەن قالغان بىلەن ھوقۇقى چەكلىك بولۇپ قالدى. زاكىروپ قوجۇشلىقتا كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە چارە قىلىنغان ئادەملەرگە «مىللەتچىلەر»، ياكى «مىللەتچى ئۇنسۇرلار» دەپ نام بېرىلىپ، «ئوڭچى ئۇنسۇر» لار بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىپ كەتتى. بۇ ھەرىكەتتە چارە قىلىنغان مىللىي كادىرلارنىڭ بىر مۇنچىسى خىزمەتتىن ئايرىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، بىر مۇنچىسى خىزمەتتىن قالدۇرۇلدى، يەنە بىر مۇنچىسى نوگچاڭلارغا ئەمگەككە چۈشۈرۈلدى. «مىللىي ئۇنسۇر» دەپ ئاتالغان بۇ ئادەملەر تاكى 1973 ـ يىلىغىچە ئاشۇنداق ئازاب ئوقۇبەتتە ياشىدى. بەزىلىرى ئازاپ چېكىپ ھاياتىدىن ئايرىلدى. بىر قانچە ئومۇمىي ۋە ئايرىم تەدبىرلەرنى قوللىنىپ بەزى كادىرلارنى نوگچاڭدىن قايتۇرۇپ كېلىش، بەزىلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئوخشاش ئىشلار قىلدۇق. ئەمما بۇ ئىشلار تولۇق بولمىدى. شۇ كۈنلەردە مەن چۈداگۇيىدا يەرلىك مىللەتچىلىك بىلەن خاتالاشقان ئادەملەرنىڭ مەسىلىسى بۇ ئىدىيە مەسىلىسىگە ياتىدۇ. ئۇلارنى ئوڭچىلار بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەك دەپ پە-

كىر بەردىم. مېنىڭ بۇ پىكرىم ئاقمىدى، كېيىن مەن بېيجىڭگە كەلگەندە يولداش جۇ ئېنلەيگە: «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» دېگەن نامنى ئاشۇ ۋاقىتتا چارە قىلىنغان ئادەملەردىن ئېلىپ تاشلاش، مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن خاتالاشقان كىشىلەرنى «ئوڭچىلار» بىلەن بىر قاتار قويماسلىق، يەنە يەرلىك مىللەتچىلىك بىلەن چارە قىلىنغان ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى قايتا قاراپ چىقىش، دېگەن پىكرىنى قويدۇم. يولداش جۇ ئېنلەي بۇنىڭغا قوشۇلدى، كېيىن چۇداڭۋېيغىمۇ يوليورۇق بەردى. ئەمما بۇ چارە بۇ باھانە بىلەن، ئۇ سەۋەب بىلەن ئەمەلگە ئاشماي كېچىكتۈرۈۋېتىلدى. تا 1965 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەمدى بۇ ئىش ھەل بولامدىكىن دەپ تۇرغاندا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلە يەرلىك مىللەتچىلىك بىلەن چارە قىلىنغان بۇ چوڭ بىر تۈركۈم كادىرلارنىڭ مەسىلىسى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا ئارىلىشىپ كېتىپ، «ئەكسىيەتچى سىنىپىي ئۇنسۇرلار»، «ئىنقىلابقا قارشى ئۇنسۇرلار» دەپ قايتىدىن تۇتۇلۇپ كۈرەش قىلىش، ئازابلاش، ھەتتا بىر مۇنچە كادىرلارنى تۈرمىگە تاشلاش بولدى. شۇنداق قىلىپ تاكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرىغىچە ــ 1971 ـ يىللىرىغا يەتكەندە ئاندىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارتىپ چىقىلغان، چارە قىلىنغان ئادەملەر بىلەن بىر قاتار بۇ يولداشلارنىڭ مەسىلىسىمۇ ھەل قىلىندى.

«يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۈرەش» دە ئۇتۇق بولسىمۇ، قالدۇق ساۋاقلار ناھايىتى ئېغىر بولدى. چوقۇم ئېيتىش كېرەككى، يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىر قىسىم كادىرلاردا خېلى كەڭ بىر قىسىم كادىرلاردا بار ئىدى. مىللەتچىلىك خاھىشىدا بولغان ئادەملەرنى ئالغاندا بۇ ئەلۋەتتە ئاز ئەمەس. مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۆچەيتىش ئۈچۈن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا كاشىلا قىلىپ تۇرغان بۇنداق مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى ھەل قىلىش كېرەك ئىدى. لېكىن، بىرىنچىدىن بۇ ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك ئىدىيىۋى تەربىيە مەسىلىسى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنمىدى. مەسىلە ناھايىتى كېڭىيىپ كەتتى. زەربە بېرىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ كەتتى، ئاقىۋەت ئېغىر بولدى. يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيە خاھىشى بولغان ئادەملەر، يەرلىك مىللەتچىلىك كەيپىياتى بولغان ئادەملەرنىڭ مەسىلىسى ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئىدىيە مە-

www.uyghurkitap.com

سىلىسى دەپ، تەربىيە بىلەن ھەل قىلىش لازىم ئىدى. بىر قىسىم يەر-
لىك مىللەت كادىرلىرى ئالغاندىمۇ مىللىي مەسىلىدە نارازىلىق پە-
كىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بەزى چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىلىرىگە
قارشى تۇرۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەنىدى. بۇنداق كادىرلارنىڭ توغرا پە-
كىرلىرىنى قارشى ئېلىش، توغرا بولمىغان يەرلىرىگە تەربىيە بېرىشتە
چارە قوللىنىش لازىم. ئۇ بۇنداق قىلىنمىغاندا تەتۈر ئىجرا جازا قول-
لىنىلىدۇ. مۇشۇ چوڭ خاتالىق شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
كۆچەيتىش، سوتسىيالىزم يولىدا بىرلىكتە ئالغا بېسىش ئىشىغا زىيان-
لىق بولدى. مەن شۇ نەرسىنى ئېيتىشىم كېرەككى، يەرلىك مىللەتچە-
لىككە قارشى كۆرەش باشلىنىشنىڭ ئالدىدا، باشلانغاندا، ھەم پۈتۈن ھە-
رىكەت جەريانىدىكى ئېغىشلار بولغاندا، ھەتتا ئاخىرى يامان ئاقىۋەتلەر-
نى بىر تەرەپ قىلىشتا مەن ھەرگىز تەدبىرلىك چارە قىلالمىدىم، دې-
سەممۇ بولماس، قولۇمدىن كەلگەنچە تىرىشىپ باقتىم. شۇنداق چارىلەر
بىلەن تېخىمۇ ئېغىر ئەھۋاللار، بەزى ئېغىر چارە كۆرۈش مەسىلىلىرى
توسۇلدى ياكى يەڭگىللىتىلدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئاشۇ شارائىتتا مەن
ئاشۇ ھەرىكەتنىڭ كېڭەيتىۋېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچ
چىقىرالمىدىم. بۇ خاتالىقنى ئىقرار قىلىشىم كېرەك. يەنە بىر تەرەپ-
تىن، ۋاڭ ئىنماۋ باشچىلىقىدىكى جۇداڭۋېيدىكى بىر قىسىم مەسئۇل
ئادەملەر، ئۇلارغا ئەگەشكەن بىر قىسىم خەنزۇ ھەم مىللىي كادىرلار-
نىڭ ھەرىكەتلىرى مېنىڭ بۇنىڭدىن جىقراق ئىش قىلىشىمغا يول قوي-
مىدى. ھەتتا ماۋ زېدۇڭنىڭ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ يولىيورۇقى، كېيىن جۇ
زۇڭلىنىڭ يولىيورۇقلىرىنىمۇ ئېغىزدا ھە دەپ قويۇپ، ئەلۋەتتە ئېتى-
بار قىلمىدى. نەتىجىدە ھە دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئېتىبار قىلمىدى.
نەتىجىدە كۆپلىگەن مىللىي كادىرلار ئازاپ تارتتى. قىنالدى، يەرلىك
مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشتىن باشلاپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا ئۇلى-
نىپ كېتىپ 20 يىلدىن ئارتۇقراق ناھايىتى ئېغىر ئازاب ئوقۇبەتلەرنى
تارتتى. بەزىلىرى ھاياتىدىن ئايرىلدى. مەن ئاشۇ 20 يىل جەريانىدا
ئازاب ئوقۇبەتلەرنى تارتقان يولداشلارنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك مەن، ئۇلار-
نىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك مەن، مەن دائىم شۇ
ئەھۋاللارنى ئەسلىگىنىمدە ئۆزۈمدە بىر تۈرلۈك ئېچىنىش، ئەپسۇسلە-

نىش ھېس قىلىمەن.

مەن ئاشۇ ئەھۋاللارنى ئويلىغاندا، زادى «51 چىلەرگە» قارشى تۇرۇشتىن باشلاپ تا مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە، ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە توختىماي بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت بولۇۋاتقان، بىر مۇنچە كادىرلارغا قاتتىق زەربە بېرىلگەن ھەتتا ئېغىر تەشكىلىي چارىلەر ۋە بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلغان مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋال بولۇۋاتقان شىنجاڭدا زادى چوڭ خەنزۇچىلىققا نېمىشقا قارشى تۇرۇلمىدى؟ شىنجاڭدا چوڭ خەنزۇچىلىق يوقمىدى؟ شۇنى ئېيتىش كېرەككى، چوڭ خەنزۇچىلىق بار ئەمەس، ھەتتا بەزىدە خېلى ئېغىر بولدى. بۇ بىر ياقتىن ئىلگىرىكى مىللىي زۇلۇم يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ قالدۇرغان تەسىرى بولسا، يەنە بىر ياقتىن شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتچىلىك ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان خاتا كۆز قاراشتىن كېلىپ چىققان ئىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ: «ھەر ئىككى مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك، ئالدى بىلەن چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك» دەپ تۇرسا، تەتۈرچە ئالدى بىلەن يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. بەزىلەر ئېيتقاندەك: «شىڭشىڭشانىڭ ئىشىكىنى چوڭ ئېچىۋېتىش كېرەك»، «شىنجاڭدا خەنزۇلارنىڭ سانى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سانىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئاندىن كېيىن ئاپتونومىيەگىلەرنى كۆرۈۋالىمىز» دېگەنگە ئوخشاش ئۇچىغا چىققان چوڭ خەنزۇچىلىق ئاشۇ جەريانىدا ئاساسلىق رول ئويناپ كەلدى. بەزى ئاتالمىش «ئاكتىپ» مىللىي كادىرلار ئۇنداقلارغا «دۇمباقچىلىق» ئويناپ بەردى .

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش

پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 1957 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇرژۇئازىيە ئوڭچىل ئىدىيىسىگە قارشى كۆرەش باشلاندى. يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش باشلاندى. يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش ئاشۇ ھەرىكەتنىڭ بىر قىسمى بولدى. 1959 ـ يىلىغا كەلگەندە ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەش چوڭ دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. شۇ يىلى لۇشىيەندە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭياڭ ۋېيىيۈەنخۇيىنىڭ 9 ـ ئومۇمىي يىغىنى بولدى. (خۇ زېمىن شىنجاڭغا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەن بارالماي قالدىم.) لۇشىيەن يىغىنى تۈگىمەي تۇرۇپ ۋاڭ ئىنماۋدىن بىر قاتار تېلېفونلار كېلىشكە باشلىدى.

مەزمۇنى: لۇشىيەن مەجلىسىدە، ئوڭچىلارغا قارشى كۆرەش مۇزاكىرە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ مەجلىستىن كېيىن بۇ ھەرىكەت كەڭ بولماقچى، شىنجاڭمۇ ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىش كېرەك... دېگەنگەن ئوخشاش گەپلەر. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئىككى خىل پىكىر ئېقىمى مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىرى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىدە ئىلگىرىدىن قىلىنىپ كەلگەن چارىلەرگە نارازىلىق بولۇش، يېڭى تەدبىرلەر قوللىنىش؛ يەنە بىرى، مۇنداق دېيىش ۋاڭ شۇجى باشچىلىقىدىكى چۇداڭۋېي رەھبەرلىرىگە قارشى تۇرۇش... دېگەندىن ئىبارەت. بىز بۇ ئىككى خىل ئىدىيىنىڭ داۋاملىق مۇزاكىرىسىگە يول قويدۇق. لۇشىيەن يىغىنىنى كۈتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي ۋاڭ ئىنماۋ قايتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا ئىقتىسادىي جەھەتتە چۇداڭۋېينىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى تۇرۇش دېگەن مەسىلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى خىزمىتى توغرا، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا ئوڭچىللارغا، يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش توغرا، ئوڭچىللارغا قارشى كۆرەش لۇشىيەن يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك... دېگەن تەلەپنى قويدى. شۇنىڭ بىلەن لۇشىيەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. لۇشىيەن يىغىنى ھەقىقەتەن بىر

چوڭ سولچىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى يىغىن بولغان ئىكەن. ئۇ يەردە يولداش پېڭ دېخۇەي ئوڭچىللارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ قاتتىق تەنقىد قىلىنغان. شۇ ۋاقىتلاردا مەملىكەت بويىچە پولات تۆمۈر تاۋلاش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، ئۈچ قىزىل بايراقنى يۇقىرى كۆتۈرۈش... ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان ئىدى ھەم كۆپلىگەن ئېغىر مەسىلىلەر كۆرۈلۈۋاتقان ئىدى. پېڭ دېخۇەي يولداش بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەجلىستە پىكىر بەرگەنىدى. لوڭ دېڭ بولسا سولچىل پېڭ دېخۇەيگە ھۇجۇم قىلدى. ۋاڭ ئىنماۋ قايتىپ كېلىپلا ئاشۇ سولچىل روھنى شىنجاڭدا كەڭ ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. جۇداڭۇيى شۇجىسى ۋۇ كېجاڭ، خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شېن لىيەنتىڭ ھەم ياڭ خېتىڭلار «ئوڭچىلار ۋەكىللىرى» بولۇپ قالدى. كۈرەش باشلاندى. جۇ داڭۇيىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى بولدى. بۇ يىغىندا مۇزاكىرە جەريانىدا ئىككى خىل ناھايىتى توغرا بولمىغان قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بىرى، ۋۇۋىن، ياڭ فەندىڭ جىتۇەنگە نى گە قارشى تۇرۇش، «ۋاڭ ئىنماۋ رەھبەرلىكىدىكى جۇداڭۇيىنىڭ توغرا لۇشيەننى ھىمايە قىلىش، كىمىكى ۋاڭ شۇجىغا قارشى بولسا ئۇ پارتىيىگە قارشى بولغان بولىدۇ» يەنە باشقىلار... مەسىلە ناھايىتى ئوچۇق ئايدىڭلاشتى: ۋاڭ ئىنماۋنىڭ، خاۋ كېچاڭ رەھبەرلىكىدىكى جۇداڭۇيىنىڭ خىزمەتلىرىگە پىكىر بېرىش مۇمكىن ئەمەس، تەتۈرسى ئۇنى قەتئىي قوغداش كېرەك... بۇ ئەھۋالنى مەن لۇشيەن مەجلىسىگە قاتناشمىغاندىكىن تازا ئۇقالمىدىم. مەن ئالدى بىلەن ئوچۇق پىكىر قىلمىدىم. كېيىن: جۇداڭۇيىنىڭ ۋاڭ ئىنماۋنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىزمەتتە ئۇتۇق ئاساس ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئەمدى، جۇداڭۇيى رەھبەرلىك قىلغان شىنجاڭنىڭ خىزمىتىدىكى كەمچىلىكلەرگە پىكىر بېرىش خاتا ئەمەس، خىزمەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزەتسەك بۇ ياخشى... «كىمىكى ۋاڭ شۇجىغا قارشى چىقسا پارتىيىگە قارشى چىققانلىق بولىدۇ» دېگەن بۇ شوئارنى مۇشۇنداق قويۇش بۇ پارتىيە پرىنسىپىگە توغرا بولمايدۇ دېگەن ئاساستا پىكىرنى قويدۇم. بۇنىدىن كېيىنكىسى مۇزاكىرىدە تىغ ئۇچى ماڭا قارىتىلىشقا باشلىدى. گەرچە مېنى ئاۋۇ «گۇرۇھقا» قوشۇپ بىللە قارشى تۇرۇش بولمىغان بولسىمۇ، شۇ «گۇرۇھنى ياقلىغۇچىسى» بولۇپ قالدىم. ئەمما مەن ئۆز پىكىرىمدە

www.uyghurkitap.com

تۇرنۇەردىم. مەجلىسنىڭ ئاخىرىدا ۋۇ شىن، ياڭ پارتىيىگە قارشى گۇ-
رۇھنى خىزمىتىدىن توختىتىپ ئۇلار خاتالىقىنى تاپشۇرۇشقا قارار
قىلىندى. ئۇ پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش شىنجاڭدىمۇ «ئوڭچىلارغا
قارشى كۆرەش» دولقۇنى داۋام قىلىدى. ۋاڭ ئىنماۋ رەھبەرلىكىدىكى
چۇداڭۇبىينىڭ ھېلىقى تىل تەگكۈزكىلى بولمايدىغان ئىشلىرى ھەممە
يەردە تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدا بىر مۇڭ-
چە كادىرلارغا ناھايىتى ئېغىر زەربە بېرىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون
بويىچە «تۆمۈر ـ پولات تاۋلاش»، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكە-
تى» كەڭ قانات يايدى. مەملىكەت بويىچە بولسا «پىلاڭ دېخۇەي باشچىلى-
قىدىكى ئوڭچىلارغا گۇرۇھىغا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى كەڭ قانات
يايدى. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان «ئوڭچىللار» تارتىپ چىقىرىلدى.
ئېيتىشقا قارىغاندا مەملىكەت بويىچە تارتىپ چىقىلىپ موزى كەي-
گۈزگەن «ئوڭچىللار» 300 مىڭدىن ئاشقان ئىكەن. بۇنداق ئەھۋالنىڭ
نەتىجىسى يامان بولدى. ئىقتىساد ۋەيران بولۇپ ياكى ئىقتىسادتا نور-
مال تەرەققىياتى بۇزۇلۇپ، ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە ئىقتىسادىي تۇر-
مۇشقا ئېغىر زىيان يەتتى. مەملىكەت بويىچە چوڭ بىر ئىش بولۇپ
قالدى. تۇرمۇش قىيىنچىلىقى مەملىكەتنىڭ كۆز ئالدىدىكى ئېغىر مە-
سىلە بولۇپ قالدى. كېيىن 1963 ـ يىلىغا كەلگەندە ماۋ زېدۇڭ،
داڭجوڭيالڭ بۇ مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللاندى. جوڭيالڭنىڭ «بېيدەيخې يىغىنى» نىڭ
روھى بويىچە، خاتالىقلار تۈزىتىلىپ ئەھۋال ياخشىلىنىشقا باشلىدى.
ئاندىن كېيىن ئەمدى بىر ئىقتىسادىي ئەھۋالنى بىر ئاز تۈزەش پارتى-
يىنىڭ سىياسەت پرىنسىپلىرىنى ئورۇنلاش، ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا
قويغان سوتسىيالىستىك تۈتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نەزەرىيىسى ئاسا-
سىدا ئىشلار توغرىسىدا كىرىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى،
ئۇزاق ئۆتمەستىن يەنە چوڭ بىر پالاكەت يۈز بەردى. بۇ «مەدەنىيەت
ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت ئاپەت بولدى. (بۇ توغرىسىدا كېيىن توختى-
لىمىز.)

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئۈچىنچى باب پارتىيە مەكتەپىدە ئوقۇش، «باي ۋەقەسى» ۋە چەتكە قېچىش ۋەقەسى

1. پارتىيە مەكتەپىدە ئوقۇش ئەھۋالىم. مەركىزىي پارتىيە مەكتەپىدە 1954 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدىن مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن مەخسۇس شىنجاڭ سىنىپى ئېچىلغانىدى. بۇ سىنىپتا مىللىي كادىرلارنى نەزەرىيىۋى تەربىيىلەشتە خېلى ئۈنۈملۈك ئىشلار قىلىنىدى.

1960 ـ يىلى يەنى پارتىيە مەكتەپى شىنجاڭ بەنسىنىڭ ئۈچىنچى قارارىغا مەنمۇ كەلدىم. ئاۋۋال مەن جۇڭداڭشۆبىيغا تەكلىپ قويغىنىمدا، جۇڭداڭشۆبىي جۇڭگىياڭغا دوكلات قىلىپتىكەن. جۇڭگىياڭدىن ھازىر ئىش ئالدىراش كەلمەي تۇرسا، دېگەن جاۋاب كەلدى. مەن جۇڭگىياڭغا ئۆز نامىمدىن تېلېگرامما ئەۋەتىپ، مېنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى بۇ خىزمەتلەردە خېلى قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقانلىقى ۋە پارتىيە مەكتەپىگە بېرىپ بىر قېتىم ئوقۇشۇمنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈندۇم. جۇڭگىياڭ تەستىقلىدى. پارتىيە مەكتەپىنىڭ بىر قارارى ئىككى يىللىق ئىدى. مەكتەپتە ئالدى بىلەن نەزەرىيە ئۆگىنىش — ماركسىزم، لېنىنىزم ئاساسىي مەسىلىلىرى، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئوقۇلاتتى. ئوقۇتقۇچىلار دەرس بېرىش ۋە گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئېلىپ بېرىلاتتى. 2 ـ يىلىغا كەلگەندە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتە بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلىش ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇنىڭدا ئۆگەنگەن نەزەرىيىنى قېلىپ قىلىش يەنە ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن تارتىپ، تارىخىي جەريانىنى، قىلغان خىزمەتلىرىدىكى كەمچىلىك خاتالىقلار، ئىدىيە جەھەتتىكى ساقلانغان توپ مەسىلىلەرنى ئۆزىنى تەكشۈرۈش، باشقىلارنىڭ تەنقىد قىلىشى ئېلىپ بېرىلاتتى. مەنمۇ مەسلىھەت بىلەن تەييارلىق قىلدىم. كېيىن چوڭ مەجلىستە مېنى پىپەن قىلىش باشلاندى. ئۆزۈمنى تەك-

شۇردۇم. ئاۋۋال ئادەتتىكى پىكىرلەر بېرىلىپ، كېيىن تەييارلاپ قويۇلغان بىر نەچچە ئاتالمىش «ئاكتىپلار» ماڭا قارىتا ھۇجۇمنى باشلىدى. بىر مۇنچىلار ئاساسەن ئۇلارغا ئەگەشتى، بىر مۇنچىلىرى بولسا ئۇلارغا قوشۇلمىدى، مەجلىستە تىنچ تۇرۇۋالدى. كېيىن «كۈرەش» شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، مېنىڭ خىزمەتتىكى خاتالىقلىرىمدىن ھالقىپ بېرىپ بىر قانچە «ئەتۇر ئىنقىلابىي قالپاقلار» كەيگۈزۈشكە بېرىپ تاقالدى. چوڭ «ئەتۇر ئىنقىلابچى» موزا قالپىقىنى شىنجاڭدىكى ھەممە ئەكسىيەتچىلەر، ئەتۇر ئىنقىلابچىلار، يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ بوۋىسى، خوتەندىكى ئابلىمىت داموللا قوزغىلىڭىنىڭ باش يېتەكچىسى، شىنجاڭ جۇنچۇيىدە يەر ئاستى سىلىڭبۇ تەشكىل قىلىپ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىپ ئالماق بولغان ۋە باشقىلار. ئاساسىي مەقسەت خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىدى. چۇداڭۇيىنىڭ شۇجىلىرىدىن بىرسى لىن بويۇۋ بېجىڭغا كەلگەندە پارتىيە مەكتىپى داڭۇيىغا «ۋاڭ ئىنماۋنىڭ پىكىرى» دەپ — «مۇشۇ قېتىم داڭشاۋدا ئوقۇش جەريانىدا سەيپىدىننىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك» دېگەن پىكىرنى يەتكۈزگەن.

مەن سەۋرچانلىق بىلەن پىكىرلەرنى ئاڭلىدىم. مەن، نەزەرىيىگە بىرلەشتۈرۈپ ماڭا يولداش ئاكتىپلىق بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيە بېرىش ئۈچۈن ياردەملىرىنى قارشى ئالىمەن. پىپەن جەريانىدا ماڭا قويۇلغان ئەكسىيەتچىللىك، ئەتۇر ئىنقىلابچى، ئاتالمىش شىنجاڭدىكى ھەممە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قوماندانى، جۇنچۇيىدە يەر ئاستى سىلىڭبۇي قۇرغان... ۋە باشقىلار دېگەندەك مەسىلىلەرنى مەن قوبۇل قىلالمايمەن، بۇلارغا قەتئىي رەددىيە بىلدۈرىمەن. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن مەن كۆپچىلىكنىڭ پىكىرىنى ئېلىشقا تەييارمەن، توغرا بولسا ئېلىش، توغرا بولمىغانلىرىنى ئاڭلاپ قويۇش، كۆپچىلىكنىڭ ماڭا يەنە داۋاملىق پىكىر بېرىشىنى تەلەپ قىلىمەن، دېدىم. ئەتىسى دەپتەرلىرىمنى تەييارلاپ مەجلىسكە ماڭىمەن دەپ تۇرغاندا خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى باشلىق بولغان ئادەم كېلىپ ماڭا: پارتىيە مەكتىپى داڭۇيىسى: «سەيپىدىن تەنقىد قىلىشنى تۇتۇش قارار قىلىندى» دەپ، مەن بۇنىڭغا قوشۇلمىدىم. داۋام قىلدۇرۇش كېرەك، مەن سەۋرچانلىق بىلەن توغرا

پىكىرلەرنى داۋاملىق ئاڭلايمەن، ئاتالمىش «قالپاق» توغرىسىدا كېيىن قانداق خۇلاسە قىلىنىدۇ، بۇ داڭۋېينىڭ ھەم جوڭگياڭنىڭ ئىشى دېدىم. لېكىن مەجلىس توختىدى. مەن بۇ مەجلىسكە ھەيران قالدىم، مېنى پىپەن قىلىشتا جوڭگياڭنىڭ تەستىقىنى ئالماي مۇشۇنداق دەرىجىدە ھەرىكەت قىلىشى بۇ پۈتۈنلەي ھەم قانۇنسىزلىق ھەم بىر مەقسەتلىك قىلىنغان ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. كېيىن مەسىلە ئايدىڭلاشتى. يولداش ۋاڭ جىن مېنى كۆرەش قىلغان ئەھۋالنى ئاڭلاپ جو زۆڭلىغا دەپتۇ، جو زۆڭلى دەرھال پارتىيە مەكتىپى داڭۋېيىغا تېلېفون بېرىپ مەجلىسنى توختىتىشنى ئۇقتۇرۇش قىلىپتۇ. كېيىن يولداش ۋاڭ جېن بىلەن سۆزلىشىپ قالدۇق. يولداش ۋاڭ جېننىڭ ئاڭلىغىنى ھەم جوزۆڭلىغا يەتكۈزگىنى تېخى ماڭا قارشى قىلىنغان كۆرەشنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمەيتىكەن.

مەن خىزمەت گۇرۇپپىسىغا، بۇ مەسىلىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك، ماڭا قىلىنغان پىپەننىڭ زادى خۇلاسىسى نېمە، ئوڭى قايسى، سولى قايسى، تەتۈرى قايسى؟ بۇنى ئېنىقلاش كېرەك، دېدىم. خىزمەت گۇرۇپپىسى، داڭۋېي بۇنىڭغا زادى جاۋاب بەرمىدى. شۇ كۈنلەردە كاڭ شىڭنىڭ خوتۇنى پارتىيە مەكتىپى داڭۋېيىسىدا بىر مەسئۇل خىزمەتتە ئىشلەيدىكەن، ئۇ ئايال ماڭا بىر كۈنى ئالاھىدە شىنجاڭ بەنشىچۇغا كېلىپ ئاشۇ ئەھۋالنى ئومۇمىي قىلىپ ئېيتىپ بەردى. ئېيتىشىغا قارىغاندا، ماڭا قارشى كۆرەش قىلىش ئەسلىدە داڭۋېينىڭ قارارى ئەمەس، بىرىنچىدىن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا بىر قىسىم ئادەملەر غۇل - غۇلا كۆتۈردى. ئىككىنچىدىن، بۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا ۋاڭ ئىنماۋنىڭ پىكرى داڭۋېيغا كەلدى. ئۈچىنچىدىن، زاكىروپ باشلىق بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ بەنشىچۇدا ئولتۇرۇپ پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلىشى بىلەن مەسىلىلەر تېخىمۇ كۈچەيدى. داڭۋېي ئىچىدىمۇ پىكىر ئىختىلاپلىرى بولۇپ تۇرغان. لېكىن نېمە قىلىشقا بىر قارار كېلەلمەي تۇرغان ۋاقتىدا، ئۇ كاڭ شىنغا ئېيتقانلىقى، كاڭ شىن جوزۆڭلىغا ئېيتقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋاڭ جىننىڭمۇ جوزۆڭلىغا ئېيتقانلىقى، جوزۆڭلىنىڭ دەرھال تېلېفون بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. كېيىن نۇرغۇن ئويلاپ بۇ مەسىلىدە شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم. پارتىيە مەكتە-

www.uyghurkitap.com

پىگە كېلىشىم ۋاڭ ئىنماۋ باشلىق بىر قىسىم ئادەملەرگە تازا ئوبدان
پۇرسەت بوپتىكەن، بىز كېلىشىنىڭ ئالدىدىلا ۋاڭ ئىنماۋلار ئويۇشتۇ-
رۇپ ئەۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭغا قارىماستىن زاكىروپنى دەم ئېلىش دېگەن
بانا بىلەن بەنسىچۈدا تۇرۇپ ئارقىدا قوماندانلىقتا ساپتۇ، بۇلارنىڭ
ھەممىسى ۋاڭ ئىنماۋنىڭ سۇيىقەستى، يەنى ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئېيت-
قاندا «سەيپىدىنىنىڭ مەسىلىسىنى بۇ قېتىم تولۇق ھەل قىلىش كې-
رەك» ئىكەن. ۋاڭ ئىنماۋ ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى شىنجاڭدا ئاشۇلارنىڭ
كۆزىگە قادالغان بىر مىقنى ئېلىپ تاشلاش، ئۇلارنىڭ سۆزى بىلەن
ئېيتقاندا شىنجاڭدىكى بۇ چوڭ بەنجاڭۇشنى يەنى «پۇتلى كاشاڭ تاش
» نى ئېلىۋېتىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەن.

2. «باي ۋەقەسى». 1960 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ
باي ناھىيىسىدە ئېغىر ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، ئاۋۋال 9000
ئادەم، كېيىن شۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئاغرىق بىلەن ئۆلگەنلەرنى ھېسابلى-
غاندا 15000 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. مۇشۇنداق پۈتۈن مەملىكەتتە ئالاھى-
دە بولغان مۇشۇنداق ۋەقەنى ۋاڭ ئىنماۋلار مەندىن داڭشاۋدا يوشۇردى.
ئاخىرى مەن بۇنى شىنجاڭدىن كەلگەن خەت ۋە مەجلىسكە كەلگەن ئاي-
رىم مىللىي كادىرلاردىن چالا ـ بۇلا ئاڭلىدىم. كېيىن ۋاڭ ئىنماۋغا
تېلېفون بېرىپ سورىغان ئىدىم. ئۇ راست مۇشۇنداق بىر ۋەقە بار، مەن
سىزگە خەت يازىمەن دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن ۋاڭ ئىنماۋنىڭ خېتى
كەلدى، ئۇ خەتتە ئومۇمەن ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى يوشۇرمىغان، ئۆزى
بايغا بېرىپ ئەھۋالنى ھەل قىلىش، ئۆلۈم ھادىسىنى توختىتىش ئۈچۈن
قىلغان چارىلىرى ۋە ئاما بىلەن مەجلىسلەردە تەڭ بىللە يىغلىغانلىق-
لىرىنى ئېيتىپ يېزىپتۇ. ئەمدى بۇ ئاتالمىش «يىغلىشى» ۋاڭ ئىنماۋ-
نىڭ چوڭ لۈللۈلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر پاكىت. باي ۋەقەسى ئاچار-
چىلىقتا بولغان ۋەقە. بۇ يەردە مۇنداق بىر قانچە مەسىلە بار: بىرسى،
بايدا ئاشلىق يوق بولۇپ ئاچارچىلىق بولغان ئەمەس، باي ناھىيىسىدە
ھەتتا يېزىلار ئىسكىلاتىدا 40 مىليون جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق بار ئى-
كەن، شۇنداق تۇرۇپ ئاچارچىلىق بولغان. سەۋەبى نېمە؟ بىرى، ئاش-
لىقنى «ئىقتىساد» قىلىپ يۇقىرىغا جىقراق تاپشۇرۇش ـــ يۇقىرىغا
ئۈرۈمچىگە، ئۈرۈمچى ئاندىن ئۆزى خالىغان يەرلەرگە تارتىش دېگەن

مۇشۇ خاتا پرىنسىپ. ئىككىنچىسى، ئاچارچىلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، شۇنداق ئېغىر ۋەقە تۇرسىمۇ يەنە ئامبارلارنى تېخىمۇ چىڭ قۇلۇپلىغان. خەلققە ئاشلىق تارقىتىپ بەرمىگەن. بۇ ئاددىي دېگەندە بىر ئادەمگەرچىلىك ئىدىيىسىگىمۇ توغرا كەلمەيدىغان ئىش.

ئۈچىنچى بىرى، ئاقسۇنىڭ دىۋى شۇجىسىغا (شۇ ۋاقىتتىكى شۇجىسى خې جىڭنيەن) بۇ ئەھۋالنى كىشىلەر ئىنكاس قىلغاندىن كېيىن بۇ بايغا كېلىپ شۇ ئاتالمىش ۋەقەنى تەكشۈرۈپ ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، باي شەھرىدە ئادەم ئۆلۈش باشلىنىپ 400 ـ 500 كىشىگە يەتكەن. باي ناھىيىسىنىڭ بازار كوچىلىرىدا ئۆلۈپ ياتقان ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى كۆرۈلگەن. ناھىيىنىڭ شۇجىسى خې رۇي دېگەن ئادەم، خاتالىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ھەممە تەدبىرنى قىلغان. دېمەك دىۋى ھەم شيەنۋېي ۋەقەنى دەرھال يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپلا قالماستىن، يەنە داۋاملىق يوشۇرۇش، ئەڭ يامىنى ئاشلىق بار تۇرسا شۇنى ئېلىپ چىقىپ ئادەمنى قۇتقۇزماسلىق. يەنە بىرى، ۋەقە شۇنداق يۈز بەرگەندە چۇداڭجۈيىغا ئاممىدىن خەت كەلگەن، بۇ خەتتىن چۇداڭجۈيى دىۋىيدىن شيەنۋېيدىن سورىسا «ئۇنداق ئىش يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن دىۋى ھەم شيەنۋېينىڭ قارارى بويىچە باي ناھىيىسىنىڭ يۇقىرى بىلەن قىلىنغان پوچتا ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئېتىپ تاشلانغان. بۇ ئادەتتىكى خاتالىق ئەمەس، خەلقنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىۋاتقانلىقىغا قارىماستىن قىلىنغان ئەڭ ۋەھشىيانە بىر ئىش.

1961 ـ يىلى قىشلىق تەتىلدە مەن شىنجاڭغا باردىم، چۇداڭجۈيى ئاشۇ باي ۋەقەسىنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئاچقان مەجلىسكە قاتناشتىم. ئالدى بىلەن ۋاڭ ئېنماۋ باي ۋەقەسى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئاندىن كېيىن ھېلىقى دىۋى شۇجىسى خې جىنيەن سۆزلىدى. بۇ سۆزلەپ ھە دەپ كۆز يېشى قىلىپ، يالغاندىن ياغلىقىنى ئېلىپ «ياشلىرىنى سۈرتۈشكە» باشلىدى. مەن بۇنىڭغا غەزىپىمنى باسالماي تۇرغاندىم، ئۆزۈمنى تۇتۇپ ئالالمىدىم... سەن تېخى يىغلايسەن، سەن كىمگە يىغلاپ بېرىسەن؟ دېدىم مەن غەزەپ بىلەن، 9000 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەندە نېمە قىلغان؟ ئادەملەر قىرىلىپ ئۆلۈۋاتقاندا ئىسكىلاتتىكى ئاشلىقلارنى قۇلۇپنى چىڭ بېكىتىپ سىرتقا مەلۇم

قىلمىغىنىڭ نېمىسى، سەن كىمگە يىغلايسەن؟ بۈگۈن نېمە دەپ يىغلاپ بېرىسەن، كىمگە يىغلاپ بېرىسەن؟... ئۈستەلگە ئۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۆزۈمنى توختىتالماي ۋارقىراپ كەتتىم. 9000 ئادەم، بىر ئائىلىدە 4 تىن ھېسابلىغاندا 30000 ئادەم يىغلىدى، پۈتۈن ناھىيە خەلقى يىغلىدى. سەن ئاشۇ ۋاقىتتا نېمە قىلدىڭ؟ يەنە بۈگۈن نېمە يىغلايسەن؟ ئادەم ئۆلدى. يۈز مىڭ ئادەمدىن ئون مىڭدەك ئادەم ئۆلدى، ئادەم ئۆلدى ئېشەك ئەمەس، پۈتۈن ناھىيە خەلقى يىغلايدۇ. ئۇ ھەقىقىي يىغلاش، سەن كىمگە يىغلاپ بېرىسەن؟... مەجلىستە كىشىلەر غەزەپكە كەلدى. شۇنداق ئەھۋالغا كەلگەندە ۋاڭ ئىنماۋ ماڭا سەۋرى قىلىشنى تەكلىپ قىلىپ، مەجلىسنى دەم ئېلىشقا ئېلان قىلدى. مەن ئاچچىقىم كېلىپ مەجلىسكە قاتناشماي كېتىپ قالدىم. بۇ مەجلىستە ۋاڭ ئىنماۋلارنىڭ ئاۋۇ مۇتەھەممىنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقى، يەنىلا كىشىلەرنى ئالداپ يالغان يىغلاپ تۇرغانلىقىغا قاراپ مەن زادى چىداپ تۇرالماي قالدىم. جۇڭگىياڭ بۇ ئىشقا چوڭ ئېتىبار قىلدى، ئاپتونوم رايوندىن پۇل چىقىرىپ بېرىلدى، ئاشلىق ئامبارلىرى ئېچىلدى، ناھىيىڭكى ئېغىر ھالەتكە يەتكەن ئاشۇ ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن چارىلەر قىلىندى. ناھىيىگە نۇرغۇن دېھقانچىلىق سايمانلىرى جۈملىدىن تراكتۇر قاتارلىق نەرسىلەر بېرىلدى، شۇنداق قىلىپ خەلقنىڭ بىر ئاز كۆڭلى تىنجىپ ئاندىن كېيىن ئەھۋال ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

مەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ قايتقاندىن كېيىن 1963 ـ يىلى ئاقسۇغا بېرىپ، ئاتايىن بايغا خەلقتىن ھال سوراشقا باردىم. باينىڭ شيەنۋېي شۇجىلىرى، شيەنجاڭلىرى (شۇجى خې رۇي ھەم ھاكىملىرى ئۇ ۋاقىتتا ئالماشقان) ماڭا ئەھۋالدىن دوكلات قىلغان بولدى. مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزلىرىنى تەكشۈرگەن بولدى. بۇ كىشىنىڭ قولىغا ياقمايدىغان گەپلەر، مەن ھال سوراش ئۈچۈنلا يېزىلارغا، كەنتلەرگە باردىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا بايدا ھېچقانداق ۋەقە بولمىغاندەك، ئەمما روھىي قىياپىتى مىسكىن. لېكىن، ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن ئېغىر مۇسىبەت قايغۇسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بىر قانچە يېزا كەنتلەرگە بارغاندا بىرمۇ ئادەم «باي ۋەقەسى» توغرىسىدا ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئاندىن كېيىن مەن قىزىل يېزىسىغا كەلدىم. داۋۇيدە دېھقانلار ئەمگەك قىلىۋېتىپتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەن. ئۇلارنى ئەمگەكتىن دەم ئېلىشقا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرۇپ
پاراڭلاشتۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن بايدا ئېغىر ۋەقە يۈز بەردى، نۇرغۇن
ئادەم ئۆلۈپ كەتتى، پۈتۈن باي خەلقى ئۇچۈن چوڭ قايغۇ بولدى. بۇ
ئىشتا مېنىڭ بىر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولۇپ تۇرۇپ گەرچە
ئۆزۈم بىۋاسىتە بولسامۇ ۋاقتىدا خەۋەر ئېلىپ چارە قىلمىغانلىق
مەسئۇلىيىتىم بار، مەن سىلەردىن، پۈتۈن بايدىكى ئاشۇ مۇسىبەت
بولغان خەلقتىن ھال سورايمەن... دەپ ئىچكى سۆزۈمنى تۆكەتمىگەنى-
دىم، پۈتۈن مەيداندا كىچىك باللا ھۆكۈرگەندەك ئاممىنىڭ ئەر، ئايال
كىچىك باللاردىن تارتىپ ھەممىسى ھۆكۈرەپ يىغلىشىپ كەتتى. مەن-
مۇ يىغلىدىم. مەن بىلەن بارغانلارمۇ يىغلاپ كەتتى. ھەقىقەتەن بىر
مۇسىبەت بولدى. مەن ئۇلارغا كۆڭۈل قويدۇم. ئاندىن پارتىيە ھۆكۈ-
مەتنى ئۇنتۇمايدىغانلىقى بۇ ۋەقە توغرىسىدا ناھايىتى دىققەت قىلىۋاتـ-
قانلىقى، ئۇندىن كېيىن ياردەم قىلىدىغانلىقى ئېيتىپ كۆڭۈل قويۇپ
كىشىلەرنى پەس قىلىپ، ئاندىن نېرى - بېرى ئىشلارنى، ئىشلەپچە-
قىرىشنى سۆزلەشكەن بولساقمۇ سۆزىمىزمۇ زادى قاملاشمىدى... شۇ-
نىڭ بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدۇق.

بىز ناھىيىگە باردۇق. ئۇ يەردىكى شۇجى، شيەنجاڭ مەسئۇللاردىن
سورىدىم: «بۇ ھەجەپ بىر قىزىق ۋەقە، مۇشۇنداق بىر ئېغىر ۋەقە بول-
غان جايغا مەن ھال سوراي دەپ كەلدىم، لېكىن بىر قانچە يېزا كەنت-
لەرنى ئايلانغاندا بىر ئادەممۇ بۇ ۋەقە توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ
ئاچمايدۇ. گوياكى ھېچ قانداق ئىش بولمىغاندەك، ئەمما قىزىل يېزى-
سىغا بېرىپ مەن گەپ ئاچقاندا ئادەملەر ھۆ گەپ سوراش بىلەن يىغلاپ
كەتتى، بۇ نېمىشكە؟» دەپ سورىغان ئىدىم. بىر مىللىي كادىر: «گەپ-
نىڭ ئوچۇقىنى ئېيتساق، سىز كەلگەندە باي ۋەقەسىدىن گەپ قىلماس-
لىق، سەيپىدىنگە ئەھۋال ئېيتماسلىق، سەيپىدىنىنىڭ ئالدىدا يىغلى-
ماسلىق» سەۋەبى سەيپىدىنىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق، سالامەتلىكى-
گە دىققەت قىلىش دېگەندەك مۇشۇنداق گەپلەر بىلەن ئالاھىدە ئۇقتۇ-
رۇش چىقىرىلىپ، گوڭشې شۇجىلىرىدىن تارتىپ دادۇي دۈيجاڭلىرى-
غىچە تۆۋەنگە قايتا - قايتا ئاممىغا خىزمەت قىلىنغان. تۇنۇگۇنكى قى-
زىق ۋەقە بۇنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ... دېدى. مەن قاتتىق خاپا

www.uyghurkitap.com

بولدۇم. غەزەپتىن كۆزۈمگە ياش كەلدى. كېيىن شيەنۆبىي دىۋىيدىكىلەر
ئۆزلىرىنى تەكشۈردى: «ئەمدى سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئاغرىمىسۇن،
مۇنداق تىنچ ئۆتۈپ كەتسە ياخشى بولار، ئەمدى مەسىلە ئۆتتى» دېگەن.
لىۇق دەپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن بۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدىم.
باي ۋەقەسى مۇشۇنداق ۋەقە، ئىلگىرى ئۆلگەنلەرنىڭ سانى 9000
دېگەن ئىدى، مەن بارغاندا 15000 غا يېتىپتۇ. بۇ كېيىن قوشۇلغان
6000 ئادەمنىڭ بىر قىسمى ئىلگىرى تولۇق مەلۇم قىلىنمىغانلار، يەنە
بىر قىسمى ئاشۇ ئاچارچىلىق ئېغىر مەزگىلدە سالامەتلىكىگە ئېغىر
زەربە يېگەن كىشىلەر، بولۇپمۇ باللار كېيىن داۋاملىق كېسەل بىلەن
ئۆلۈپ كەتكەن. مۇشۇنىڭ بىلەن يەنە 6000 ئادەم قوشۇلۇپ، جەمئىي
15000 ئادەم بۇ ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇ شىنجاڭدىلا ئەمەس مەملىكەتتىمۇ
كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش، ئېغىر ۋەقە، ئاشلىق يەتمىگەنلىكتىن،
ئىلاجىسىزلىقتىن بولغان ۋەقەلەر ئەمەس. ئاشلىق بار تۇرۇپ، رەھبەر-
لىرى بىلىپ تۇرۇپ، ۋەقە باشلانغاندىن تارتىپ يۇقىرىدىن يوشۇرغان.
باي ناھىيىسىنىڭ شۇجىسى خې رۇيىنى خىزمەتتىن ئېلىپ 5 يىللىق
قاماق ھۆكۈم قىلىپتۇ. ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشنى يوشۇرغان ئا-
شۇ دىۋىي شۇجى شۇجىنىلىغىدىن چۈشۈرۈلۈپ خې جىڭيەنىنى بىرىنچى
شۇجىلىقتىن شۇجىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. كېيىن ئۈرۈمچىگە ئې-
لىپ كېلىپ ئاشلىق نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇندىن كې-
يىن ئاپتونوم رايونلۇق جىڭشىبىنىڭ فۇشۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. بۇنى
قاراڭلار، بۇ نېمە ئەھۋال؟ بۇ بىر خاتالىق قىلغان ئادەمگە چارە قىلىش-
مۇ ياكى خەلقنى ئۆلۈش قىرىشقا سەۋەبچى بولغان بىر قاتىلنى مۇكا-
پاتلاپ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشمۇ؟ بۇ بەك دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدى-
غان بىر مەسىلە.
3. چەتكە قېچىش ۋەقەسى. 1962 ـ يىلى 3 ـ 4ـ ئايلاردا شىن-
جاڭدا «چەتكە قېچىش» دېگەن بىر چوڭ ۋەقە يۈز بەردى. بۇ — شىن-
جاڭنىڭ شىمالىدىن، بولۇپمۇ ئىلى، تارباغاتاي رايونلىرىدىن ئاتمىش
مىڭدىن ئارتۇق ئادەم سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى. بۇ ۋەقە
شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى ئانچە ياخشى بولمىغان، مىللىي مۇناسىۋەتتە
ساغلامسىز ئەھۋال بولۇپ تۇرغان، ھەم ئىقتىسادتا تۇرمۇشتا مەسىلە-

لەر ئېغىر بولۇپ تۇرغان بىر مەزگىلدە باشلانغانچقا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى. بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبى نېمە، قانداق باشلانغان؟ ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى شىنجاڭنىڭ مەسئۇل خەنزۇ كادىرلىرى بۇ ئىشتا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ ـ بۇ ئىلگىرى مەن شىنجاڭدا، بېيجىڭدە پىكرىمنى ئېيتىپ كەلگەن. ھەم جۇڭگىياڭغا ئۆز پىكرىمنى يازغان بولسامۇ، بۇ بىر ئەسلىمە كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ۋەقە توغرىسىدا يېزىشنى لايىق تاپتىم.

1960 ـ يىلىدىن تارتىپ پۈتۈن مەملىكەتتە ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتە قىيىنچىلىق يۈز بەردى. شىنجاڭمۇ گەرچە ئىچكىرىدىكى جايلاردىن مەسىلەن، گەنسۇغا ئوخشاش جايلاردىن يەڭگىلرەك بولسىمۇ، ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تۇرمۇش مەسىلىسىدە شۇنىڭ بىلەن مىللىي مۇناسىۋەتتە خېلى مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلىدى. مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولغان ئادەملەر سوۋېتكە كېتىشكە باشلىدى (بۇنىڭ ئالدىدا 55 ـ يىللىرىمۇ بىر تۈركۈم ئادەملەر كەتكەن.) لېكىن رەھبەرلىك سوۋېت پۇقرالىرىنىڭ كېتىشىگە يولغا قويۇپلا قالماستىن: «بىر سوۋېت پاسپورتى بىلەن 28 ئادەمنى بىرگە ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ» دەپ قارار قىلغان. (بۇ ۋاقىتتا بېيجىڭدە ئويناۋاتاتتىم.) سوۋېت تەرەپمۇ قارشى ئالدى. بەلكى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇللىرى ئارقىلىق تەشۋىق قىلدى، ھەرىكەت ئېلىپ باردى. 1962 ـ يىلى يىل بېشىدا بېيجىڭدا ئېچىلغان 7 مىڭ كىشىلىك يىغىن ۋاقتىدا شىنجاڭلىق كادىرلار مەجلىسىدە: مەن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ، ھازىرقى شىنجاڭدىكى ئىدىيىدە داۋالغۇش ئەھۋالىدىن قارىغاندا ھەم سوۋېت تەرەپنىڭ قارشى ئېلىش پوزىتسىيىسى ياكى ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن سوۋېت گىراژدانلىرىدىن باشقا جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭمۇ كېتىپ بارغانلىقى، ئەگەردە بۇ مەسىلىگە بىز جىددىرەك بىر چارە قىلمىساق كۆپلەپ چەتكە كېتىش ياكى چەتكە قېچىش ۋەقەسى بولۇشى مۇمكىنلىكى، قايتىپ بارغاندىن كېيىن ۋاڭ ئېنماۋ باشلىق يولداشلار مۇشۇ مەجلىسكە قاتناشقان ئادەملەرنى ئۈرۈمچىدە بىر نەچچە كۈن قالدۇرۇپ، مۇشۇ مەسىلىسىنى ئوبدانراق بىر مۇزاكىرە قىلىپ، چوڭ ۋەقە چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن چارە

قىلىش لازىملىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەردىم. قايتىپ بارغاندىن كېيىن
مەجلىسمۇ قىلمىدى. ھەم مېنىڭ پىكرىم بويىچە ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ئۈچۈنمۇ چارە قىلىنمىدى. ئەھۋال بارغانچە مۇرەككەپلەشتى. بار-
غانچە كۆچىيىۋەردى. ۋەقەنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم ئۇنىڭغا ئالدىنى ئې-
لىش ئۈچۈن تۇتقان پوزىتسىيە مانا مۇشۇنداق بولدى.

ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ 1962 ـ يىل 4 ـ ئايغا كەلگەندە ئاندىن
كېيىن چوڭ قېچىش ۋەقەسى بولدى. بۇ يەردە مەن شۇ نەرسىنى تەكرار
ئېيتىشىم كېرەك: ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى جۇداڭۋېيدىكى بىر
تۈركۈم خەنزۇ كادىرلار چەتكە قېچىش ۋەقەسى باشلانغاندىن كېيىن ئۇ-
نى مۇۋاپىق تەدبىر، تەشۋىق، چارە بىلەن توسىمىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا
كەڭ يول ئېچىپ بەردى، ھەتتا ئىلىدا ماشىنىلارنى تەييارلاپ بەردى.
ئۇلارنىڭ يەنە ئۇسۇلى ــــ ۋەقەنى مەندىن يوشۇردى، 4 ـ ئاينىڭ باش-
لىرىدا باشلانغان ۋەقەلىك توغرىسىدا 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مەن
بېيجىڭدە تۇرۇپ ھېچ قانداق خەۋەر تاپالمىدىم. مۇشۇنداق بىر چوڭ
ۋەقە توغرىسىدا ئاپتونوم رايوننىڭ جۇشىسى بولغان، شۇجىسى بولغان
بىر ئادەمگە تېلېفونمۇ بەرمىدى. 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى بولسا كې-
رەك، بىر كۈنى يولداش جاڭ پىڭ (بۇ ئادەم شۇ ۋاقىتتا جۇ زۇڭلىنىڭ
يېنىدا ئىشلىگەن) داڭشاۋغا كېلىپ ماڭا جۇ زۇڭلىنىڭ ئەۋەتكەنلىكى-
نى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭيالىڭ شىنجاڭنىڭ بىر تېلېگراممىسىغا
جاۋاب يازغانىكەن، مۇشۇ جاۋاب بولامدۇ يوقمۇ؟ زۇڭلى سىزنى بەرسە
دېدى، دەپ تېلېگراممىنى ئوقۇپ بەردى. بۇنىڭدا ۋەقەنىڭ باشلىنىشى،
داۋامى، ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، قانداق قى-
لىپ خەلققە چۈشەندۈرۈپ، تەشۋىق قىلىپ چەتكە قېچىش ئەھۋالىنى
توسۇش توغرىسىدىكى تەدبىرلەر يېزىلغانىكەن. تېلېگراممىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن مەن شۇنداق زەردە بولدۇمكى، نېمە دېيىشىمنى، قانداق
پىكىر قىلىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. كېيىن جاڭ پىڭگە مۇنداق ۋەقەمۇ
بارمۇ؟ زادى بۇ قانداق ئىش؟ بۇنى مەن نېمىشقا بىلمەيمەن؟ دەپ سوئال
قويدۇم. جاڭ پىڭ بەك ھەيران قالدى. «بۇ ئىشنى سىز بىلمەمسىز؟ ۋە-
قەگە بىر ئاي بولدى، ۋاڭ ئېنماۋ جۇداڭۋېيلار سىزگە تېلېفون بەرمە-
دىمۇ، بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟...» دەپ ھەيران قالدىم. مەن دېدىم:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



«سىز جۇ زۇڭلىنغا مېنىڭ پىكىرىمنى يەتكۈزۈڭ، بۇ دوكلاتقا مەن ھېچ
نېمە دېيەلمەيمەن، ئەھۋال قانداق بولسا شۇنىڭغا ئاساسەن جۈڭگىياڭ تې-
گىشلىك يولىيورۇقلىرىنى بەرسۇن. چۈنكى مەن بۇ ئىشتىن ماڭا مۇشۇ
سائەتكىچە ئەھۋالدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز، ۋاڭ ئىنماۋلار ماڭا ئىشەن-
مەيدۇ. بۇ مەسىلىنى مەندىن قاتتىق مەخپىي تۇتۇشىنىڭ ئۆزى ئۇلاردا
بىر قانداقتۇر كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مەقسەتنىڭ بارلىقىنى
كۆرسىتىدۇ... ئەمدى مەسىلە مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندە مەن ھېچنېمە
دېيەلمەيمەن...» دېدىم. جاڭ پېڭ قايتىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى يولداش لى ۋېن مېنى توڭجەنبۇدىكى ئىشخا-
نىسىغا چاقىرىپتۇ. بارسام ئۇ كىشى گوياكى ئىشەنمىگەندەك: «ۋاڭ
ئىنماۋنىڭ، چۇداڭۋېينىڭ بۇ ئىشنى سىزدىن يوشۇرغانلىقى راستمۇ؟
زادى بۇ قانداق گەپ، بۇنداق چوڭ ۋەقەنى سىزدىن يوشۇرۇشى بۇ قانداق
بولغىنى؟...» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى قويدى. مەن جاڭ پېڭغا
ئېيتقان سۆزنى تەكرارلىدىم. مەن: «ۋاڭ ئىنماۋلار ماڭا ئىشەنمەيدۇ،
بۇنىڭدىن باشقا پاكىتلارمۇ ئاز ئەمەس، بۇ ۋەقەنى مەن ئاڭلىسام تۇسە-
ئىم ياكى ئۇلارنىڭ خاتا قوللىنىۋاتقان چارىسىنىڭ ئاشكارە بولۇپ قې-
لىشىدىن ئەندىشە قىلدىم» دېدىم. كېيىن: «قانداق قىلىش كېرەك؟»
دېدى. مەن، قەتئىي تۇسۇش كېرەك، تەشۋىق قىلىپ ئادەملەرنى قالدۇ-
رۇش كېرەك. سوۋېت گىراژدانلىرى ئاللىقاچان تۇگەپ بولغان، ھازىر-
قى قېچىۋاتقان ئادەملەر جۇڭگو پۇقرالىرى، جۇڭگو پۇقرالىرىغا جۇڭ-
گو دۆلىتى ئىگە بولامدۇ، يوق؟ بۇنى ياخشى ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ،
دېدىم. شۇنىڭ بىلەن نىرى بېرى سۆزلەشتۇق.

ئەتىسى كۈنى جۇ زۇڭلى مېنى تېلېفون بېرىپ چاقىردى، باردىم.
ئۇ يەردە لى ۋېنمەن ۋېيجاۋبۇنىڭ بىر نەچچە مەسئۇللىرى قاتارلىق ئا-
دەملەر ئولتۇرۇپتىكەن، جۇزۇڭلى مېنىڭ كىرىشىم بىلەنلا مەن بىلەن
قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ: «ۋاڭ ئىنماۋلار مۇشۇنداق چوڭ ۋەقەنى سىز-
دىن يوشۇرغانلىقىغا بىز بەك ھەيران قالدۇق. ئولتۇرۇڭ، بۈگۈن بىز
پاراڭلىشايلى» دېدى. پاراڭلاشتۇق. جۇ زۇڭلى ئومۇمىي ئەھۋال، بۇ ۋە-
قەنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات جەريانى، قانداق قىلىپ خەلققە چۈشەندۇ-
رۇش چەتكە قېچىش ۋەقەسىنى تۇسۇش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئۇچۇق

قەتئىي پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى مەسئۇل ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېيىن جۇ زۇڭلى مەندىن پىكىر سورىدى. مەن دېدىم: ۋەقە هازىر ئېغىر، ئەگەردە قەتئىي توسۇلمىسا چەتكە قاچىدىغان ئادەملەر بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمەيدۇ، مېنىڭ پىكىرىم قەتئىي تورۇش كېرەك تولۇق چۈشەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭغا هەرگىز باشقا خىل پوزىتسىيە تۇتۇشقا بولمايدۇ. لېكىن شىنجاڭدىكىلەرنىڭ هازىرقى بۇ ئىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئۇسۇلى بىلەن توسۇشقا بولمايدىلا ئەمەس، ئادەملەر سانى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، — دېدىم. كېيىن جۇ زۇڭلى، سىز قايتىڭ، مۇشۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش رەھبەرلىكىگە قاتنىشىڭ. سىزنىڭ پىكىرىڭىزگە بىز قوشۇلىمىز. سىزگە ئىشەنمەسلىك بۇ پۈتۈنلەي خاتا. بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ. سىز بىلەن بىز 13 يىلدىن بېرى تونۇشتۇق، يولداش بولدۇق، دوست بولدۇق، بىز سىزنى چۈشىنىمىز، مەن ئىشىنىمەن، ماۋ جۇشى ئىشىنىدۇ، داڭجۇڭياڭ ئىشىنىدۇ، دەپ بىر قاتار يوليورۇقلارنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن يېنىمدىكى خىزمەتچىلەرگە تاپشۇرۇپ مەخسۇس ئايروپىلان تەييارلاپ بېرىڭلار، دېدى. (بۇ يەرگە شۇ مەجلىستە يولداش جاڭ پېڭ خاتىرىلىگەن مەجلىسنىڭ ئەھۋالى بولۇپمۇ، جۇ زۇڭلىنىڭ يوليورۇقىنىڭ خاتىرىسى چۈداڭۋېي داڭئەنىدا بار مۇشۇ يەرگە كىرگۈزۈلىدۇ)

مەن شىنجاڭغا باردىم، بېرىشتىن ئىلگىرى مەن تېلېفون بېرىپ ئەشۇ چەتكە قېچىش ۋەقەسى بولۇۋاتقان جايلاردا چۈداڭۋېي ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى مىللىيلار ئىكەن، ئىلىنا ئىمىنوۋ، تارباغاتايغا هاجىيوپ راشىباب، يەنە باشقىلار. بۇ ئادەملەرنى هەم شۇ جايدىكى دۆلەت شۇجىلارنى چاقىرتىشنى ئېيتتىم. مەن بارسام ئۇلار كەلگەن ئىكەن. چاڭۋېينىڭ مەجلىسىدە مەن جۇ زۇڭلىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ ۋەقەنى هەل قىلىش يەنە چەتكە قېچىشنى توسۇش ئۈچۈن 5 ماددىلىق پىكىرنى بەردىم. (بۇ يەردە ئاشۇ سۆزۈمنىڭ چۈداڭۋېي داڭئەنىدىن ئېلىنغان خاتىرىسى كىرگۈزۈلىدۇ) مەجلىستە دەم ئېلىش بولدى، مىللىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئەشۇ چەتكە قېچىش ۋەقەسىنى توسۇش ئۈچۈن بارغان خىزمەت گۇرۇپپىسى-

دىكى مىللىي كادىرلار ماڭا نۇرغۇن سوئاللارنى قويدى. بۇ قانداق گەپ؟
بۇ بىزگە چۇداڭۇبىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بىزگە بولغان تاپشۇرۇقلە-
رى، بۇ ۋەقەگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش، قانداق ھەل قىلىش توغرى-
سىدىكى يولىيورۇقلار جوزۇڭلىنىڭ يوليورۇقىغا ھەم سىزنىڭ بۇ 5
ماددىڭىزگە ئوخشىمىدى، بۇ خىزمەتنى بىز قانداق ئىشلەيمىز؟... دې-
يىشتى. مەن ئۇلارغا، بېرىپ جۇ زۇڭلىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزۈڭلار،
مېنىڭ پىكرىمنى يەتكۈزۈڭلار، خىزمەت قىلىڭلار، ھازىرقى مەسىلە
مۇشۇ ۋەقەنى ھەل قىلىش، دېدىم.

مەجلىسنى داۋام قىلدۇردۇق، ئاخىرى بەزى ئادەملەرنىڭ كەيپىياتى
ناھايىتى چۇشۇپ كەتتى. بەزىلەر ناھايىتى يالىڭاچ ھالدا ئۆزىنىڭ خاتا
ئىدىيىسىنى ئاشكارە قىلدى. مەسىلەن: چيگو — چۇداڭۇبىنىڭ شۇ-
جىسى «قاچىمەن دېسە ئىلاجىمىز قانچە، قاچسا قېچىۋەرسۇن، جوڭگودا
ئادەمدىن تولا نېمە يوق» دېدى. تيەن جوڭ — خەلق كومىتېتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن رەئىسى ھەم تاشقى ئىشلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقى «سوۋېت
ھەر خىل تەدبىر بىلەن ئەكسى تەشۋىقات قىلىۋاتىدۇ، بارغانلارنى ياخ-
شى كۈتۈپ قارشى ئېلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا بىز
قانچە سۆز قىلغان بىلەنمۇ ئىلاج يوق، ئەمدى توسۇغىلى بولمايدۇ» دې-
دى. جۇ زۇڭلىنىڭ يوليورۇقىغا كۆرۈنۈشتە ۋاي ئىجرا قىلىمىز دېگەن
بىلەن، قىلغان سۆزلىرىدە جۇ زۇڭلىنىڭ يوليورۇقىغىمۇ قارشى بولغان
ھەم زىت بولغان مۇشۇنداق كەيپىيات ساقلاندى. كېيىن مەن ئۈچ پە-
كىرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، بىرسى، جوڭگو پۇقرالىرىنىڭ چەتكە قېچە-
شىغا يول قويماسلىق، ئۇلارغا ئىگە بولۇش، ئۇلارنى توسۇش كېرەك.
ئىككىنچى، ئۇلارنى توسۇشتىكى تەشۋىقات تەدبىر ھەممىسى مۇشۇ
مەقسەت بويىچە بولۇش، بۇنىڭغا خىلاپ ھالدا بولۇش مۇمكىن ئەمەس.
ئۈچىنچىسى، ھېچ قانداق ئىككىلەنمەستىن جۇ زۇڭلىنىڭ يوليورۇقە-
نى يۈزدە يۈز ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا قىلغان
خىزمىتىمىزدىن جوڭيائىگە دوكلات بېرىپ تۇرۇش، ئاخىرى مەسىلىنى
تولۇق ھەل قىلغاندىن كېيىن ئەھۋالدىن دوكلات قىلىش. جايلاردىن
كەلگەن يولداشلار قايتىپ بېرىپ، جۇ زۇڭلىنىڭ يوليورۇقىنىڭ رو-
ھىغا ئاساسەن قەتئىي خىزمەت قىلىش لازىم. دوربىلجىندە چېگراغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
www.uyghurkitap.com

چىقىۋالغان قاچماق بولۇپ تاغقا چىقىپ ئالغان 12 مىڭ ئادەم (ئۇلار
چىقىشىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۇياققا ئۆتۈپ كەتمەي، قايتايلۇق دېسە
چارە قىلىشتىن قورقۇپ تۇرۇپ قالغان ئىكەن) گە ھاجىيوپ بېرىپ
مېنىڭ پىكرىمنى ئېيتسۇن، قايتسۇن، ھېچ قانداق چارە قىلىنمايدۇ.
تاغقا چىققان كىشىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز... دې-
دىم. ر مارجىيوۋ بېرىپ ئېيتقاندىن كېيىن تاغدىكى كىشىلەر قايتىپ
چۈشكەن. ئاخىرىدا ۋاڭ ئىنماۋ ئىلاجىسىز ھالدا جۇ زۇڭلىننىڭ يوليو-
رۇقىغا ھەم سەيپىدىننىڭ پىكرىگە قوشۇلماقچى بولغانلىقىنى ئېي-
تىشقا مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن مەجلىسنىڭ كەيپىياتى بىر تۇر-
لۇك روھسىزلىق بىلەن ئاياغلاشتى.

ئۈچىنچى بىرى، كېيىن مەن بېرىپ ئاڭلىدىم، چەتكە قېچىش
ھەرىكىتى قوزغالغان ياكى ئىنكاس قىلغان ۋاقىتلاردا ئالدىن ئېلىش
تەشۋىقات زادى قىلىنمىغان، مەن بېيجىڭدىكى ۋاقتىمدا بېرىپ مەج-
لىس ئېچىڭلار دېگەن ئىدىم. مەجلىس ئاچمىغان. بۇنداق قىلىش بىر
ياقتا تۇرسۇن، چەتكە قاچقۇچى ئادەملەرگە سۈكۈت قىلىش ئەمەلىيەتتە
قوغلاش پوزىتسىيىسىدە بولغان. ھەتتا غۇلجا شەھىرىدە 40 ماشىنا
تەييارلاپ چەتكە قاچىدىغانلارنى چېگرىغا ئېلىپ بېرىپ يولغا سېلىپ
قويغان. چۇداڭۋېيدىن مەلۇم كىشى مەسئۇل بولۇپ، ئىلى دۈبي شۇ-
جىسىغا، بورىتالا دۈبي شۇجىسىغا، چۆچەك دۈبي شۇجىلىرىغا يوليو-
رۇق تېلېفون بىلەن بېرىپ تۇرغان. كېيىن مەن شۇ ۋىلايەتلەرگە بار-
دىم. ئەھۋال ئىگىلىدىم، تېخىمۇ ئېنىقلاندى. چۆچەك دۈبي شۇجىسى
سۇڭ جىنتاۋ دېگەن ئادەم ئۈرۈمچىدىن يوشۇرۇن تېلېفون ئالغاندىن
كېيىن ئەتىسى چۆچەك خەلق باغچىسىنىڭ مەيدانىدا 10 مىڭ كىشىلىك
مەجلىس ئېچىپ: «كېتىمەن دېسەڭلار كېتىڭلار، بىزنىڭ قارشىلىقى-
مىز يوق، لېكىن دۆلەتنىڭ نەرسىسىنى ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ» دەپ
ھەتتا كېتىشكە ھەرىكەتلەندۈرۈش سۆزى قىلغان. بورىتالا دۈبي شۇ-
جىسى رېن شيۇەن ئۈرۈمچىدىن مەخپىي تېلېفون ئالغاندىن كېيىن
«كەتسەڭلار كېتىۋېرىڭلار، چاتاق چىقارماڭلار، دۆلەتنىڭ مۈلۈكىگە
تەگمەڭلار...» دەپ مەجلىسلەردە ئوچۇق ئېيتقان. غۇلجىنىڭكى 40 ما-
شىنىدا يولغا سېلىپ قويۇشمۇ ئۈرۈمچىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بول-

غان. تۆتىنچى بىرى، قاچقانلارنىڭ ھەتتا تېخى ئورنىدىن تولۇق قوزغولۇپ بولمىغانلارنىڭ يېزىسى، كەنت، ئۆي جايلىرى، چارۋا ماللىرى، يەرلىرى ھەممىسى بىگتۇەن نۇنچاڭلىرى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغان. بۇ ئىشنى مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدىم. مەن تېخى بېيجىڭدىكى ۋاقىت، قېچىش ۋەقەسى خېلى جىددىي باشلانغان كۈنلەردە جاڭ جۈنخەن (بىگتۇەننىڭ داڭۋېي جېڭۋېيسى) بېيجىڭدە: «سەندەي» دېگەن يولىيورۇق بار. مەنىسى، «دەي» دېگەن دەيلى قىلىش، باشقۇرۇپ تۇرۇش دېگەن سۆز، «دەي سەيچەن، دەي شۇڭشۈي، دەي تودى» يەنى مۈلۈكنى باشقۇرۇپ تۇرۇش، چارۋا ماللارنى باشقۇرۇپ تورۇش، يەر زېمىننى باشقۇرۇپ تۇرۇش دېگەن بولىدىكەن، دېگەن. ۋاڭ ئېنماۋ شۇ كېچىسىدىلا بىگتۇەن 7 ـ شىدىن نۇرغۇنلىغان ماشىنلارنى چىقىرىپ بىر قانچە ئون مىڭلىغان ئادەمنى بىر سوتكىننىڭ ئىچىدە تەييارلاپ قويغان، جاڭ جۈڭخەي ئەتىسى قايتىپ بارغان. ئۈگۈنىدىن تارتىپ «سەندەي» چىلەر چەتكە قاچقان ئادەملەرنىڭ پۈتۈن مۈلۈكنى ئۆتكۈزۈۋالغان. ئەمدى سىز قاراپ بېقىڭ. بۇ ھەرىكەت ھېلىقى چى گو ئېيتقان «قاچسا قېچىۋەرسۇن جۇڭگودا ئادەم تولا» دېگەن سۆز بىلەن قانداق پەرقى بار.

كېيىن بىز سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار بىز خاتا قىلمىدۇق، كەلدى قايتىپ كەتسۇن، دەپ رەسمىي بىزنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئېيتىپتۇ. كېيىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى قاچقان ئادەم 63 مىڭ، قايتىدىغان بولسا ئاشۇ ئادەملەرنىڭ بىرمۇ كەم بولماي ھەممىنى تولۇق قايتۇرۇش كېرەك، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يەنە بىر ئىش: سوۋېت تەرەپتىن: «تۆت يۈز ئادەم زادى كېتىمىز دەپ تۇرۇۋالدى، ئەكەتمىسەڭلار بولمايدىكەن» دەپ بىزنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە خەۋەر بېرىپتۇ. خوپ دېدۇق. تۆت يۈز ئادەمنى قارشى ئالدۇق. بۇ ئادەملەر چۆچەكلىككەن، بۇلارغا چېگراغا ئورۇنلاشتۇرساق خەۋىپلىك دەپ شىخودىكى نۇڭچاڭلارغا ئورۇنلاشتۇرساق بولدى. كېيىن بۇ ئادەملەرنى كورلا رايوندىكى نۇڭچاڭلارغا تارتىۋېتىپ، ھەتتا بەزىلىرى لوگەي نۇڭچاڭلارغا تارىلىپ ۋەيران بولۇپ كېتىپتۇ. (2 يىلدىن كېيىن ئاڭلاپ) قوشۇمچە يەنە بىر ئىش: ھېلىقى «سەندەي»

www.uyghurkitap.com

بىلەن كەتكەنلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەشتىن باشقا، «ئاز سانلىق مىللەت-لەر چېگرا رايونلىرىدا تۇرسا بۇ چېگرا خاتىرجەملىكى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بىلەن ئىلىدىن تارتىپ تارباغاتاي، ئالتايغىچە چېگرا رايونىدىكى گۇڭشىلەردە ياكى يېزا داۋىيدە تۇرغان ئاھالىنى ئىچكىرىگە چېكىنىدۇ-رۇپ، ئورنىغا بىڭتۇەن نۇڭچاڭلىرىنى (ياكى ئىچكىرىدىن ئېقىپ كەل-گەنلەرنى) ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرغان. ئاندىن كېيىن ئېچىلمىغان يەر-لەرگە، سۇ قىس يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، بۇ ئادەملەر ئاخىرى ناھايىتى چوڭ ئازابقا دۇچار بولغان. بۇنداق مەسىلىلەردىن خېلى جىق كەلتۈرۈش مۇمكىن. مەن بۇ دېھقان - چارۋىچىلارنى ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇشنى بىر نەچچە قېتىم ئېيتىپ چارچىدىم، ھەل بولمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# سەككىزىنچى قىسىم

# خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەت

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب  خىرۇشوۋ شىيۇجېڭجۇيىچىلىقى

1950 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ستالىندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۆز قولىغا ئالغان خىرۇشوۋ ئۆزىنىڭ شىيۇجېڭجۇيىچىلىق ئەكسىيەتچى ھەرىكىتىنى باشلىدى. 1955 ـ يىللىرى ئوچۇق سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ خاتا ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلىشقا باشلىدى. 1957 ـ يىلى موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كوممۇنىستىك پارتىيىلىرى ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى يىغىنى ۋاقتىدا خىرۇشوۋ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈردى. بىراق، ئۇ مەقسەتكە تولۇق يېتەلمىدى، ئۇ، يىغىندا باشقا پارتىيە باشلىقلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. بولۇپمۇ بىر قانچە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇنىڭ بۇ خاتالىقىغا قارشى چىقتى. دەل ئاشۇ يىغىندا سوۋېت كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىر باياننامە لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھە مەلۇم قارشىلىققا ئۇچرىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋەكىللىرى ئۇ باياننامىغا قوشۇلمايدىغان بىر نەچچە ماددىلىق پىكىرىنى يېزىپ، سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا تاپشۇرۇپ، «بىز ئۆز پىكىرىمىزنى ساقلاش قىلىش بىلەن باياننامىغا قول قويىمىز» دېدى، ھەم قول قويدى. خىرۇشوۋ بۇ مەجلىستە خېلى قىيىنچىلىق بىلەن ئۆتكەلدىن ئۆتتۇۋالدى. ئۇ يىغىنىنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ ئۆزىنىڭ بەزى خاتا ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈرەلمىدى. ئەمما، باشقا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرنى قوبۇل قىلمىدى.

موسكۋا يىغىنىدا خىرۇشوۋ بىر نېمە قىلىپ ئۆتكەلدىن ئۆتتۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ شىيۇجېڭجۇيىلىق لۇشيەنىنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن، مەملىكىتى ئىچىدە ۋە خەلقئارا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. خىرۇشوۋنىڭ شىيۇجېڭجۇيىچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى «تىنچ ئۆتۈش»، يەنى كاپىتالىزمنىڭ سوتسىيالىزمغا ئىنقىلاب قىلماستىن يىخۇي كۈرەش يولى بىلەن تىنچ ئۆتۈشتىن ئىبارەت ئىدى، بۇ

خاتا ئىدىيە خېلى ئىلگىرىلا ئىتالىيە كومپارتىيىسى تەرەپتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، كېيىن فرانسىيە كومپارتىيىسى ۋە ياپونىيە كومپارتىيىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىدى. ئىلگىرى ستالىن بۇ ئىدىيەگە قارشى بولۇپ كەلگەن، بىزنىڭ پارتىيىمىز قارشى بولۇپ كەلگەن. 1948 ـ 1959ـ يىلغا كەلگەندە خىرۇشوۋ بۇ «تېنچ ئۆتۈش» ئىدىيەسىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ستالىننى تەنقىد قىلىش» دېگەن چوڭ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ باھانە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەيدانغا كەلگەن سوتسىيالىزمنىڭ غالىبىيەتلىرىنى يوققا چىقىرىشقا، شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىسپاتلانغان ئەۋزەللىكىنى يوققا چىقىرىشتا ئۇرۇندى. ئۇ ھەتتا سىنىپىي كۆرەشنى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلابىي رولىنى ئىنكار قىلدى. ستالىننىڭ خاتالىقى بار ئىدى، بەزى خاتالىقلىرى خېلى ئېغىر ئىدى. ئەمما خىرۇشوۋ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەش مەقسىتى بىلەن ستالىننىڭ بەزى خاتالىقلىرىنى تەنقىد قىلىش بولماستىن، ستالىننىڭ بارلىق ئۆتۈقلىرىنى، ئاخىرى ستالىننىڭ ئۆزىنىمۇ ئىنكار قىلىۋەتتى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچىدە، خەلقئارادىمۇ چوڭ قارشىلىقلارغا ئۇچرىدى. ئەمما خىرۇشوۋ ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى جاھىللىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى.

بۇ مەزگىلدە خەلقئارا جاھانگىرلار بولسا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنى، ئىشچىلار ھەرىكىتىنى تۇنجۇقتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئېغىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بۇ خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي تارىخىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم پرىنسىپلىرىگە زىت بولغان، سوتسىيالىزم يولىدا ئالغا بېسىشقا توسقۇن بولغان ناھايىتى ئېغىر بىر ئاپەت بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئىككىنچى باپ جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇشى

جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلىتىنىڭ، ئىككى پارتىيىسىنىڭ، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆز ئارا ياردەم قىلىش، ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋىتى ياخشى بولۇپ كەلگەن ئىدى. خىرۇشوۋنىڭ خاتا لۇشيەنى باشلانغاندا بىزنىڭ پارتىيىمىز جىددىي دىققەت قىلدى، ھەم ئۇنى كۆزىتىپ كەلدى. 1957 ـ يىلىدىكى «موسكۋا يىغىنى» دىن كېيىن بىزنىڭ پارتىيىمىز ھەم ئىتتىپاقلىق ھەم كۈرەش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كەلدى. ئاخىرى خىرۇشوۋ بىزنىڭ پارتىيىمىزنىڭ پىكىرىگە قارشى تۇرۇۋېلا قالماستىن، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋەتنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بۇزۇشقا باشلىدى. ئۇ سىياسىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى بۇزۇپ قالماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلى چوڭ بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇ 1950 ـ يىلى موسكۋادا قول قويۇلغان «جۇڭگو ـ سوۋېت دوستلۇقى ۋە ئۆز ئارا ياردەم قىلىش توختامى» نى ئاشكارىدىن ئاشكارا يىرتىپ تاشلىدى. بۇ توختام بويىچە جۇڭگوغا قۇرۇپ بېرىۋاتقان 160 دىن ئارتۇق سانائەت كارخانىلىرىنى توختىتىپ قويدى، بىر قانچە مىڭلىغان مۇتەخەسسىسلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئىشلىرىغا بەك يامان تەسىر قىلدى. پارتىيىمىز «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش» دېگەن پرىنسىپ بويىچە، كەڭ خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى بوشاشماستىن غەيرەت بىلەن ئىلگىرى سۈردى.

www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى باب  ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى كۈرەش ۋە خەلقئارا كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى

خىرۇشوۋنىڭ شىۋجېڭجۇيىچىلىق لۇشيەنى ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا، ئاندىن كېيىن خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە ناھايىتى يامان تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. سوۋېت كوممۇنىستلىرى، خەلقئارا كوممۇنىستلىرى ۋە پرولېتارىياتى خىرۇشوۋنىڭ شىۋجېڭجۇيى لۇشيەنىگە قارشى تۇردى. ئەمما، بىر قىسىم پارتىيىلەر ئۇنىڭ لۇشيەنىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە جىددىي كۈرەش باشلاندى. بۇ كۈرەش ئەمەلىيەتتە «ماركسىزممۇ ياكى شىۋجېڭجۇيىمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە داۋام قىلدى. ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى بۇ كۈرەش كۈچىيىپ بېرىپ خەلقئارا كوممۇنىستلار پارتىيىلىرى ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا قىلدى. شۇ ۋاقىتتىكى خەلقئارا شارائىتتا كوممۇنىستلار پارتىيىلىرى ئىچىدىكى شىۋجېڭجۇيىچىگە قارشى تەرەپ ئايرىلىپ چىقىپ ماركسىزىم يولىغا ماڭدى. لېكىن ئۇلار ئاجىزلىك قىلدى، ياخشى كۈچلىنەلمىدى. خىرۇشوۋنىڭ شىۋجېڭجۇيىلىق لۇشيەنى 1960 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىگە كەلگەندە خېلى ئەدەپ كەتتى. مۇشۇ شارائىتتا سوۋېت كومپارتىيە ئىچىدىمۇ تەبىئىي ئىككى كۈچى، ئىككى قاراش، ئىككى ئىدىيە ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلار كۆپەيدى.

خىرۇشوۋنىڭ شىۋجېڭجۇيىچىلىق ھەرىكىتى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى، خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە يەنە بىر كىرىزىس پەيدا قىلدى. ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال ۋاقتىنى بىرىنچى كىرىزىس دېسەك، 1920 ـ يىلى جاھانگىر مەملىكەتلەر سوۋېتنى قورشاپ ھۆجۇم قىلىش ئىككىنچى كىرىزىس بولىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، يەنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە كەلگەن خەۋپ بۇ ئىككىنچى كىرىزىس بولار. ئەمدى خىرۇشوۋنىڭ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە، پرولېتارىيات

ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە كەلتۈرگەن سىياسىي جەھەتتىكى پالاكەتلىرى خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە تۆتىنچى كىرىزىش پەيدا قىلدى. بۇ تۆت خىل كىرزىسلەرنىڭ ھەممىسى خەلقئارا كوممۇنىزم ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئۈچۈن چوڭ ئاپەت كەلتۈردى. خىرۇشوۋنىڭ پەيدا قىلغان بۇ قېتىمقى كىرىزىس خەلقئارادا كوممۇنىستلار ۋە پرولېتارىياتنىڭ بۇژۇرئازلار ۋە جاھانگىر ئەللىرى ئارىسىدا كۈرەش تازا جىددىيلەشكەن بىر ۋاقىت ئىدى. مۇشۇ جىددىي پەيتتە خىرۇشوۋنىڭ ئەكسىيەتچى قىلمىشلىرى، ئۇنىڭ يەتكۈزگەن يامان ئاقىۋەتلىرى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە ۋە خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا تېخىمۇ چوڭ زىيانلارنى كەلتۈردى.

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب شىنجاڭدا شىۋجېڭجۈيىغا قارشى كۈرەش

1962 ـ يىلى شىنجاڭدا شىۋجېڭجۈيىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلدى. بۇ كۈرەش شىنجاڭدىمۇ مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن «شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش» ئاساس قىلىنىپ، بۇنىڭدا بىر مۇنچە سولچىل تەنقىد قىلىش، پىپەن قىلىش بىلەن سولچىل ئىدىيە تەسىرى خېلى كۈچىيىپ بولدى. كۆزەشدىكى نىشان «چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلارنى تارتىپ چىقىرىش» دىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىر مۇنچە كادىرلارغا زەربە بېرىش، شۇنداق قىلىپ شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاقىغا زىيانلىق ئەھۋاللار پەيدا بولدى.

مەن بۇ دوكلاتنى مەركەزنىڭ پرىنسىپ ۋە روھىغا مۇۋاپىق يازغان ئىدىم. مېنىڭ ئاساسىي مەقسىتىم شىنجاڭدا شىۋجېڭجۈيىچىلىقنىڭ بەزى ئوڭچىل خاھىشلىرىنى تەنقىد قىلىش، ئۇنى يوقىتىش، يەنە ئىتتىپاقلىقنى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى. لېكىن، مەجلىسنىڭ ئەتىسى كۈنىلا بىر قىسىم «ئاتالمىش ئاكتىپ مىللىيلار» ماڭا قارشى ئوت ئاچتى. مەن بۇ ئەھۋالغا ھەيران قالمىدىم. ئىلگىرىكى: «يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ۋاڭ ئىنماۋ ماڭا كىرىپ: «جۇڭگيادىن تېلېفون كەلدى، سىزنىڭ دوكلاتىڭىزنى سوراۋاتىدۇ» دېدى. «تېخى رەتلىمىدىم» دېسەم، «جۇڭگيانىڭ قانداق سۆزلىگەن بولسا شۇنداق ئەۋەتكىلار» دېدى. مەن، جۇڭگيانىڭ دېگىنىدەك قىلىش كېرەك دەپ جاۋاب بەردىم. ئەتىسىلا مېنىڭ سۆزۈم جۇڭگياغا ئەۋەتىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن جۇڭگيادىن مۇنداق تېلېفون كەلدى: «مەجلىس يولداش سەيپىدىننىڭ دوكلاتى بويىچە ئېلىپ بېرىلسۇن. يولداش سەيپىدىننى تەنقىد قىلىش توغرا ئەمەس». ۋاڭ ئىنماۋ مەركەزنىڭ يوليورۇقنى چۇداڭۋېي چاڭۋېيىغا يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ماڭا قاراتقان ھېلىقى «ئوت» بېسىلدى. مەجلىس جۇڭگيانىڭ يوليورۇقى بويىچە ئې-

لىپ بېرىلدى. لېكىن ماڭا قارىتا ئاتالمىش تەنقىدنى يېكىرلەر داۋام قىلىپ تۇردى. مەجلىس داۋام قىلدى، «چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلارنى تارتىپ چىقىرىش» يەنىلا داۋام قىلىنىۋەردى. مەجلىسنىڭ ئاخىرىدا بىر مۇنچە كىشىلەرگە ئاشۇنداق قالپاق كىيگۈزۈلدى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدىكى بەزى خاتا ئىدىيە ـ ھەرىكەتلەر توغرا تەنقىد قىلىنغان بولدى. شيۈجېڭجۈيىغا قارشى كۈرەش سولچىل ئىدىيىنىڭ قوماندانلىقىدا ئاز بولمىغان سولچىل خاتالىقلار يۈز بەردى.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب ئاساسىي تەجرىبە ساۋاقلار

ئۆتكەن مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە خەلقئارا كوممۇنىزىم ھەرىكىتىدە، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدە، جۈملىدىن جۇڭگودا ھەم شىنجاڭدا دىققەت قىلىش لازىم بولغان بىر قاتار تەجرىبە ساۋاقلارمۇ كۆرۈلدى: بىرى، خەلقئارادا شيوجېڭجۇيىغا قارشى كۆرەشنىڭ ئاساسىي ئىدىيە ئېقىمى تەنقىد توغرىسىدا بولغان كۆرەشتە يەنىلا بىر خىل سولچىل كەيپىياتتا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارا كومپارتىيەلەرنىڭ ۋە پرولېتارىياتنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىلىش ئورنىدا پارچىلاندى، ئاجىزلاشتى. بۇ ياخشى نىيەتتە قىلىنغان كۆرەشنىڭ ياخشى بولمىغان نەتىجىلىرى بولۇپ قالدى.

يەنە بىرى، بىزنىڭ جۇڭگودا شيوجېڭجۇيىچىلىقنىڭ ئوڭچىل ئىدىيىسىگە قارشى ئاكتىپ كۆرەش ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما سولچىل ئىدىيە كەيپىياتى ئاز بولمىدى. «ئىدېئولوگىيە كۆرىشى» دەپ ئاتالغان بۇ كۆرەش جەريانىدا «خىرۇشوۋ شيوجېڭجۇيىچىلىقىغا باھا» دېگەن توققۇز پارچە چوڭ ماقالە ئېلان قىلىندى. مۇشۇ ماقالىلەردە ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى، پرىنسىپلىرىنى شەرھىيلىشىدە، شۇنىڭ بىلەن ئوڭچىل ئىدىيىگە قارشى كۆرەشتە ۋەزىيەت جەھەتتىن ئالغاندا بىر مۇنچە توغرا تەرەپى بولسىمۇ، نەزەرىيە جەھەتتە ھەم ئەمەلىيەتتە ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى پرىنسىپلىرىگە ئۇيغۇن بولمىغان خېلى جىق خاتالىقلار كۆرۈلدى. بۇ بەزى مەسىلىلەردە كىشىلەردە ئىدىيە جەھەتتە يامان تەسىرلەرنى بەردى. بۇ بىر ئاچچىق ساۋاق.

ئۈچىنچى بىرى، شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان شيوجېڭجۇيىغا قارشى كۆرەشتە ئىدىيە جەھەتتە تەربىيە بېرىشتە بەزى ئىشلار بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلىيەتتە بىر مۇنچە كىشىلەرگە زەربە بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىدا يامان تەسىر قىلىش ئەھۋاللىرى خېلى ئېغىر بولدى. شۇ مەجلىستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە تەكىتلەنگەن «چەتئەلگە باغلانغان

ئۇنسۇرلار» دېگەن مۇشۇ يامان كالتەك تا كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە كەل-
شىلەرنىڭ بېشىدىن ئۈزۈلمىدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىن
لۈك شۇجېن شىنجاڭغا بارغاندا يەنە شۇ «كالتەك» تېخىمۇ نۇرغۇن
مىللىي كادىرلار، ھەتتا ئاددىي دېھقانلارنىڭمۇ بېشىغا ئاز تەگمىدى. (بۇ
مەسىلىدە يەنە توختىلىمىز.)

شۇنداق قىلىپ، خەلقئارادا ۋە جۇڭگودا، شىنجاڭدا شىۋجېڭجۇيى-
چىلىققا قارشى كۈرەش پرىنسىپ ياقىدىن توغرا بولۇپ، بىر مۇنچە
ياخشى رول ئوينىغان بولسىمۇ، سولچىل ئىدىيىنىڭ قوماندانلىقىدا،
بىر مۇنچە ئېغىشلار ۋە يەنە ئېغىر خاتالىقلار كۆرۈلدى، لېكىن، خە-
رۇشوۋقا قارشى كۈرەشتە بەزى خاتالىقلار بولدى دەپ، بۇ كۈرەشنىڭ
توغرا تەرىپىنى، ماركسىزىم، لېنىنىزىمنى قوغداش ۋە ئوڭچىل شىۋ-
جېڭجۇيىغا قارشى كۈرەشنىڭ پرىنسىپتا توغرىلىقىنى ئىنكار قىلىشقا
بولمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى قىسىم

## 1960 - يىللاردىكى ۋەزىيەت

www.uyghurkitap.com

1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئالغا بېسىش جەريانىدىكى ياخشى ۋەزىيەتتە بەزى خاتالىقلارمۇ يۈز بەردى. 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى تۇرۇش، ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش، شىيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش — مۇشۇ بىر قاتار ئىدىيىۋى كۈرەشلەر ئومۇمەن ئالغاندا سوتسىيالىزمنىڭ باشلىنىشىنى ئالغا سۈرۈشتىكى چوڭ قەدەملەر بولدى. مۇشۇ ھەرىكەتلەر ئاشۇ ۋەزىيەتتە مۇھىم ھەم زۆرۈر بولغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئىدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ، يەنى ئىشچى ـ دېھقانلار، كادىرلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا ئالغا بېسىش ياخشى ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان ئوبدان ئىشلار بولدى.

ئەمما، مۇشۇنداق بىر ياخشى كۈرەش قىزغىنلىقى، ئوبدان ۋەزىيەت مەيدانغا كېلىپ، ئالما سەپەرۋەرلىككە كەلگەن بىر ۋاقىتتا خىزمەتتە بەزى ئالدىراقسانلىق، ھەتتا ئايرىم مەسىلىلەردە سولچىللىق كەيپىيات يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ قىزىل بايراق — يەنى دايۈجىن، خەلق گۇڭشېسى، پولات تۆمۈر تاۋلاشنى ئاساس قىلغان چوڭ سەپەرۋەرلىك چاقىرىقى مەيدانغا چىقتى. بۇ سەپەرۋەرلىك چاقىرىققا باشلىنىشتا ياخشى ئۈنۈم بەردى. خەلقنى سوتسىيالىزم يولىغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىش ئوبدان ئىش بولدى. لېكىن، بۇ چاقىرىق بويىچە ئىلگىرىلەشتە ئالدىراقسانلىق يۈز بەردى. سەكرەپ ئىلگىرىلەش — بۇ ساغلام قەدەم بىلەن ئالغا بېسىش دېگەن ئۇقۇمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، قانچە ئىلگىرىلىسەڭ شۇنچە ياخشى، قانچە چوڭ يۈرەك بىلەن چوڭ شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ھەتتا ئىش ھەقىقىي توغرا كەلمەيدىغان سانلار «ئەمەلىيەت» دەپ قارايدىغان يامان كەيپىيات پەيدا بولدى. «ئۈچ قىزىل بايراق» دەپ قويۇلۇشىنىڭ ئۆزى توغرا ئىدى. مەسىلە ئالدىراقسانلىقتا، سولچىللىقتا، ئەمەلىيەتتىن ئېشىپ كەتكەن مۇۋاپىق بولمىغان چاقىرىق ۋە شوئاردا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ياخشى نىيەت بىلەن قىلىنغان خاتا ئىشلار قىزغىنلىق بىلەن باشلانغان

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئالغا سۈ-رۈشنىڭ ئورنىغا، بىر ئورۇندا توختاپ قېلىش، ھەتتا مەلۇم جەھەتتە ئارقىغا چېكىندۇرۇشتەك يامان ئاقىۋەتلەر كەلتۈرۈپ چىقاردى. ماۋ جۇشى داڭجۇڭخياڭ بۇ مەسىلىلەرگە جىددىي قارىدى. ئۇلارنى تۈزىتىش. سول ئىدىيە كەيپىياتلارنى تۈزەتتى. ئىلگىلىك پىلاننى رەتكە سالدى.

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار خىزمەتتىكى سولچىللىقنىڭ خاتالىغى، تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشى، بۇ ئىشلار مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىگە ئېغىر تەسىر قىلدى. ماۋ جۇشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1962 ـ 1963 يىلىدىن باشلاپ بۇ ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر قاتار مەجلىسلەرنى ئېچىپ «تەرتىپكە سېلىش» تەدبىرلىرىنى قوللاندى. كەسكىن ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىش بىلەن خىزمەتتىكى خاتالىقلار تۈزىتىلدى، ۋەزىيەت ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ماۋ جۇشى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن قىلىنغان بىر قاتار تەدبىرلەر بىلەن ئىشلار يولغا چۈشۈشكە باشلىدى. قىسقىغىنە ئىككى ئۈچ يىل ئىچىدە سىياسى ئىدىيىۋى جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ياخشى ئىشلار مەيدانغا كەلدى. خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا، جۈملىدىن يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىدا يېپيېڭى ئۇتۇقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

## ئۈچىنچى باب تەجرىبە - ساۋاقلار

بۇ بىر دەۋردە ناھايىتى مۇھىم تەجرىبىلەر ۋە ئاچچىق ساۋاقلار مەيدانغا كەلدى. ئومۇمەن ئالغاندا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ناھايىتى چوڭ غەلىبىلەر قولغا كەلدى. بۇ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ زور قىزغىنلىقى بىلەن ئاكتىپ كۈرەش قىلىشى — بۇ تۈپ ئامىل، ئەلۋەتتە. پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولمىسا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ غەيرەتلىك كۈرىشى بولمىسا مۇنداق چوڭ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايتتى، ئەلۋەتتە. لېكىن بۇ كۈرەشلەر جەريانىدا ئالدىراقسانلىق، ئەمەلىي ئىمكانىيەتتىن ھالقىپ كېتىش، ھەتتا بەزىدە بەزى مەسىلىلەردە سولچىل كەيپىياتى پەيدا بولۇشى — سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا يامان، ھەتتا زىيانلىق تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش — بۇ ئىنتايىن مۇھىم ھەم قەتئىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم بولغان مۇقەددەس ۋەزىپە ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەتئىي ئىرادىلىك چوڭ جاسارەت، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئىنقىلابىي مەيدانى، مۇستەھكەم ئىرادىسى بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئەڭ ئالدىنقى شەرت، ئەمما سالماق قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش - «يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاش يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش»، «تاشنى سىلاپ دەريادىن ئۆتۈش» - بۇ كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم شەرتلەر ئىكەن.

ماركسىزم، لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتى قىممەت باھا ئۇلۇغ ئەڭگۈشتەر، بىز ھەر بىر ئىشتا بولۇپمۇ بۇنداق مۇرەككەپ سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا مېڭىشتا بۇ ئەڭگۈشتەردىن توغرا پايدىلىنىش، بۇ ساھەدە يۈز بەرگەن تەجرىبە ساۋاقلارنى ھوشيارلىق بىلەن بايقاپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىپ ئالغا بېسىش بەك مۇھىم، ئالدىنقى شەرتلەر ئىكەن. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى

ئېلىپ بېرىش — بۇ دۇنيادا بىرىنچى قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان چوڭ ئىش. مۇشۇ كۈنگچە خەلقئارادا سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا پىشقان ئەمەلىي تەجرىبە ئۇ ۋاقىتتا تېخى يوق ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكەن بىر قانچە ئون يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلار ئاز ئەمەس، تەجرىبىلەرمۇ ئاز ئەمەس، ئەمما ئاچچىق ساۋاقلارمۇ ئاز ئەمەس. بەزىدە ئوڭغا، بەزىدە سولغا (كۆپرەك سولغا) چەتنەپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ تۇردى. خرۇشوۋ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇلاردا پەيدا بولغان شيۇجېڭجۇيىلىق لۇشيەنى يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاشۇ تەجرىبە ساۋاقلاردىن ياخشى نەتىجىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى قۇرۇش كۈرىشىدە چىڭ تۇرۇپ غەيرەت بىلەن ئالغا بېسىشىمىز لازىم ئىكەن.

بىزدە تەجرىبىنىڭ كەملىكى، ئالغا بېسىش جەريانىدا يېڭى مەسىلىلەرە دىققەت قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، تەجرىبىلەرنى قەدەممۇ - قەدەم يەكۈنلەپ بېرىش يېتەرسىزلىكى كۆرۈلدى. بۇ بۇنىڭدىن كېيىن دائىم ئەستە تۇتىلىدىغان بىر مۇھىم ساۋاق.

بىزنىڭ پارتىيىمىز يولداش ماۋ زېدۇڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلدە ئۆتكەن بەزى كەمچىلىك ھەتتا خاتالىقلارنى بايقاپ ئۇنىڭغا جىددىي مۇئامىلە قىلدى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن پرىنسىپلىرىنى قايتا - قايتا تەدقىق قىلىپ توغرا نىشان بىلەن ئالغا بېسىش چارىلىرىنى كۆردى. 60 - يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، 1963 ـ 1964 ـ يىللاردىن 1966 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە بىر قاتار مۇھىم مەجلىسلەر ئۆتكۈزۈپ خىزمەتتىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەش، بۇنىڭدىن كېيىن سوتسىيالىزم يولى بويلاپ داۋاملىق ئالغا بېسىش تەدبىرلىرى كۆرۈلدى. مەملىكەت بويىچە جۇشقۇن ۋەزىيەت بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى مۇنداق يېڭى ۋەزىيەت، سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرى باشلانغان بىر مەزگىلدە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن بىر ئاپەت مەيدانغا چىقىپ ئىشنىڭ بېلىگە تېپىپ ئەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئونىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى

1965 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان بىر ھەرىكەت باشلاندى. ئەسلىدە ماۋ جۇشى مەدەنىيەت ساھەسىدە ئۆزگەرتىش قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. كېيىن ماۋ جۇشى بۇ ئىشنى داۋاملىق تەكىتلەپ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئۆزگەرتىشنى بۇ ئەمەلىيەتتە بىر ئىنقىلاب دەپ ئاتىدى. ماۋ جۇشىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىنقىلابىي قىلىش ــ دېگىنى: ئومۇمەن مەدەنىيەت ئىشلىرىدىكى ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى توغرا فاڭجېڭ ـ لۇشيەن بويىچە ساغلام راۋاجلاندۇرۇش، دېمەكچى ئىدى. دېمىسىمۇ، مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىلگىرىدىن قېپقالغان، تېخى تولۇق ئۆزگەرتىلمىگەن مەسىلىلەر، ھەم يېڭىدىن پەيدا بولغان، ھەل قىلىش لازىم بولغان بىر قاتار مەسىلىلەر بار ئىدى. مۇشۇ مەسىلىلەرنى ئۆزگەرتىپ يېڭىچە پرىنسىپ تەدبىرلەر قوللانمىغاندا مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ھەم ساغلام، ھەم چاپسان تەرەققىي قىلدۇرۇش قىيىن ئىدى. مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مۇنداق ئىسلاھات ھەرىكىتى بىر مەزگىل داۋام قىلغاندىن كېيىن، بۇ ماۋ جۇشى دېگەن مەدەنىيەت ساھەسى بويىچە ئىسلاھات قىلىش چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، ھەممە ساھەلەرگە، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ساھەلەرگە كېڭىيىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئاستا ئاستا مەملىكەت بويىچە چوڭ بىر دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇ دولقۇن ھەممە ساھەگە كەڭ يامراپ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى. كېيىن بۇ ئىنقىلاب كۆچىيىپ كەتتى. ئاۋۋال «5 ـ ئاينىڭ 16ـ كۈنىكى 5.16( توڭجى)» دەپ ئاتالغان جۇڭياڭنىڭ بىر ئۇقتۇرۇشى ئېلان قىلىندى. بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ ئاساس روھى ـ ئىدىيە، تەشكىلىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ساقلىنىپ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، چارىسى ــ ئاممىنى قوزغاش، ئاممىۋى ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. مۇشۇ كۈنلەردە «رېمىن رىباۋ» دا ياۋ ۋېنيۇەننىڭ «خەيرۇيباگۇئەن» (خەيرۇينىڭ مەنسىپىنى ئېلىش) دېگەن تېمىدا

www.uyghurkitap.com

بىر ئۇزۇن ماقالە ئېلان قىلىندى. بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي روھى مەزھەپدارلارنىڭ مەنسىپىنى ئېلىش، قەتئىي، ئۆتكۈر ئىنقىلاب قىلىش، ئىنقىلاب سېپىدىكى كەڭ دائىرىدە كېڭەيتىش دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ماقالە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىشچىلار، دېھقانلار، بارلىق پارتىيىلىك ـ پارتىيىسىز كادىرلارنى چوڭ ھەرىكەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينىدى. مۇشۇنداق ھەرىكەتلەندۈرۈش بىلەن ئاممىۋى زاۋۇفەن قىلىش، كەڭ كۆلەمدە ئىنقىلاب قىلىش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەتنى بىر پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

مەملىكەتنىڭ بىر قاتار سىستېمىلىق يولغا چۈشۈپ كېتىپ بارغان ۋەزىيىتى بۇزۇلۇپ كەتتى. ھەممە يەردە، ھەممە جەھەتتە، ھەممە جايدا«زاۋۇفەنيولى (ئىسيان قىلىش يوللۇق)» دېگەن شوئارلار قاپلاپ كەتتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن بۇ ئاپەت مەملىكەتنى بىر خىل ئېغىر خەۋپكە دۇچار قىلدى. ئۇنى ھېچكىم بېسىۋالالمىدى.

ئۇ ۋاقىتتا داڭجوڭيانگنىڭ رەھبەرلىكىمۇ مۇقىم بولالمىدى. جوڭياڭنىڭ ئالدىدا «ۋېنگې ۋېيىۋەنخۇي» دېگەن بىر تەشكىلات قۇرۇلۇپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى لىنبياۋ، جياڭ چىڭ، جياڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن قاتارلىق ئاتالمىش ئىنقىلابچىلار ئىگىلەپ كەتتى. ماۋ جۇشى، جۇ زوڭلى بىر چەتكە قالدۇرۇلدى. جوڭياڭنىڭ بىر قاتار مەسئۇل كادىرلىرى ئىنقىلابنىڭ نىشانىسى بولۇپ تارتىپ چىقىرىلدى. كۈرەش قىلىندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، ۋەتەننىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى «زاۋۇفەنپەيلەر» گە ياردەم قىلىش ئاساسىدا ھەرىكەتنى مۇۋاپىق چەكلەش چارىسى كۆرۈلدى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن چوڭ بىر تۈركۈم كۈچلەر ئاجرىلىپ ئاممىنىڭ ئىنقىلاب ھەرىكىتىنى قوغداش دېگەن ۋەزىپە بىلەن ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا ئارىلاشتى. بۇ ئىشمۇ ياخشى نەتىجە بەرمىدى. بەزى ھەربىيلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر قىسمى زاۋۇفەنپەيلەرگە، بىر قىسمى «باۋخۇاڭپەيلەر» گە قاتنىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىنمۇ ياخشى نەتىجە چىقمىدى.

شۇنداق قىلىپ مەملىكەت بويىچە كەڭ باشلىنىپ كېيىن ئارىلاپ

يەنىلا ۋەزىيەت ئېگىلەپ كەتتى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دېگەن ئاپەت بىر نەچچە يىل داۋام قىلىپ ناھايىتى ئېغىر پالاكەتلەرنى، ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى، نۇرغۇن گۇناھسىز ئادەملەر قۇربان بولدى، بىر مۇنچىلار مېيىپ بولدى، بىر مۇنچىلار ئىشتىن ھەيدەلدى.

ئىزاھات: يۇقىرىدىكى سۆزلىگەنلىرىمىز 10 ـ قىسىمدىن سۆزلىگەنلىرىمىز كېيىن ئۈچ بابقا بۆلۈندۇ. 1ـ باب: ھەرىكەتنىڭ باشلىنىشى، 2 ـ باب: ئومۇمىيۈزلۈك زاۋفەن، 3 ـ باب: قالايمىقانچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق

(2 ـ 3 ـ باب تەپسىلىي يېزىلماپتۇ)

www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب. شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئىنقىلابى

شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بىر ئاز كېيىنرەك
بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەھۋال مەملىكەت بىلەن ئوخشاپ كەتتى. 1966 ـ
يىلى باھار كۈنلىرىدە مەن دەم ئېلىش بىلەن ۋۇشى شەھىرىدە تۇراتـ
تىم. ئۇندىن كېيىن شاڭخەيگە كەلدىم. شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ جۇداڭۇبېيـ
دىن شىئەندە شىبېيجۇنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى بولىدىغانلىقى، مېـ
نىڭ كېلىپ قاتنىشىدىغانلىغىمنى ئۇقتۇردى. مەن شىئەنگە كەلدىم.
مەجلىس ئېچىلدى. بۇ شىبېيجۇنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى بولۇپ ناـ
ھىيىلىك پارتكوم شۇجىلىرىدىن يۇقىرى كادىرلار قاتنىشىدىكەن. بۇ
مەجلىسدە جۇڭگياڭنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان «5.16» ئۇقتۇرۇشى يەتكۈـ
زۈلۈپ مۇزاكىرە قىلىنىماقچى ئىكەن. مەجلىس ئېچىلدى. مۇزاكىرە
قىلدۇق. مۇزاكىرە ئىككى ئۈچ كۈن داۋام قىلغاندىن كېيىن گورۇپـ
پىلار يولداش لىيۇ شياۋچىغا قارىتىپ «پىپەن» باشلاپ كەتتى. بۇ پىپەن
قىلغۇچىلار يولداش لىيۇ شياۋچىنى ئازاتلىقتىن ئىلگىرى گومىنداڭـ
نىڭ تۈرمىسىدە ياتقان 60 نەچچە پارتىيە ئەزالىرىنى تەسلىم بولۇپ
تۈرمىدىن چىقىرىشقا بۇيرۇق بەرگەن، دېمەكچى ئىكەن. بىر نەچچە كۈن
ئاتالمىش پىپەن خېلى كۈچەيگەچكە مەركەزدىن «بۇ ئىشنى جۇڭگياڭ بەـ
لىدۇ، يولداش لىيۇ شياۋچى مەسئۇل ئەمەس» دېگەن بىر تېلېفون كېـ
لىپ، يولداش لىيۇ شياۋچىنى تەنقىد قىلىشنى توختىتىشقا بۇيرۇق
بەردى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئاتالمىش پىپەن توختىدى. بۇندىن كېيىن
كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بۇرژۇئا ئۇنسۇرلارنى تارتىپ چىقىرىمىز، دېـ
گەن سۈرەن بىلەن مەجلىس بىر نەچچە كۈن داۋام قىلدى.

شۇ كۈنلەردە شىنجاڭدىن مەجلىسكە قاتناشقان ۋاڭ ئىنماۋ باشلىق
بىر نەچچەيلەن ماڭا تەتۈر قارايدىغان بولۇپ قالدى، گوياكى ئۇلار ماڭا
ھۇجۇم قىلىدىغان پەيلى بار ئىدى، مەن ھەيران قالدىم، لېكىن پەرۋا
قىلماي چوڭ مەجلىستە جۇڭگياڭنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى قوللاش توغرىسىدا
بىر سۆز قىلدىم. شۇ ئارىدا جۇڭگياڭدىن يولىيورۇق كېلىپ مەجلىس

توختىدى. بۇنىڭدىن مەجلىستە چەتنەش بار، توختىتىش كېرەك دېگەن مەزمۇن چىقىپ تۇراتتى.

شىنجاڭغا قايتتۇق. ئۇرۇمچىدە «ئىنقىلاب دولقۇنى» كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، ئادەملەر ھەر خىل تەشكىللەرگە بۆلۈنۈپ نامايىشلار قىلىدىكەن، «زوۋزىپەيلەرگە قارشى ئوت ئاچايلى!»، «زاۋفەن قىلىش يوللۇق» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلار شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىغا ھەتتا ئىدارىلارغىچە چاپلىنىپ كەتكەن. بىز ئۇرۇمچىگە بارغان كۈننىڭ ئەتىسى شىنجاڭ «زاۋفەنپەي» لىرى باشلامچىلىق قىلىپ ماڭا «ئوت ئاچتى». بۇ ئىشقا مەن ھەيران قالدىم. ھەرىكەت كۆچەيدى. ۋاڭ ئىنماۋ باشلىق بىر مۇنچە ئادەملەر بۇ ھەرىكەتنى توسىمىدىلا ئەمەس سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە قوللىدى. شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مېنى تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن جۇداڭۋېيگە بېسىپ كەلدى. ھويلىدا تۇرغان «زاۋفەنپەيلەر» ھويلىغا چىقىپ «سەيپىدىن چۈشسۇن، سوئاللىرىمىزغا جاۋاب بەرسۇن» دەپ ۋارقىراپ تۇۋلاپ كەتتى. ۋاڭ ئىنماۋلار غىڭ قىلماي تۇرۇۋالدى. مەن چۈشسەم چۈشەي دېدىم، چۈشۈپ 2 – قەۋەتتىن تۆۋەنگە مېڭىپ چۈشۈپ كېتىپ بارسام ئۈچ نەپەر خەنزۇ كاتىپ قىزلار تۆۋەندىن چىقىپ مېنى توسىدى. «چىقىشقا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئەكەلگەن گاۋماۋزىسى بار، پەيلى يامان» دەپ، مېنىڭ ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ئىككىسى قولۇمدىن تارتىپ بىرسى ئىتتىرىپ يۇقىرى ئەپچىقىپ، ئىشخانامغا كىرگۈزۈپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. (مۇشۇنداق بىر پەيتى ماڭا ئاشۇنداق غەمخورلۇق قىلغان ئۈچ خەنزۇ قىزغا قەلبىمدىن چوڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ئەگەر مەن ھويلىغا چۈشسەم ئۇلار مېنىڭ قولۇمنى باغلاپ، بېشىمغا گاۋماۋزى كىيگۈزۈپ شەھەرنى ئايلاندۇرماقچى ئىكەن.)ئۇلارنىڭ بۇ پىلاننى يەنە بىر ئوقۇغۇچى ئەتىسى كۈنى ماڭا يەتكۈزۈپ قويدى.

كېيىن ئاڭلىشىم شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ماڭا قارشى «ئىسيان» ئاللىقاچان قوزغىلىپتىكەن. بۇ ئىسيانغا جۇداڭۋېيدىن شىنداغا ئەۋەتىلگەن گوڭزوزۇنىڭ باشلىقلىرى گۇەن ۋۇلۇ (مەدەنىي – مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)، ماۋتۇۋ (زۇجىبۇنىڭ كادىرى) شىنجاڭ شۆيۈەنىدىكى ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىدىكەن. ئاڭلىسام شىنجاڭ شۆيۈەنىدە چوڭ بىر

www.uyghurkitap.com

دازىباۋ چىقىپتىمىش، ئۇ دازىباۋدا 50 دىن ئوشۇق «تەتۈر ئىنقىلابچى»
لارنىڭ تىزىملىكى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، ئاشۇلارنىڭ باش
قوماندانى سەيپىدىن ئىكەن. بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ مەن ھېچ چۈشىنەل-
مىدىم. ئاخىرى مەلۇم بولدىكى، بۇ پىلانلىق تەشكىللىك ئارقىسىدا
قوماندانى بار ھەرىكەت ئىكەن.

كېيىن مەسىلە ناھايىتى ئېنىقلاندى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئا-
ياقلاشقاندا لىن بومىن (جۇداڭۋېينىڭ فۇشۇجىسى) مۇنداق بىر ئەھۋال-
نى پاش قىلدى: بىز شىئەندە مەجلىس قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ۋاڭ ئىنماۋ-
نىڭ باشچىلىقىدا شىنجاڭدىن مەجلىسكە بارغان مەسئۇل كادىرلار: ۋاڭ
ئىنماۋ، ليۇ جەنرېن، جاڭ جىڭخەي، ئېرغالى، زۇوچى قاتارلىق ئادەم-
لەر مېنى قاتناشتۇرماي مەخپىي مەجلىس ئېچىپتۇ، ۋاڭ ئىنماۋ ئاشۇ
مەجلىستە «ئەھۋالدىن قارىغاندا جۇڭگىياڭ ھەر بىر ئۆلكىدە بىر «زۇوزى-
پەي» (كاپىتالىزىم يولىدا ماڭغان ئۇنسۇر) تېپىپ چىقىرىدىغان ئوخ-
شايدۇ. شىنجاڭدىن كىمنى تارتىپ چىقىرىشى كېرەك دەپ ئاخىر ئۆزى-
نىڭ پىكرى بىلەن «سەيپىدىننى زۇوزىپەي قىلىپ تارتىپ چىقىرىش
كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇنىڭغا باشقىلار قوشۇلۇپتىمىش.
شىبېيجۇنىڭ كېڭەيتىلگەن مەجلىسىدە ئېرغولى مېنى پىپەن قىلىپ
سۆزلەيدىغان، ئاندىن «زۇوزىپەي» دەپ ماۋزى كىيگۈزىدىغان بوپتۇ.
سۆزنى لى بومىن يېزىپ بېرىپتۇ، ۋاڭ ئىنماۋ كۆرۈپ ماقۇللاپتۇ،ئاشۇ
تېلېفون بىلەن شۆيۈەندە «شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ زۇوزىپەينى تارتىپ
چىقىرىش» باشلانغان ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا جۇڭگىياڭدىن مېنى قوغدىغان
تېلېگرام كەلدى. تېلېگراممىدا «يولداش سەيپىدىن ياخشى يولداش،
ئازاتلىقتىن بېرى پارتىيە سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، بولۇپمۇ
مىللىي خىزمەتتە تىرىشىپ ئىشلەپ ياخشى خىزمەت كۆرسەتتى.
يولداش سەيپىدىننى تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ» دېيىلگەن. مەيداندا ئې-
چىلغان بىر مەجلىستە بۇ تېلېگراما ئېلان قىلىندى. پۈتۈن ئاپتونوم
رايونغا يەتكۈزۈلدى. ئاندىن بۇ ھەرىكەت توختىدى. ئەمما باشقىچە ھە-
رىكەت باشلاندى. ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتۈپلا شىنجاڭ تىببىي ئىنىستىتە-
تۇتتا ئايىمنى تارتىپ چىقىرىپ (ئايىم شىنجاڭ تىببىي ئىنىستىتۇتى-
نىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى.) گاۋ ماۋزى كىيگۈزۈپ كوچا ئايلاندۇرۇپ-

تۇ. بۇنى ئاڭلاپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇراتتىم. ئايىم كەچلىكى ئۆيگە قايتىپ، بوسۇغىدىن كىرىپلا يىقىلىپ چۈشۈپ ئېسىدىن كەتتى. ماڭا بۇ ئىش بەك ئەلەم بولدى. بۇ بىر ئايال كىشىگە ئاسان گەپ ئەمەس ئىدى. قانداق بولۇپ كەتتى دەپ يەنە ھەيران بولۇپ تۇرسام، ئەتىسى يولداش جۇ ئېنلەينىڭ ئايىمنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تېلېفون كەلدى، كېيىن بىر يولىيورۇقنى ئاممۋىي تەشكىلاتلاردىن بىرسى ئېلان قىلدى. يولداش جۇ ئېنلەي بېيجىڭدا ئاشۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ باشچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلغان بىر مەجلىسدە «شىنجاڭدا يولداش سەيپىدىننىڭ خانىمى ئايىم يولداشنى گاۋماۋزى كىيگۈزۈپ كوچا ئايلاندۇرۇپتۇ، بۇ تامامەن خاتا. جۇڭگياڭ يولداش سەيپىدىننى قوغداپ ئۇقتۇرۇش چىقارغان، ئايىممۇ بۇنىڭ ئىچىدە» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئايىممۇ شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتىغا بارماي قويدى، بۇ ئىشىمۇ ئاشۇنداق ئاياقلاشتى.

مەسىلىلەر ناھايىتى ئوچۇق بولدىكى، ماڭا بولغان ھۇجۇم شىنئەندىكى مەجلىس ۋاقتىدا ۋاڭ ئېنماۋلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەم ۋاسىتىلىك قوماندانلىق قىلىش بىلەن بولغان ئىكەن. بۇ ساڭا مەخسۇس پىلانلىق قىلىنغان ھەرىكەتلەرنىڭ، يەنى يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى كۆرەش ۋە شيۇجىڭجۇيىچىلىققا قارشى كۆرەشتە بولغان ھۇجۇمنىڭ ئۇچىنچىسى، يەنە بىر چوڭ باشلىنىش ئىكەن. ئەگەر جۇڭگياڭنىڭ يولىيورۇقى بولمىسا ئائىلىمىز بىلەن ۋەيران بولۇپ كېتەر ئىكەنمىز.

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب شىنجاڭدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى

مەدەنىيەت ئىنقىلابى چوڭ دولقۇن بىلەن كۆچەيدى. ئاندىن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي تىغ ئۇچى ۋاڭ ئىنماۋغا قارىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي ساھەلەر بويىچە مەسئۇل كادىرلارنى تارتىپ چىقىرىش، كوچا ئايلىنىش، كۈرەش قىلىش باشلاندى. جەمئىيەت قالايمىقان بولۇپ كەتتى. ھۆكۈمەتسىزلىك ئۇچىغا چىقتى، «زاۋفەنپەي»، «باۋخۇاڭپەي» دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. بۇ ئىككى پەيىنىڭ ئارىسىدىكى كۈرەش ناھايىتى جىددىي بولۇپ كەتتى. مۇنداق قالايمىقانچىلىقنىڭ داۋام قىلىشىنىڭ نەتىجىسىدە شىنجاڭدا جەمئىيەت قالايمىقان بولۇپ كەتتى. سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى چوڭ زىيانغا ئۇچرىدى. خىزمەت، ئىش، ئەمگەك ئاساسەن توختاپ كەتتى. بۇ ئەھۋال پۈتۈن مەملىكەتكە ئوخشاش، شىنجاڭغا بىر ئاپەت، ۋەيرانلىق ئېلىپ كەلدى.

1968 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 1969 ـ يىلىنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا جوڭياڭ ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەمئىيەتنى تىنجىتىش، قالايمىقانچىلىقلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەر خىل تەدبىرلەر كۆردى. نۇرغۇن يەردە ھەربىيلەر مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلارنى يولغا سېلىشقا باشلىدى.

مۇشۇنداق مەزگىلدە بىز شىنجاڭدىكى مەسئۇل كادىرلار جوڭياڭنىڭ چاقىرىشى بىلەن بېيجىڭگە كېلىپ، قانداق قىلىپ شىنجاڭدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مۇزاكىرە قىلدۇق. كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر ئىككى پەيىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ بېيجىڭگە چاقىرىلدى. بۇ ئىش ئۇنداق ئاسانغا چۈشمىدى، ئىككى پەي ۋەكىللىرىنىڭ توقۇنۇشى، ئاما بىلەن مەسئۇل كادىرلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش داۋام قىلدى، ئەڭ يامىنى ئاساسەن مەسئۇل كادىرلارنىڭ بىر قىسمى، پەيىنى قوللايدىغان، بىر قىسمى يەنە پەيىنى قوللايدىغان ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى. بېيجىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ـدە جۇڭگىياڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئالدى بىلەن ئىككى پەيىنى كېلىشتۈ-
رۈش، ئاندىن كېيىن كادىرلار ئارىسىدىكى پىكىرلەرنى بىرلىككە كەل-
تۈرۈش، كېيىن يېڭى تەشكىل يەنى ئىنقىلاب ۋېيىيۈەنخۇيىنى قۇرۇش — بۇ
مۇھىم ۋەزىپە ئىدى. ئەمما بۇ ئىش ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيدى، ئىككى
پەيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمىدى. يەنە بىرى ئىككى پەيىنى
ياقلىغۇچى مەسئۇل كادىرلارنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى، شىنجاڭدا ھەربىي
ۋە پارتىيە مەمۇرىي ئورۇنلاردىكى بىر قىسىم ئادەملەر ياكى كۆپرەك ئا-
دەملەر «باۋخۇاڭپەي» نى ياقلايدۇ، يەنە بىر قىسىم ئادەملەر «زاۋفەنپەي»
نى ياقلىدى. ئۇنداق بولغاندا پىكىرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇنداق
ئاسان بولمىدى.

مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم بۇ مەزگىلدە ئېغىر بولدى. جۇڭگىياڭ ھىمايە
قىلغىنى ئۈچۈن ئىككى پەي مېنى «يوقىتىمىز» دېمەيدۇ، مەن سۆز
قىلالايمەن، ئۇلار ئاساسەن ئاڭلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بېيجىڭدىكى ئا-
شۇنداق مۇرەككەپ شارائىتتا مېنىڭ ئۈستىمگە ئېغىر يۈك ئارتىلدى.
ئۇ كۈنلەردە بىز مەسئۇل كادىرلار ئارىسىدىمۇ پىكىرنى بىرلىككە كەل-
تۈرۈش ئۇنداق ئاسان بولمىدى. ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى بىر قە-
ـسىم كادىرلار، ئاندىن كېيىن شىنجاڭ 9 ـ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ باش-
لىقلىرى — ئۇلار «باۋخۇاڭپەي» نى قوللايدۇ. مۇشۇ ئىككى تەرەپ كا-
دىرلار نۇرغۇن تالاش ـ تارتىش قىلىپ كەلدى. ئاخىرى كېلىپ جۇڭ-
ياڭنىڭ قايتا ـ قايتا تەربىيىسىدە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى، ئاندىن
كېيىن كادىرلارنى ئاساسەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باشقا ئۆلكىلەردىكە-
گە ئوخشاش شىنجاڭدىمۇ ئىنقىلابىي ۋېيىيۈەنخۇي قۇرۇشقا كىرىشتۇق.
شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابىي ۋېيىيۈەنخۇينىڭ تەشكىلى توغرىسىدا جۇڭگىياڭ
بىر لايىھە ئوتتۇرىغا قويدى. ئىنقىلابىي ۋېيىيۈەنخۇينىڭ باشلىقىغا مې-
نى كۆرسەتتى. جۇڭگىياڭنىڭ مۇشۇ لايىھىسى قارار قىلىنماي تۇرۇپ
شىنجاڭ چۈنچۈننىڭ سىلىڭلىقىغا دەپ لۈڭ شۇجىن دېگەن بىر ئادەم
ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنى ئىنقىلابىي ۋېيىيۈەنخۇينىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
دەپ كۆرسەتتى. يەنە ھېلىقى كادىرلار ئارىسىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ تا-
لىشىشى داۋام قىلىۋەردى، ئاخىرى بىر كۈنلەردە جۇڭگىياڭنىڭ ھېلىقى
لايىھىسى ئۆزگەرتىلىپ ئىنقىلاب ۋېيىيۈەنخۇينىڭ باشلىقىغا لۇڭ شۇ-

www.uyghurkitap.com

جىنى ئالماشتۇرۇپ مېنى مۇئاۋىن باشلىقى دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ بىر
ھەيران قالارلىق ئىش بولدى. بۇ يەردە ھېلىقى «زاۋفەنپەي» نى قوللى-
غۇچىلار غەلىبە قازاندى. شۇ كۈنلەردە بەزى مەسئۇل كادىرلار ئارىسىدا
بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ھەر خىل مەخپىي پائالىيەتلىرى كۆرۈنۈشكە
باشلىدى. بۇنىڭ سىرىنى مەن بىلەلمەي قالدىم. ئۇلار ھېلىقى ھاۋا
ئارمىيە 9 ـ جۇننىڭ باشلىقى لۇڭ شۇجىن بىلەن بىللە، بۇلار بىلەن
قارمۇ ـ قارشى بولغان ۋاڭ ئىنماۋ قوشۇلۇپ كېتىپ كېچىلەپ كېچە-
لەپ مەجلىسلەر قىلدى. كېيىن بۇ ئىش مەلۇم بولدىكى ئۇلار بىرلە-
شىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاتالمىش ماتېرىياللارنى توپلاپ لىن بياۋغا
بېرىپ، ۋېيبيۇنەخۇي جۇرېنلىقىغا لۇڭ شۇجىننى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن
ھەرىكەت قىلىپتۇ. ئاخىر ئۇلار مەقسەتكە يەتتى. (لۇڭ شۇجىن ئىلگە-
رى بىر ۋاقىتلاردا لىن بياۋنىڭ مەخسۇس ئەترەت باشلىقىمۇ بولۇپ
يېنىدا تۇرغان بىر كادىر بوپتىكەن. ئۇنى لىن بياۋ ياخشى كۆرىدە-
كەن.) كېيىن جۇ زۇڭلى ماڭا: «ئەسلىدە مەسىلە قارار قىلىنىپ بول-
غاندىن كېيىن بەزى ئادەملەر بەزى كىشىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قى-
لىپ كەتتى. مەن بۇ ئىشتا چىڭ تۇرالمىدىم» دېدى. ئۇ ۋاقىتتا لىن
بياۋ ماۋ جۇشىنىڭ ئاساسەن ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرغان ۋاقىت ئى-
دى. شۇنداق قىلىپ لۇڭ شۇجىننى جۇرېن قىلىپ شىنجاڭدا گېۋېيخۇي
قۇرۇلدى. مۇندىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى، يەنى گېۋېيخۇي قۇرۇلغاندىن
كېيىن نېمە بولدى، شىنجاڭدا لۇڭ شۇجىن نېمە قىلدى، ئۇنى تۆۋەندە
سۆزلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئالتىنچى باب  شىنجاڭدا يەنە قالايمىقانچىلىق

ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شىنجاڭدا مەسىلىلەر ھەل بولمىدى، يەنە تەرەپبازلىق، ئىككى پەي ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ كۈرىشى، جەمئىيەت قالايمىقانچىلىقى يەنە داۋام قىلىۋەردى. بەلكى ئىلگىرىكىدىنمۇ مۇرەككەپلەشتى. چۈنكى رەھبەرلىك ئىككى گۇرۇھقا تېخىمۇ ئوچۇق ئايرىلىپ كەتتى. لوڭ شۇجېڭ، ھاۋا ئارمىيە 9 ـ جۈن، دېڭ شاڭ (بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى) ۋە بۇ بىر قىسىم ئادەملەر «زاۋفەنپەي» تەرەپتە تۇرۇپ «باۋخۇاڭپەينى» ۋە ئۇلار تەرەپتە بولغان ئادەملەرنى باستۇرماقچى بولدى. ۋاڭ ئىنماۋ ئاۋۋال باۋ خۇاڭپەي تەرەپتە تۇردى. ھەتتا باۋ خۇاڭپەيگە يوشۇرۇن قورال تارقىتىپ بەردى. ئۇ زاۋفەنپەيلەرنى تۈنجۈرقتۇرماقچى بولدى. كېيىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ لوڭ شۇجېڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئاخىرىدا باش رەھبەرلىكنى قولغا ئېلىش قەستىگە چۈشتى. ئەھۋال مۇرەككەپلەشتى. چۇداڭۋېي «خېشىنشىياۋزۇ» چاڭۋېي رولىنى ئوينايدۇ. مۇشۇ خېشىنشىياۋزۇدا زىددىيەتلەر كۆپەيدى. ھەر قانداق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنغاندا ئىككى تەرەپ بولۇپ تالىشىش بولىدۇ. مەسىلىلەر ھەل بولمايلا ئەمەس، بەلكى مۇرەككەپلىشىدۇ.

ۋاڭ ئىنماۋنىڭ ئاساسى مەقسىدى يەنىلا زاۋفەنپەينى باستۇرۇپ، باۋخۇاڭپەيگە يۆلىنىپ باش رەھبەرلىكنى قولغا ئالماقچى ئىدى، مۇشۇنداق مۇرەككەپ شارائىتتا، بولۇپمۇ ئىككى پەي ئاممىۋى تەشكىلات كۈرىشى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. لۇڭ شۇجېڭ، ۋاڭ ئىنماۋلار جۇداڭۋېينى تاشلاپ كۆپرەك ھەربىي رايونغا كىرىۋالىدىغان بولدى. ئىشنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ ئەڭ چاتاق تالاش ـ تارتىش مەسىلىلىرى يەنىلا ماڭا قالدى. ئەھۋال يەنىلا ئېغىرلاشتى. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى جۇڭيڭ بىلگەندىن كېيىن بىز مەسئۇل ئادەملەرنى بېيجىڭگە چاقىرىپ، تەربىيىلىدى، تەنقىد قىلدى. يەنە يولىيورۇق بېرىپ قايتۇردى. لېكىن مەسىلە ھەل بولمىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇ مەزگىللەردە جۇڭگىياڭدىن ئوتتۇرىغا قويغان «يىداسەنفەن»
(بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش) چارىسى ئوتتۇرىغا قويۇل-
دى. كېيىن بۇ ئىش مەملىكەت بويىچە يەنە بىر ھەرىكەتكە ئايلاندى. بو-
لۇپمۇ شىنجاڭدا ئالاھىدە بىر ھەرىكەت بولۇپ ئېلىپ بېرىلدى. لۇڭ
شۇجىڭنىڭ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ ئېلىپ بارغان بۇ ھەرىكىتى كېيىن
ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپ، يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لۇڭ
شۇجىڭ بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە، ئاز سانلىق مىللەت
كادىرلىرىغا قارىتىلدى. بۇنىڭدا ئۇنىڭ ئاساسى شوئارى «چەتئەلگە
باغلانغان ئۇنسۇرلارنى چەتئەلگە باغلانغان گۇرۇھنى تارتىپ چىقىرىش»
دېگەندىن ئىبارەت بولدى. ھەرىكەت قانات يېيىپ كەتكەن جايلاردا، بىر
مۇنچە مۇھىم يەرلەردە ئالاھىدە كالتەكچىلەر تەشكىل قىلىپ، چەتئەل-
گە باغلانغان ئۇنسۇرلارنى تارتىپ چىقىرىپ، كالتەكلەپ، دۇمبالاپ «قا-
يىلغا كەلتۈرۈش» ھەرىكىتى ئەۋجىگە چىقتى. بۇ ۋاقىتلاردا مەن بېيى-
جىڭدە ئىدىم. قۇمۇلدا 400، تۇرپاندا 1000 چەتئەلگە باغلانغان گۇرۇ-
ھى ۋە ئۇنسۇرلارنى تارتىپ چىقاردى، دېگەن خەۋەر ئالدىم. دەرھال لوڭ
شۇجىڭگە تېلېفون بېرىپ مۇنداق ھەرىكەتنى قەتئىي توختىتىشنى
ئېيتتىم. كېيىن چوڭ تۈنۈش توختىتىلىپتۇ، لېكىن ھەرىكەت يەنە
داۋام قىلىپتۇ. مەن شىنجاڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن شىنجاڭ خوا-
جۇيتۇەندە ئىشلەيدىغان مەمتىمىن ناملىق بىر كادىر ئۆزى ئاقتۇ ناھى-
يىسىدىن ئىكەن، ئائىلە يوقلىغىلى يۇرتقا بېرىپ قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن، ماڭا بىر خەت يېزىپتۇ، بۇ خەتتە ئاقتۇ ناھىيىسىدە يۈزلە-
گەن، ھەتتا مىڭدىن ئاشقان «چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇرلار» نى تارتىپ
چىقىرىپ، كالتەكلەپ مەجبۇر قىلىپ ئىقرار قىلدۇرغانلىقى، ھەتتا
بىر مۇنچە دېھقانلار ۋە كادىرلارنىڭ كالتەك ئازابىدا ئۆلگەنلىكى يېزى-
لىپتۇ. مەن دەرھال نەنجىڭ جۈنچۈي سىلىڭيۇەنى ليۇ فاشۇغا تېلېفون
بەردىم، دەرھال ئادەم چىقىرىپ ھەرىكەتنى توختىتىشى كېرەك، كېيىن
ماڭا خەۋەر قىلىشنى تاپشۇردۇم. ئەتىسى ليۇ فاشۇدىن تېلېفون كەلدى،
مەسىلە راست شۇنداق ئىكەن. ھەرىكەتنى توختىتىپ، بۇ ئىشقا قاتناش-
قان بىر ليەن ھەربىي بار ئىكەن، ئۇلارنى دەرھال ئالماشتۇرۇشقا قارار
قىلىپتۇ. مەن ئۇنى قوللىدىم.

شۇ ۋاقىتتا ساۋدانوپ قەشقەردە ئىدى. ئۇنىڭغا ئاقتۇغا بېرىپ ئەھۋالنى تەكشۈرۈشكە تاپشۇرۇپ تېلېفون بەردى. لېكىن ئۇنىڭ ئاتالمىش تەكشۈرۈشتىن ھېچ قانداق نەتىجە بولمىدى. بۇ ئىش توختىغاندىن كېيىن ئاڭلىساق قىزىلسۇنىڭ ئاتۇش ناھىيىسىدە، ئاقچى ناھىيىسىدە ھەرىكەتنى باشلاشقا تەييارلىق قىلىپتۇ. مىڭلىغان كالتەك ياساپ يەنە باشقا ئۇرۇش دۇمبالاش چارىلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ تەييارلىق قىلىپتۇ. بۇ مەسىلە پاش بولغاندىن كېيىن مەن دەرھال مەجلىس ئېچىپ ئاپتونوم رايون بويىچە يىداسەنفەن دېگەن ھەرىكەتنى دەرھال توختىتىش، ناھىيىدىكى «كالتەكچىلەر» قوراللانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى تارقىتىش ئۈچۈن دەرھال بىر ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ناھايىتى ئېغىر بىر مەسىلە ھەل قىلىندى، مەسىلە توختىدى. چوڭ كالتەكلەش ھەرىكىتى توختىتىلغان بولسىمۇ ھېلىقى بورانىنىڭ شامىلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى. بۇ مەسىلە لوڭ شۇجىمىڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە قانداق قارايدىغانلىقى، شىنجاڭ ئىشىغا قانداق رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئاشكارىلاپ بەردى. مەن بۇ پىكىرىمنى جۇڭياڭغا مەخسۇس دوكلات قىلدىم. لۇڭ شۇجىمىڭنىڭ ۋە لوڭ شۇجىمىڭنى قوللايدىغان بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ مەقسىتى مۇشۇ بانا بىلەن ئاز سانلىق مىللەت ئارمىيىسى ۋە كادىرلىرىگە زەربە بېرىش، ئېنىق ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ ئۇچىغا چىققان چوڭ خەنزۇچىلىق مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇ ماھىيىتىنى ئېيتقاندا كونا ئىستىبدات ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خەنزۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خالىغانچە دۇمبالاش، ئېزىش ئۆلتۈرۈشىدىن ھېچ قانداق پەرق يوق، ئۇ مەسىلىنىڭ ناھايىتى ئېغىرلىقىنى، ھەم ئۇنىڭ كەلتۈرگەن يامان ئاقىۋەتنى مەن جۇڭياڭغا دوكلات قىلدىم، جۇڭياڭ يوليورۇق بېرىپ توختاتتى.

www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب تەجرىبە ساۋاقلار

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، يەنى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ تا مۇشۇ بىر ۋاقىت ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇنلىغان تەجرىبىلەر ھەم ئاچچىق ساۋاقلار مەيدانغا كەلدى. ئاساسىي تەجرىبە ساۋاقلار: بىرى، ئىنقىلاب جەريانىدا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا ھەم ئوڭچىلىققا ھەم سولچىلىققا قارشى تۇرۇش مۇھىم بىر ئىش ئىكەن. ئوڭچىلىقمۇ، سولچىلىقمۇ ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدىكەن. قىزغىنلىقى مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتا سولچىلىقتىن ساقلىنىش بەك مۇھىم ئىكەن. نۇرغۇن تەجرىبىلەر قاتارىدا شىنجاڭنىڭ بۇ قېتىمقى نەتىجىسىنى ئىسپاتلىدىكى «سولچىلىق ئەمەلىيەتتە ئوڭچىلىق» دېگەن سۆز ئىنتايىن توغرا ئىكەن.

يەنە بىر مۇھىم تەجرىبە ساۋاق — مەن بەك سادىق، تۈز بولۇپتىمەن، لوڭ شۇجىڭ، ئۆزۈمدىن ئىلگىرى - كېيىن ۋاڭ ئىنماۋ ۋە باشقا بىر قانچىسىنىڭ مەقسەتلىك ھالدا قېلىپ كېلىۋاتقان ھەر خىل نەيرەڭلىرىنى، ھەتتا سۇيىقەستلىرىنى سەزمەي كەپتىمەن. مەن ئۇلار شىنجاڭنىڭ شارائىتىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن چۈشەنمەي مۇشۇ خاتالىقلارنى قىلىۋاتىدۇ، دەپتىمەن، ئەگەر مەن ئىلگىرىدىنلا لېنىننىڭ «كوممۇنىستلار ياخشى ماتېرىيالدىن سوغۇرۇلغان كىشىلەر» دېگەن سۆزىگە ناھايىتى ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىدىم. مېنىڭچە، كوممۇنىستلار خاتا قىلمايدۇ، خاتا قىلسىمۇ ئۇ چۈشەنمەسلىكتىن قىلىپ قويىدۇ، ئۇلار قەستەن يامان ئىش قىلمايدۇ، دەپ ئىشىنىپ كەلگەن ئىدىم.

«ياخشى ماتېرىيالدىن سوغۇرۇلغان كوممۇنىستلار» ئاز ئەمەس ئىكەن، مەن ئازاتلىقتىن بېرى ماۋ زېدوڭ باشلىق جوڭگونىڭ رەھبەرلىرى بىلەن جىق ئۇچراشتىم. نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆگەندىم. ھەقىقەتەن ئاشۇنداق ياكى ئىرادىلىك كوممۇنىستلارنىڭ ئاز ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم، ئەمما، ھەممە كوممۇنىستلار بۇنداق بولۇپ كەتمەيدۇ-

كەن. «يامان ماتېرىياللاردىن يۇغۇرۇلغان» ئادەملەر پارتىيىگە كىرىۋېلىپ ئۆزىنىڭ يامانلىقىنى قىلىدىكەن، ياكى ياخشى بولغان ئادەملەر بولسىمۇ، پارتىيىگە كىرگەندىن كېيىن مەيدانى توغرا بولماي بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن، خاتا يولغا كىرىپ كېتىدىغان كوممۇنىستلارمۇ بولىدىكەن. مەن مۇشۇ مەزگىلدىن بېرى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بېرى مۇشۇنداق چۈشىنىشكە كەلدىم. شىنجاڭدا ۋاڭ ئىنماۋ (بۇ توغرىسىدا يەنە توختىلىمىز)

ئاندىن كېيىن لوڭ شۇجىلىڭ، يەنە ياڭ مون دېگەن بىر قانچە ئادەملەر بىرلىشىپ بېرىپ يامان غەرەز بىلەن قىلغان سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى كۆزۈمنى ئاچتى. مەن، ئادەمنىڭ سۆزىگە قارىماي، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىگە قاراپ باھا بېرىش كېرەك ئىكەن، دېگەن چۈشىنىشكە كەلدىم. شۇ سادىدىلىق بىلەن داۋام قىلىپ 70 ـ يىللاردىن كېيىن مەن شىنجاڭدا باش رەھبەر بولۇپ تۇرغاندىمۇ كىشىلەرگە توغرا باھا بېرەلمەسلىكىم داۋاملىق كۆرۈنۈپ كەلدى.

مۇشۇ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ تۇرۇپ مەن ئاخىرى بېيجىڭدا تۇرغان 16 يىل جەريانىدا (1978 ـ يىلدىن ھازىرغىچە 1994 ـ يىلغىچە)، ئەمدى ئۆتكەن ئىشنى خۇلاسە قىلىپ ئەمدى قولۇمغا قەلەم ئېلىش، ئۆگىنىش يېزىش بىلەن مەشغۇل بولدۇم. بۇنىڭ بىلەن، مەن چوڭ ئىش قىلدىم، مۇھىم مەسىلىلەر تەتقىق قىلدىم، نۇرغۇن كىتابلار يازدىم دەپ ماختانمايمەن. ھەر ھالدا مۇشۇ جەرياندا كىتاب بىلەن، قەلەم بىلەن، تارىخ بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا ئۆزۈم خېلى كۆڭلۈم ئارام تاپقاندەك بولدى. شىنجاڭدىن كەلگەن نۇرغۇن يولداشلارنىڭ سۆزلىرىدە، مېنىڭ كىتابلىرىمنى ئوقۇغان ئاممىنىڭ، يولداشلارنىڭ يازغان خەتلىرىدە بۇ توغرىدا ماڭا كۆڭۈل قويۇپ، ماڭا مەدەت بەرگەنلىكى، مەندىن رازى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ خېلى كۆڭلۈم ئارام تاپقان بولدى. ئەمما شۇنى ئېيتىشىم كېرەك، مەن تېخى كۆڭلۈمدە پۈتكەن مەقسەتلىرىمنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم. مەن يەنە ئۆگىنىمەن، يەنە يازىمەن، يەنە قولۇمدىن كەلگەنچە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۆز مىللىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىلگىرىكى چالا قالغان قەرزىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن، ھازىر 78 ياشقا كىردىم، يەنە 3 — 5 يىل ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ پىلانلىرىم بار. ئەمدى پىلانلىرىمنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرالايمەن، سالامەتلىكىم، ئۆمرۈم قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇ ئەمدى كېيىن ئەمەلىيەتتىن كۆرىدىغان ئىش.

مۇشۇ جەرياندىكى تارىخىي تەجرىبە، ئاچچىق ساۋاقلار ئاساسەن مۇشۇ يۇقىرىدىكىدىن ئىبارەت. مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن مۇشۇ سەرگۈزەشتىلەر، مۇشۇ تەجرىبە ساۋاقلارنى بۇ يەردە ئالاھىدە تەكرارلاپ ئېيىش مەقسىتىم، مېنىڭ مۇشۇ كىتابىمنى ئوقۇغان يولداشلارغا ئاز ـ ماز بولسىمۇ توغرا تونۇشقا كېلىش، ئۆزى ئۈچۈن بىر ساۋاق تەجرىبە قوبۇل قىلىش بولار دەپ ئۇنى ئالاھىدە يېزىپ قويدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئون بىرىنچى قىسىم

## مېنىڭ «4 بىرىنچى» مەزقىلىم

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب لىن بياۋ ۋەقەسى ۋە لوك شۈجىك

لىن بياۋنىڭ چەتكە قېچىش ۋەقەسى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىدە ئايروپىلان پارتلاپ چۈشۈپ كېتىش ۋەقەسى — بۇ ئەمەلىيەتتە لىن بياۋنىڭ «ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈش» دىن ئىبارەت ۋەقە بولدى. لىن بياۋ باشلىق «4 كىشىلىك گۇرۇھ» مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن پايدىلىنىپ «زاۋفەنپەي» لەرنى قوللىغۇچى ئاتالمىش ئىنقىلابچىلار بولۇپ مەيدانغا چىقتى. بۇ ۋەقەنىڭ ئالدى - كەينىنى مەن ئېيتمىساممۇ ھەممىگە مەلۇم. 1971 - يىلى كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا «ماۋ جۇشىنىڭ ئىشخانىسىدا ماۋ جۇشى بىر قىسىم مەسئۇل يولداشلارنى قوبۇل قىلماقچى، سىزمۇ كېلىڭ» دېگەن تېلېفون كەلدى. بارسام ماۋ جۇشى ئىشخانىسىدا ئولتۇرىدىكەن. شۇ ۋاقىتتىكى مەسئۇل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېلىپتۇ، (لىن بياۋ يوق، ئۇ ۋاقىتتا گۇاڭجۇدا بولۇش كېرەك) يەجەينىڭ تېنى ياخشى بولماي كەلمەي قالدى. بېيجىڭدىكى جېڭجىجۇنىڭ ئەزالىرى، كېيىنكى لىڭداۋ شياۋزۇنىڭكى ئەزالىرى، بۇنىڭدىن تاشقىرى مەملىكەت بويىچە چوڭ ھەربىي رايونلارنىڭ سىلىڭيۇەنلىرى كېلىپ قاتناشتى. بىز بىرىپ ماۋ جۇشى بىلەن كۆرۈشتۇق. مەن ماۋجۇشى بىلەن كۆرۈشكەندە ماۋ جۇشى: «قانداق؟ سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ ياڭ يوڭ كەلدىمۇ، يوق؟» (ئۇ ۋاقىتتا ياڭ يوڭ شىنجاڭ جۈڭچۈنىڭ سىلىڭ بولۇپ بارغان ئىدى) دېدى. مەن «كەلدى، ئەنە»دەپ ئارقامدىكى ياڭ يوڭنى كۆرسەتتىم. ياڭ يوڭ ماۋ جۇشى بىلەن كۆرۈشكەندە ماۋ جۇشى «سەن سەيپىدىن يولداشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتامسەن، يوقمۇ؟ سەيپىدىنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئىتتىپاقنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتتى. ياڭ يوڭ مەن مۇشۇنداق قىلىدىغاندىمەن دەپ قويدى. ھەممىمىز ئولتۇرغاندىن كېيىن ماۋ جۇشى «مەن ئاخشام پۈتۈن كېچە ئۇخلىمىدىم، ھازىرقى ئەھۋالنى ئويلىدىم، سىلەرنى ئويلىدىم. سىلەر بىلەن سۆزلىشەي دېدىم...» «شاڭخايباڭ» (بۇ يەردە ماۋ جۇشى ئاشۇ شاڭخاڭباڭنى بولغان 4 كىشىنى، يەنى جياڭ چۈنچياۋ،

www.uyghurkitap.com

جىياڭ چىڭ، ۋاڭ خوڭۋېن قاتارلىقلارنى كۆرسەتمەكچى، كېيىن بۇلار
«سىرىنىباڭ» دەپ ئاتالدى) جوئېنلەي بىلەن جيەنيىڭ (جو ئېنلەي، يې-
جەنيىڭ دېمەكچى) قارشىلىق قىلماڭلار... جاڭ چىڭ ماڭا ۋەكىللىق
قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ خاتاسى ئاز ئەمەس )مۇشۇ ۋاقىتتا جاڭ چىڭ: «خاتا-
لىق بولسا تۈزىدىتىغان» ئىمىش دېگەندە ماۋ جۇشى: «سەن خاتالىقنى
ئاسان ئۆزگەرتمەيدىغان ئادەم ئەمەس» دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى. ماۋ
جۇشى: ئاۋۋال ھازىرقى مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ
ئاندىن كېيىن قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم يوليورۇق
بەردى. (ماۋ جۇشىنىڭ ئەسلىي يوليورۇقنى مۇشۇ يەرگە كىرگۈزۈش
كېرەك) شۇندىن باشلاپ «4 كىشىلىك گۇرۇھ» دەپ ئاتالغان ئادەملەر-
نىڭ ئاساسىي پەردىسى ئېچىلدى. بىراق تولۇق ئاچقىلى بولمىدى. ماۋ
جۇشى قوبۇل قىلغان كۈنى كەچلىكى جېڭجيەنجۇنىڭ مەجلىسى بولدى.
جو زوڭلى مەجلىسنى باشقۇردى ھەم ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقىنى يەت-
كۈزۈش توغرىسىدا پىكىرىنى قويدى. مەجلىسدە جىياڭ چىڭ، جىياڭ
چۈنياۋ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر يەنە ۋاڭ خوڭۋېن بۇ بىر نەچچىسى قوشۇلمىدى.
جىياڭ چىڭ قاتتىق قارشىلىق قىلدى. جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر
جىياڭ چىڭنى قوللىدى. جېڭجيەنجۇنىڭ كۆپچىلىك ۋېيىيۈەنلىرى «ئۆتكۈ-
زۈش كېرەك» دېدى. مەنمۇ قوشۇلدۇم. ماۋ جۇشىنىڭ پىكىرىگە خىيا-
نەت قىلغىلى بولمايدۇ، بولۇپمۇ ھازىر ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتلىك
يوليورۇق دېگەن مەزمۇن پىكىر بەردىم. ئاندىن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ
مۇزاكىرە قىلىپ كەلدۇق. ئاۋۇ گۇرۇھ ناھايىتى قاتتىق تۇرغاندىن كې-
يىن ئاخىرى ۋاڭ خوڭۋېنمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. بۇ مەسىلىنى
داۋاملىق مۇزاكىرە قىلماقچى بولدۇق. ئەتىسى ئاڭلىساق «تۆت كىشى-
لىك گۇرۇھ» رۇخسەتسىز چەتكە كېتىپتۇ. جىياڭ چىڭ بېيدەيخېگە،
جىياڭ چۈنچياۋ، ۋاڭ خوڭۋېن شاڭخەيگە، يەنە بىرسى يەنە بىر ياققا،
شۇنىڭ بىلەن بۇ مەجلىس ئېچىلماي قالدى. ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا قا-
رىماي ماۋ جۇشىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىجىپ داۋام قىلدى. ئەمما،
ئىككى تەرەپنىڭ كۈرىشى قاتتىق بولدى، كېيىن خۇا گوفېڭنىڭ باش
شۇجى، دېڭ شياۋپىڭ مۇئاۋىن زوڭلى بولۇپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»
نى پېيپەن قىلىشقا باشلىدى، ئىشلار بىر قاتار جايغا چۈشۈپ بولسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كاشىلا توختىمىدى.

لوڭ شۈجىڭنىڭ لىن بياۋ مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيىسى ياخشى بولمىدى. ھەممىدىن يامىنى ئۇ، 1971 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى تېخى يېقىندا چەتكە قېچىپ ئايروپىلان پارتلىشى بىلەن يوقالغان ھەم تەنقىد قىلىنىۋاتقان لىن بياۋنىڭ سۈرىتىنى «شىنجاڭ گېزىتى»گە چىقىرىپ قويدى. بۇ ۋاقىتتا مەن شاڭخەيدە ئىدىم. يولداش ئىسمايىلدىن تېلېفون كېلىپ بۇ ۋەقەنى ئېيتتى. شاڭخەيدىن «شىنجاڭ گېزىتى»نى تاپقۇزۇپ ئەكېلىپ قارىسام، راستىنلا لىن بياۋنىڭ يوغان سۈرىتىنى بىرىنچى بەتكە چىقىرىپ قويۇپتۇ. بۇ يەردە لوڭ شۈجىڭنىڭ ئوچۇقتىن ئوچۇق لىن بياۋنى تەشۋىق قىلىش خاتالىقى ئاشكارا بولدى. لىن بياۋ بېيجىڭدىن قاچقاندا جۇ زوڭلى بىر قانچە ئورۇنلارغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ تېلېفون بېرىپتىكەن. جۈملىدىن لوڭ شۈجىڭغا تېلېفون بېرىپ، لىن بياۋنىڭ قاچقانلىقى بەلكىم شىنجاڭغا بېرىپ، بىرەر چاتاق چىقارماقچى بولغانلىقى ئېھتىمال، ھوشيار بولۇڭلار دېگەن تېلېفون بەرگەن ئىكەن. شۇنىڭغا لىن بياۋنى ئوچۇق ئاشكارا گېزىتتە رەسىمىنى چىقىرىپ تەشۋىق قىلىش پارتىيىگە، ماۋ جۇشىغا، جۇڭياڭغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى.

مەن شاڭخەيدە ئىدىم. ۋاڭ خوڭۋېن بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ جۇ زوڭلىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ماڭا لىن بياۋنىڭ ئايروپىلان بىلەن پارتلاپ كەتكەن ۋەقەسى ۋە لىن بياۋنىڭ ئىلگىرىكى قىلغان بىر قاتار سۇيىقەستلىرى توغرىسىدا يەتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن لوڭ شۈجىڭنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم.

www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب مېنىڭ شىنجاڭدا بىرىنچى باش رەھبەرلىك خىزمىتىگە تەيىنلىنىشىم

(بۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىلىقى، خەلق ھۆكۈمىتى-نىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ بىرىنچى شۇجىلى-قى ھەم بىرىنچى سىياسىي كومىسسارلىقى بولۇپ، بۇنى كىشىلەر «4 بىرىنچى» دەپمۇ ئاتىدى.)

مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتى. لىۋ شۇجىڭنىڭ «يىدا سەنفەن» ھەرىكە-تى ناھايىتى ئوچۇق ئاشكارا بۇزغۇنچىلىقتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى پاش بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لىۋ شۇجىڭنىڭ لىن بياۋنى قوللاپ چە-قىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئۈچىنچى باب ھارۋىكەش مىسالى ۋە ماۋجۇشى، داڭجۇڭياڭنىڭ مېنى قوللىشى

— خىزمىتىمدە ئاشۇنداق ھەر خىل توسالغۇ قىيىنچىلىقلار بولۇپ تۇدى. بەزىلىرىنى جۇڭگياڭغا دوكلات قىلىپ تۇردۇم، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى قىيىنچىلىقنى ئۈستۈمگە ئېلىپ بولسىمۇ مېنى قوللايدىغان يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ھەل قىلىپ تۇردۇم. ئەمما قىيىنچىلىقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. مۇشۇنداق بىر كۈنلەردە 1972 ـ يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرى بولسا كېرەك، جۇڭگياڭ شىنخۇاشېنىڭ ئىككى مۇخبىرى بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. ئۇلار خىزمەتلەر بىلەن تونۇشتۇق. ئۇتۇق ياخشى ئىكەن قىيىنچىلىقمۇ بار ئىكەن، زادى قانداق مەسىلىلەر بار، سىزنىڭ قانداق پىكىرىڭىز بار، مۇشۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشسەك، دېدى. مەن ئۇلار بىلەن ئەھۋاللارنى يوشۇرماي بار مەسىلىلەرنى، قىيىنچىلىقلارنىمۇ ئېيتتىم. كېيىن مەن ئۇلارغا «ئۇيغۇرلاردا ھارۋىكەشنىڭ بىر تەمسىل سۆزى بار ياكى بىر خەلق ماقالىسى بار! ئۇياققا تارتسا ھارۋا سۇنىدۇ، بۇ ياققا تارتسا ئات ئۆلىدۇ» دەيدۇ. مەن ھازىر ئاشۇنداق بىر ھارۋىكەش بولۇپ قالدىم... ھەيدەۋاتقان ھارۋام ئارتقان يۈكۈم ناھايىتى ئېغىر. ئوڭ يېنىمدا چوڭ ئورەك، سول يېنىمدا دەريا، يولۇم تاشلىق، ئېگىز ـ پەس، ئېتىمنىڭ ھارۋىنى تارتىش قىيىن، ئوڭغىمۇ سولغىمۇ ھارۋىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار. لېكىن مەن ئىلاج قىلىپ ھارۋىنى ئوڭغىمۇ سولغىمۇ قويۇپ بەرمەي، ئاشۇ تاشلىق يولدا يەنە ئىلگىرىلەپ ئاخىرى تۈز يولغا چىقىش نىيىتىم بار. مېنىڭ ۋەزىپەم، مېنىڭ يولۇم، مېنىڭ ئۈستۈمدىكى قىيىنچىلىق خۇددى ئاشۇ ھارۋىكەشنىڭ ھالىغا ئوخشايدۇ، دېدىم. ئۇلار بۇ سۆزنى ناھايىتى دىققەت بىلەن خاتىرىلىۋالدى. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بېيجىڭدىن لى دېڭشاڭ يولداشتىن تېلېفون كەلدى (ئۇ ۋاقىتتا ئۇ جۇڭگياڭ جېڭجىجۇ ۋېييۈەنى ئىدى.) ئۇ كىشى تېلېفوندا «سىز شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن سۆزلەشكەنسىز، قىيىنچىلىقە-

www.uyghurkitap.com

ڭىزنى ئېيتىپ بىر هارۋىكەشنىڭ مىسالىنى سۆزلەپ بېرىپتىكەنسىز، ماۋ جۇشى مۇشۇ دوكلاتنى كۆرۈپ، جۇ زۇڭلىغا: «سەيپىدىن قىيىنىلىپ قالدى، ياردەم قىلىڭلار» دەپتۇ. هازىر جىڭجىجۇدە بىز ماۋ جۇشىنىڭ ئاشۇ يوليورۇقىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز. هازىر ياردەم قىلىش ئۈچۈن سىلەرنى بېيجىڭگە چاقىرايلىمۇ؟ ياكى بىز ئادەم ئەۋەتەيلىمۇ، دېگەن مەسىلىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ توختاپ قالدۇق. جوزۇڭلى ماڭا سىزگە تېلېفون بېرىپ، سىلەر كېلەمسىلەر، بىز بارايلىمۇ؟ سىزنىڭ پىكىرىڭىز قانداق؟ دەپ سورىدى. مەن، بىز بېيجىڭگە چىق بېرىپ كەلدۇق. ئەمدى سىلەر كېلىپ باقساڭلار قانداق، دېدىم. ئۇ ئادەم كېيىن جاۋابىنى بېرىمەن دېدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن شۇ كىشىدىن تېلېفون كەلدى. مەزمۇنى جۇڭياڭ سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلدى، مەن (لى دېشېڭ) هەم ۋاڭ خوڭۋېن ئىككىمىز بىر خىزمەت گورۇپپىسى ئېلىپ بارىدىغان بولدۇق. ئەتىلا يولغا چىقىمىز، — دېدى. ئۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، بولۇپمۇ ماۋ جۇشىنىڭ مېنىڭ پىكرىمگە يەنى ئاشۇ هارۋىكەش مىسالىغا ئالاهىدە دىققەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ مۇهىم يوليورۇق بەرگەنلىكىگە ئىنتايىن خوشال بولدۇم. مۇزاكىرە قىلىپ ئاخىرى مەسئۇل يولداشلاردىن خىزمەت گورۇپپىسى ئەۋەتىپ ماڭا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خوش بولدۇم.

خىزمەت گورۇپپىسى كەلدى. يولداش لى دېشېڭ ۋە ۋاڭ خوڭۋېندىن باشقا جۇ زۇڭلىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بىر نەچچە مىنىستىرلىكلاردىن مەسئۇل ئادەملەر كەپتۇ. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئىشلىرىغا ياردەم قىلىش تاپشۇرۇقى بىلەن كەپتۇ. بىز ئۇلارغا ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدۇق، ئۇچراشقان مەسىلىلەرنى ئېيتتۇق، مەسىلىلەرنى هەل قىلىش توغرىسىدىكى ئۆزىمىزنىڭ تەدبىرلىرىمىزنى ئېيتتۇق. ئەمدى تەدبىرلىرىمىز تازا ئەمەلگە ئاشۇرمايۋاتقانلىقى، قىيىنچىلىقلارنىڭ ناهايىتى چىق بولۇۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن مەلۇم توسالغۇلارنىڭمۇ يەنە مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتۇق. يولداشلار يەنە ئەھۋالنى ئەتراپلىق ئېيتتى. شىنجاڭ مەسىلىسىنى قانداق هەل قىلىش ئۈچۈن هەر خىل سۆھبەت مۇزاكىرىلەرنى ئۇيۇشتۇردى. ئاخىرى بۇلار شىنجاڭدا تۇرغان مەزگىلدە ئىدىيىۋى تالاش بولسىمۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى بولسىمۇ بۇلارنى جۇڭگىياڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە ھەم مېنىڭ پىكىرىمنى ئاساسەن قوبۇل قىلىپ ھەل قىلدى، ياكى بولمىسا ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىسى، مەدەنىي مائارىپ تەرەققىياتى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇلار ناھايىتى ياخشى تەدبىر چارىلەرنى كۆردى. بۇ ئىش ناھايىتى ياخشى بولدى. كېيىن ئۇلار كېتىش ۋاقتىدا مەندىن: «ئەمدى ھارۋا ھەيدىشىڭىزدە يەنە قىيىنچىلىق بولارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن قىيىنچىلىق چوقۇم بولىدۇ، ئەمدى ھارۋىنىڭ مېڭىشى ئاۋۋالقىدىن ئاسانراق، ھەم تېزرەك بولۇشتا، نىشانغا چاپسانراق يېتىپ بېرىشتا جىق ئاسانلىق تۇغۇلىدۇ دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇلار رازى بولغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن قانداق مەسىلىلەر بولسا ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگىياڭغا دوكلات قىلىپ تۇرۇڭ، دەپ قايتتى.

جۇڭگىياڭنىڭ بۇ قېتىم مېنىڭ مۇنداق چوڭ قوللىشى، مۇنداق چوڭ ياردەم قىلىشى، ماڭا بەك چوڭ مەدەت بولدى. ئۈمىدىم كۈچەيدى، غەيرىتىم ئاشتى. ئەمدى تېخىمۇ تىرىشتىم، جۇڭگىياڭنىڭ ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلىنىڭ مېنى ئىلگىرىدىن تارتىپلا ناھايىتى ياخشى قوللاپ كېلىۋاتقانلىقى، بولۇپمۇ مۇھىم مەزگىللەردە، شىنجاڭدىكى مەسئۇل كادىرلار بىلەن تالاش بولۇپ قالغان چوڭ مەسىلىلەردە جۇڭگىياڭ مېنى قوللاپ مېنىڭ پىكىرىمگە قوشۇلۇپ كەلگەنلىكى ماڭا چوڭ مەدەت ئىدى.

مەن شىنجاڭنىڭ خىزمىتىدە ھەر خىل قىيىنچىلىق ھەر خىل توسالغۇلارغا ئۇچراپ، رەنجىتىش، كۆڭلى يېرىم بولۇش ئىشلىرى داۋاملىق بولسىمۇ يەنە جۇڭگىياڭ ـــ ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلىنىڭ مېنى قوللاپ تۇرغانلىقى، ماڭا ئىلھام بېرىپ تۇرغانلىقى ماڭا چوڭ مەدەت بولۇپ تۇرغان ئىدى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى جىددىي ۋاقىتتا مېنى باش رەھبەر قىلىپ ماڭا ئىشىنىپ شىنجاڭنى تاپشۇردى. بۇ بولۇپمۇ، ناھايىتى چوڭ بىر ئىلھام ھەم مەدەت ئىدى. ئۇنىڭدىن بېرىكى تۇرغان مەسىلىلەرگە يەنە ئاشۇنداق ئاكتىپ قوللاش مۇئامىلىسىگە كەلدى. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى مۇخبىرلار سۆھبىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ماۋ

جۇشنىڭ دەرھال يولىيورۇق بېرىشى، جېڭجىجۇنىڭ تېزدىن مۇزاكىرە قىلىپ، دەرھال خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشى، مېنىڭ ئۈيلىغىنىمدىن ئارتۇق چوڭ ياردەم ھەم مەدەت بولدى. شۇنى ئېيتىشىم كېرەك، ئەگەردە ئىلگىرىدىن تارتىپ خىزمەتتە ھەرىكەتتە مەركەز، ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلى مېنى قوللاپ كەلمىگەن بولسا، مېنىڭ كەمچىلىكىم تېخىمۇ كۆپەيتتى. مەن شۇنى ئېيتىشىم كېرەك، بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ ۋاڭ ئىنماۋ، (بىر مەزگىل لوڭ شۇجىڭ) ئاللىقاچان مېنى ئىرغىتىپ تاشلىماق بولغان ئىدى، يەنى ۋاڭ ئىنماۋ ئېيتقان ھېلىقى شىنجاڭدىكى چوڭ پۇتلىكاشاڭ ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «بەنجاۋشى» نى ئاللىقاچان ئېلىۋەتمەكچى ئىدى. بىراق، مۇنداق قىلىش قولدىن كەلمىدى، چۈنكى جۇڭگىياڭ ماۋ جۇشى مېنى قوللاپ، ماڭا مەدەت بېرىپ كەلدى.

ئىشىمىز ئۇڭۇشلۇق بولۇپ شىنجاڭ ئەسكىرى ئاساسىي قىسمىدىن ئىقتىسادنى يېڭى باسقۇچقا كۆتىرىش، يېزا ئىگىلىكنى ياخشىلاش، ئەڭ مۇھىمى بىر باشلاپقى سانائەت سىستېمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. مېنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرىمنى جۇڭگىياڭنىڭ تولۇق قوللىغانلىقى بۇ ماڭا ناھايىتى ئىلھام بولدى. غەيرەت، ئىشەنچ ئاشتى.

## تۆتىنچى باب يەنە پۇتلىكاشاڭ

ئىشلار خېلى كۆڭۈلدىكىدەك كېتىپ بارغاندا يېڭى پۇتلىكاشاڭ چىقىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئاساسى يەنە شۇ ۋاڭ ئىنماۋنىڭ ئىلگىرىكى «سەنتوگى» تەرەپدارلىرىدىن كەلدى. ياڭ يوڭنىڭ قارشىلىقى پەيدا بولدى. ياڭ يوڭ مېنىڭ رازىلىقىم بىلەن ھەم قوللىشىم بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قوماندان بولۇپ كەلگەن. بۇ ئادەم خېلى ياخشى مەيداندا تۇرۇپ، مېنىمۇ ئوبدان قوللاپ ئىشلەپ كەلگەن ئىدى. لېكىن كېيىن نېمە ئۈچۈنكى، ئۆزگىرىپ، يەنە ھېلىقى ماڭا پۇتلىكاشاڭلىق قىلغان ئادەملەرنى قوللاش تەرەپكە يۆتكىلىپ كەتتى. بۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ مەن جۇڭگياڭغا ئېيتتىم. كېيىن يولداش يې جەنيىڭ ياڭيوڭغا ئېيتقانلىرىنى ئۇ مېنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى ماڭا دېدى. بوپتۇ، ياخشى دېدىم، ئەمما ئۇنىڭ ئويىنى توختىمىدى. ئىش قىلىپ ماڭا قارشى تەرەپنى بارغانچە كۆپرەك قوللاپ كەلدى. بۇ يەردە ئىلگىرىدىن تارتىپ ماڭا قارشى بولۇپ كەلگەن نەچچە ئاتالمىش «مىللىي ئاكتىپلار» بار ئىدى. ئۇلار يەنە بۇنى تېپىپ ئۇنى تېپىپ، ۋاڭ ئىنماۋ ئاكىسى كەتكەن بىلەن ياڭ يوڭ تاغىسىنى تېپىپ ياكى بولمىسا باشقا تەدبىرلەر بىلەن پۇتلىكاشاڭلىق قىلىۋەردى. مۇنداق ئەھۋالدا خىزمەتتە يەنە يېڭى قىيىنچىلىقلار مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بىراق، مەن غەيرىتىمنى بوشاشتۇرماستىن خىزمەتنى ئىشلەۋەردىم. ھەربىي رايوندا ياڭ يوڭدىن باشقا گاۋ لىنشاڭ دېيدىغان مۇئاۋىن باش قوماندان بار ئىدى، ئۇمۇ كاشىلىچىلار تەرەپكە ئۆتتى. ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدىم.

www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى باب  تەجرىبە ساۋاقلار

ئۆتكەن بۇ مەزگىلدىكى، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم تەجرىبىلەر، ئاچچىق ساۋاقلار كۆرۈلدى. مەن ھازىرغىچە بولغان ئوتتۇز نەچچە يىل داۋامىدا قىلغان ئىشلىرىمنى، قىلالىغان ئىشلىرىمنى، ھەم ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن بىر قانچە يىللىق تەجرىبە ساۋاقلار يىغىپ تېرىپ كەلدىم. مەن شۇنى ئېيتىشىم كېرەك، رەھبەرلىك سەن بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان ئادەملەرنىڭ راست قەلبىدىن قوللىشى بولمىسا، مەدەت — ياردىمى بولمىسا، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس» دېگەندەك ئىشلاردىن نەتىجە چىقىرىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. مەن ئەڭ مۇھىمى ئازاتلىقتىن ئىلگىرىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتتە، بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئالدى بىلەن ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلىنىڭ شۇ بىلەن خەلققە، خەلق ئىشىغا، ئىنقىلابىي ئىشلارغا، پارتىيە ئىشىغا سادىق بولغان، مېنى چۈشەنگەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھەم كادىرلارنىڭ چوڭ يۆلىشىگە، ياردىمىگە ئىگە بولدۇم. ئەگەر مۇنداق بولمىسا مەن خىزمىتىمدە ئاشۇنچىلىك ئۇتۇق قازانمىغان بولاتتىم. بولۇپمۇ ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلى، ليۇ شياۋچى قاتارلىق مۇھىم رەھبەرلەرنىڭ قوللىشى ماڭا چوڭ روھىي ھەم ئىدىيىۋى مەدەت بولدى. بۇ ئالاھىدە ئەھۋال. ئەمدى بىر مۇنچە كىشىلەر، جۇڭياڭجۈيى، خەلق ھۆكۈمىتى، ھەربىي رايون رەھبەرلىكىدىكى بەزى توغرا نىيەتتە بولمىغان ئادەملەر، بۇ يەنە بىر قىسىم ئاتالمىش «ئاكتىپ» مىللىي كادىرلار، مېنى ياخشى قوللىمىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەر خىل چارە تەدبىرلەر بىلەن مېنىڭ ئىشىمگە پۇتلىكاشاڭ بولدى، ھەر خىل ئىغۋالار توقۇپ ماڭا قارشى بولدى.

مېنىڭ خىزمىتىمدە ئۇتۇق يەنە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن ئەمەلىي خىزمەتتە خاتالىقلىرىمۇ ئاز بولمىدى. ئەڭ مۇھىمى مەن خەلقنىڭ، پارتىيىنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى تولۇق ئاقلىيالمىدىم. بۇنىڭدا قابىلىيىتىمنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئىدىيە سەۋىيەمنىڭ تۆۋەنلىكى ھەم مېنىڭ پاسسىپ مەسىلىلەرگە ئوبدان تەدبىرلەر قىلالمىغ-

شىم يېتەرلىك بولمىغانلىقى ــــ بۇ ئاساسىي بىر سەۋەب.

مەن يۇقىرىدا ئېيتقان بىر قىسىم مىللىي، خەنزۇ، يەنە بىر قەسىم ئاتالمىش ئاكتىپ مىللىي كادىرلارنىڭ قارشىلىقى تۇسالغۇسى ماڭا جىق تەسىر يەتكۈزدى. مەن شۇنى ئوچۇق ئېيتىشىم كېرەك، ئەگەردە ماۋ جۇشىنىڭ، جۇ زۇڭلىنىڭ مېنى بولۇپمۇ ھەر بىر مۇھىم مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگىنىمدە قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، ياخشى يولىيورۇق مەدەت بېرىپ تۇرۇشى، ماڭا قارشى بولغان كاشىلىلار ۋە شەخسلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى ــــ بۇ ئالاھەدە ئەھۋال بولمىغاندا مېنىڭ خىزمىتىمدە مۇنچىلىك ئۇتۇق بىر ياقتا تۇرسۇن، مەن خېلى ئىلگىرىلا چەتكە قېقىلغان بولاتتىم. ۋاڭ ئېنماۋ، لوڭ شۇجىڭ، ۋاڭ فېڭلارنىڭ ئۆزىگە قاراتقان مەندىن ئىبارەت مىق (ئاتالمىش «بەن جياۋشى») نى ئاللىقاچان يوقىتاتتى.

ئەپسۇسكى، كېيىن ماڭا توغرا رەھبەرلىك قىلىپ كەلگەن قەدىردان ماۋ جۇشى، جوزۇڭلى ۋاپات بولدى. مۇنداق باش قوماندانلاردىن ئايرىلدىم. ئەمدى ماڭا قارشى بولغان ئادەملەرگە پۇرسەت كەلدى، مېنى ئىلگىرىكىدەك مۇھىم پەيتلەردە كۈۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان ئادەملەر بولمىدى، ھېلىقى ماڭا قارشى ئادەملەرگە مەدەت بېرىدىغان، ئۇنى قوللايدىغان، مەن بولمىسام شىنجاڭدا كىشىگە ئېيتىشقە بولمايدىغان مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئادەملەر ئاخىرى مېنى يىقىتتى. ۋاڭ فېڭنىڭ شىنجاڭغا سۇيىقەستلىك ئەۋەتكەن ۋە ئۇنى قارشى ئالىدىغان ئۇنسۇرلار مەقسەتكە يەتتى.

ئەمما، ئۇلار ئاخىرى مەقسىتىگە تولۇق يېتەلمىدى. سەيپىدىندىن ئىبارەت بۇ «پۇتلىكاشاڭ» دىن قۇتۇلالمىدى. ئاكتىپ ئەرباب يەسەيسەننىڭ مەسىلىسى مىللىي مەسىلە، خەلقارا مەسىلىلەر، دىققەت قىلىش كېرەك، دېيىشكە مەجبۇر بولدى. شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلق ۋە كادىرلار مېنى قوللاپ يازسىمۇ، شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر قىلدى.

# ئون ئىككىنچى قىسىم

## ۋاڭ فېڭنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە يېڭى ئىغۋاگەرچىلىك

www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب ۋاڭ فېڭ ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنىڭ باشلىنىشى

شىنجاڭغا ۋاڭ فېڭ كەلدى — بىر ئاپەت كەلدى. جوڭشياڭ زۇجە-
بۇنىڭ جوڭشياڭ ۋاڭ فېڭنى شىنجاڭغا ئىككىنچى باش قىلىپ ئەۋەتىش
پىكرى بار، سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟ جوڭشياڭ سىزدىن سورايدۇ؟
دەپ بىر تېلېفون كەلدى. (بۇ 1977 - يىلى ياز ۋاقىتلىرى ئىدى)، بۇ
خەۋەرنى ئاڭلاپ مەن بەك چۆچۈدۈم. مەن ۋاڭ فېڭنى ياخشى بىلەتتىم.
ئازاتلىقنىڭ دەسلەپىدە مەن مىللىي ئىشلار كومىتېتىدا فۇ جۇرىن
بولغان ۋاقىتلىرىمدا بېيجىڭدە ئۇنىڭ سۆز ھەرىكىتىدە ياخشى ئادەم
ئەمەسلىكىنى سەزگەن ئىدىم. ئۇ، يالغان - ياۋىداق سۆزلەش، ياخشى
كىشىلەرگە بەتنام چاپلاش، خىزمەتتە غەرەزلىك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قو-
يۇش ئادەتلىرى دائىم كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ قالايمىقان ئىش-
لىرى ئاز بولمىدى. 1961 - يىلى بولسا كېرەك، ئۇ نىڭشاغا فۇشۇجى
قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي بىرىنچى شۇجى لىيۇ گوپىڭ
بەزى كەمچىلىك خاتالىقلىرىنى تۇتۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا چوڭ ھۇجۇم
باشلىدى. نىڭشادا لىيۇ گوپىڭنى كۆرەش قىلىش ئۈچۈن يۈز كۈن مەج-
لىس ئاچتى. ئاخىر لىيۇ گوپىڭنى يىقىتىپ بىرىنچى شۇجى بولدى.
ئاندىن كېيىن گەنسۇغا شۇجى بولۇپ ئەۋەتىلىپ بىرىنچى شۇجى(؟)
نىڭ شۇجىلىقىنى تارتىۋالدى. دېمەك، ۋاڭ فېڭ كونا «ھوقۇق تارتىۋال-
غۇچى» ئىدى.

ۋاڭ فېڭ شىنجاڭغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا نورمال بولمىغان ھە-
رىكەتلەر قىلىشقا باشلىدى. ئۇ خەنزۇ كادىرلار ئىچىدىكى ۋاڭ ئىنماۋ-
نىڭ ئىلگىرىكى سەنتولىرىگە قاتناشقان ئادەملەرنى تاپتى. مىللىي كا-
دىرلار ئىچىدىكى ماڭا قارشى بولغان پىتنىچىلەر، ئىغۋاچىلارنى تاپتى،
ياكى بولمىسا ئۇلار ۋاڭ فېڭنى تاپتى. ئىش قىلىپ ئىغۋاگەرلەر تې-
پىشتى. بەزى ئادەملەر، (مەسىلەن، تۆمۈرگە ئوخشىغان كىشىلەر) ۋاڭ
فېڭ كېلىپلا ئەتىسى كۈنى بېرىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىن «شىكايەت» قى-

لىپ يىغلاپ كۆز يېشى قىلىپتىمىش. بىر مۇنچە ياخشى كادىرلار ۋاڭ فېڭنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى سېزىپ نارازى ئىدى. ئۇلار ۋاڭ فېڭنىڭ قانداقتۇر نورمالسىز ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى بولۇپ تۇردى. بەزى گەپ سۆزلىرىدىن ۋاڭ فېڭمۇ ئۆزىمۇ سەزدۇردى. مەسىلەن «شىنجاڭدا سىرىنباڭنى پېپەن قىلىش ياخشى بولماپتۇ، شىنجاڭدا پارتىيەنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش ۋە باشقىلار...» ئۇ بىر كۈنى جۇداڭۋېينىڭ چاڭۋېي مەجلىسىدە: «شىنجاڭدا تېخى قەبىلە توقۇنۇشى بار ئىكەن، هۆكۈمەت رەهبەرلىرىنى قەبىلە باشلىق ئاقساقال» دەپ ئاتايدىكەن دېدى. مەن، بۇ سۆزنى كىم ئېيتتى؟دەپ سورىسام «تۆمۈر يولداش» دېدى. تۆمۈر ئۇنلەغان قازاقلار سەيپىدىن ئاقسال بىزگە باشلىق، دەيدۇ، دەپتىمىش. قازاقلارنىڭ ئادىتى بويىچە، كېيىن ئۇيغۇرلارمۇ هۆرمەت قىلىپ مېنى «ئاقساقال» دەپ ئاتايدىغان بولغان. خەنزۇچە «لاۋرېنجيا» دېگەن سۆز. قىزىقى، تۆمۈر بۇ سۆزنى بىلىپ تۇرۇپ ئىشقا ئىشلەتكەن.

بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئىغۋا توختىمىدى. كېيىن ۋاڭ فېڭ جۇداڭۋېينىڭ چاڭۋېي مەجلىسىدە «سەيپىدىنىنىڭ مەسىلىسى» دېگەن ئاتالمىش «مەسىلە» كۆتىرىپ چىقتى. مەن بۇنىڭغا هەيران قالدىم، ئۇنىڭغا «مەسىلەن بولسا ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرە قىلىش كېرەك» دېدىم. ئەمدى ۋاڭ فېڭ جۇڭيادىكى كىملەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلدى، ئۇ ماڭا مەلۇم ئەمەس. ئىش قىلىپ «جۇڭيانىڭ رەهبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى» دەپ ئۇرۇمچىدە تىلىڭ دەرىجىدىن يۇقىرى كادىرلار قاتناشقان بىر مەجلىس چاقىرىپ مېنى «تەنقىد» قىلىشقا باشلىدى. بۇ مەجلىستە ئالدى بىلەن تەييارلاپ قويۇلغان ۋاڭ فېڭ «ئاكتىپلىرى» مېنىڭ ئۈستۈمدىن «شىكايەت» قىلىشقا باشلىدى. بەزى ئاتالمىش ئاكتىپلار سەكرەپ مەيدانغا چىقتى. تۆمۈر داۋامەت يالغاندىن يىغلاپ كۆز يېشى قىلىپ «سەيپىدىن مېنى ئەزدى» دەپ شىكايەت قىلدى. چىقمىغان يالغان ياش بىلەن ئاتالمىش «ئەزگەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانلار پىخىلداپ كۈلەتتى. بۇ مەجلىستە كىم نېمە دېمەكچى بولغانلىقى، كىم ۋاڭ فېڭنىڭ ئىغۋا گېپىگە ئەگەشكۈچىلەر، كىم ئەگەشمەيدىغانلار، ياكى بولمىسا جىم ئولتۇرۇپ گەپ قىلماي تۇرىۋالىدىغانلار ناهايىتى ئاشكارا

بولدى. ماڭا كېلىپ بۇ ئىشقا نازارىلىقىنى بىلدۈرگەن يولداشلارمۇ ئاز
بولمىدى. مەن «ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خاتالىق بولسا ئۆزگەرتىش،
داۋاملىق ئالغا بېسىش» دېگەن پوزىتسىيىدە قاتتىق تۇرۇپ كەلدىم ھەم
خۇاڭ گون (م.ن رەئىسى) بىر نەچچە قېتىم تېلېفون بەردىم.

ۋاڭ فېڭ بۇنىڭ بىلەن توختىمىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ
بېيجىڭدە قوللاۋاتقان ئادەملەر بولغاندىن تاشقىرى شىنجاڭدا ۋاڭ فېڭ،
گاۋ لىنشاڭ، جۇنچۇنىڭ فۇسىلىڭ( بېيجىڭدە ياڭ يوڭ )بۇ ۋاقىتتا ياڭ
يوڭ بېيجىڭگە قايتىپ كەتكەن(شەرقىي شىمالدا ۋاڭ ئىنماۋ )بۇ ۋاقىت-
تا جىلىن ئۆلكىسىنىڭ داڭۋېي فۇشۇجى ئىدى.( قاتارلىقلار يىراقتىن
تىل بىرىكتۈرۈپ ئىغۋا تارقىتىپ تۇرۇپ ئارىكەش قىلىۋاتقانلىقى
ئاشكارا بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەن جۇڭگىياڭنىڭ بۇ ئەھۋا-
لىنى تەكشۈرۈشنى تەكرار تەلەپ قىلدىم.

1977 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا جۇڭگىياڭ چۇداڭۋېي چاڭۋېيە-
نىڭ ئاساسي مەسئۇللىرىنى بېيجىڭگە چاقىرىپ مېنىڭ مەسىلەمنى
مۇزاكىرە قىلدى. جۇڭگىياڭدىكى كەيپىيات بىر نەچچە ئادەم ۋاڭ فېڭنى
قوللاش، يې جيەنيىڭ، خۇا گوفېڭغا ئوخشاش بىر قانچە كىشى «ۋاڭ
فېڭنى قوللىماسلىق، بۇ مەسىلىنى ياخشى مۇزاكىرە قىلىش كېرەك»
دېگەن پىكىردە ئىكەن. مەن يەنە ھېلىقى ئاۋۋالقى پىكىرىمنى تەكىتلەپ
تۇردۇم. جۇڭگىياڭدىن ئايرىم ئادەم قاتناشتۇرۇپ شىنجاڭلىقلارنىڭ مەج-
لىسى داۋام قىلدى. جېڭجىجۇنىڭ مەجلىسىدە مېنىڭ مەسىلەمنى
مۇزاكىرە قىلغاندا مېنى قاتناشتۇرمىدى (بۇ ۋاقىتتا مەن تېخى جېڭ-
جىجۇنىڭ كاندىدات ئەزاسى ئىدىم.) ئاشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئېغىر
روھىي ئازاب بىلەن بېيجىڭدە بىر قانچە كۈننى ئۆتكۈزدۈم. كېيىن
مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ناھايىتى ئوچۇق بولدى. ئاساسى مەقسەت: مېنى
خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلاش ۋاڭ فېڭنى تەختكە چىقىرىش ئىكەن. مەن
ئەمدى «بولغاننى كۆرىمەن» دەپ ئۆز پوزىتسىيەمدە چىڭ تۇرۇپ ئول-
تۇرىۋەردىم.

ۋاڭ فېڭ مېنىڭ ئۈستۈمدىن مۇشۇنداق ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىغان
ئىغۋالىرىنى ئۆزى توقۇغان ئىغۋالارنى ياساپ جۇڭگىياڭغا بېرىپ تۇرغان-
لىقى مەلۇم بولدى. ئۇ ۋاقىتتا يولداش خۇا گوفېڭغا ھەم داڭجۇڭگىياڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مېنىڭ ئۇستۇمدىن بەزى ئىغۋالار كۆپىيىمەكتە. بۇنىڭغا نارازى مەن. مېنىڭ خىزمەتتە كەمچىلىك، خاتالىقلىرىممۇ ئاز ئەمەس. مېنىڭ پوزىتسىيەم، خاتالىقنى تۈزىتىش، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت دېگەن، مەزمۇندا ئۆزۈمنىڭ پىكىرىنى يوللاپ تۇردۇم.

ئىچ ـ ئىچىمدىن غەزەپ قايناپ تۇرسىمۇ ئۆزۈمنى قاتتىم باستىم. ھەقىقەت ـ يەنىلا ھەقىقەتتۇ، دەپ سەۋرى قىلدىم.

كېيىن لى شەننيەن بىزنى چاقىرىپ مەركەزنىڭ ئۇستۇمدىن چىقىرىلغان جۇڭخياڭ يەنە 9 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئېلان قىلدى. مەن: مېنىڭ مەسىلەمنى جۇڭخياڭ قايتا مۇزاكىرە قىلىپ باقسۇن دېگەن تەلەپ قويدۇم. لى شەننيەن مۇزاكىرە قىلىپ بولغان دېدى.

گاۋ لېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ھۆرپىيىپ: «بۇ قانداق پوزىتسىيە؟ يېنىڭدا قورال بارمۇ؟» دەپ كەلمەسمۇ، مەن غەزەپ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ «قورال بولسا نېمە قىلماقچىدىڭ؟» دەپ غەزەپ بىلەن «نېمە؟ مۇشتلاشماقچىمۇ؟ كېلە قېنى؟» دەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. لى شەننيەن

www.uyghurkitap.com

گو لىشاڭنى ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرغۇزۇپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئىككىنچى باب «1 ـ ھۆججەت» نىڭ چىقىشى ۋە شىنجاڭدا «پىسەيۇندوڭ»نىڭ باشلىنىشى

بېيجىڭدىكى مەجلىس جەريانىدا جوڭگىياڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن
شىنجاڭدىن كەلگەنلەر «مەجلىسنىڭ جىياۋىسى» دېگەن ھۆججەت لايە-
ھىسىنى ئىشلەپ چىقتى. بۇ ھۆججەت لايىھىسى بىر جۈملە سۆز بىلەن
ئېيتقاندا «سەيپىدىننىڭ جىنايەتلىرى» دىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھۆججەت
توغرىسىدا مەن ئۆزۈمنىڭ نارازىلىقىمنى ئېيتتىم. بۇنىڭغا قارىماي
جوڭگىياڭ ئاشۇ ھۆججەتنى تەستىقلىغان، بىر ھۆججەت تارالدى. بۇ «بى-
رىنچى ھۆججەت» دەپ ئاتالدى. (چۈنكى ئۇ 1978 ـ يىلىنىڭ جوڭگىياڭ
تارقاتقان بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججەت ئىدى) مېنى ھەم شىنجاڭلىقلار-
نى چاقىرىپ لى شەننەن يولداش جوڭگىياڭنىڭ مېنىڭ توغرىدىكى قارا-
رىنى ھەم ئاشۇ بىرىنچى ھۆججەتنىڭ روھىنى ئاڭلاتتى. مەن بۇنىڭغا
قەتئىي نارازىلىق بايان قىلدىم. مەن شىنجاڭنىڭ تەييارلىغان جىياۋىسى
پۈتۈنلەي خاتا، قوشۇلمايمەن، دېدىم. ئاندىن جوڭگىياڭ «بىرىنچى ھۆج-
جەتنى شاللاپ تارقاتمىسا، جوڭگىياڭ مېنىڭ مەسىلەمنى يەنە قايتىدىن
ئويلىشىپ باقسا» دەپ تەلەپ قويدۇم. يولداش لى شەننەن، جوڭگىياڭ
ئويلىشىپ بولغان، مۇشۇ ئاخىرقى قارار، دېگەن مەزمۇندا جاۋاب بەر-
دى. مەن «يەنە ئويلىشىپ باقسا» دېگەن تەلەپنى قويدۇم. لى شەننەن
جاۋاب بەرمىدى. گاۋ لىشاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ: «سەن جوڭگىياڭنىڭ قارا-
رىغا قارشى بولدۇڭ، سەن نېمە دېمەكچى؟» دەپ ئالدىمغا كېلىپ: «سې-
نىڭ يېنىڭدا قورال بارمۇ ـ يوقمۇ؟» دېدى. ئاران تۇرغاندا ۋۇجۇدۇمدىن
غەزەپ قوزغالدىم ھەم دەس ئورنۇمدىن تۇرۇپ: «خوش نېمە دېمەكچى-
سەن؟ قورال بولسا نېمە قىلماقچى ئىدىڭ؟ سەن قارىغاندا مەن بىلەن
مۇشتلاشماقچى ئوخشىمامسەن؟» دەپ مۇشتۇمنى تۈرۈپ ئورنۇمدىن
قوپقان ئىدىم، ئۇ قورقۇپ كەينىگە چېكىندى. لى شەننەن گاۋ لىنشاڭ-
غا «سېنىڭ توغرا ئەمەس، ئولتۇر» دەپ قويدى. جاڭجال بېسىلدى.

ئۇ ۋاقىتتا مەن گاۋ لىنشاڭنى ئۇرۇپ غەزىپىمنى چىقارماقچى ئى-

www.uyghurkitap.com

دىم. گاۋ لىنشاڭغا كۈچۈم يېتەتتى. مەن ياش ۋاقتىمدا چېلىشچى ئىدىم. ھېچ بولمىغاندا مەن ئۇنى يانپاشقا ئېلىپ يەرگە يىقىتىپ مەيدىسىگە بىر دەسسەپ ئالماقچى ئىدىم. كېيىن لى شەنيەن گاۋ لىنشاڭنى ئۆلتۈرغۈزۈپ ماڭا مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، خاپا بولماڭ، ئۆلتۈرۈڭ دەپ ئىشنى . شۇنىڭ بىلەن «بىرىنچى ھۆججەت» ئېلان قىلىندى.

كېيىن مەن ئۆيگە كىرسەم ئۆيدىكى تېلېفون سىممىنى مەن كەلگۈچە ئېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدا ئادەتتىكى تېلېفون، مەخسۇس تېلېفون بولۇپ بىر نەچچە تېلېفون بار ئىدى. كېلىپ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەن ناھايىتى غەزەپلەندىم، مېنىڭ يېنىمدىكى ساقچى بالىلار، دوختۇرلار ناھايىتى ئېچىنىپ ماڭا كۆڭۈل قويدى.

بۇ ۋاقىتتا ئايىملار ئۈرۈمچىدە ئىدى. ئۇلار 1978 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا ئاندىن ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلدى. مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئۆزۈم يالغۇز تارتقان ئەلىمىم ئاز بولمىدى. مەن يۈرەك ئاغرىقىغا دۇچار ئىدىم. مۇشۇنىڭ بىلەن مېنىڭ يۈرەك ئاغرىقىم يەنە كۈچەيدى. دوختۇر، سېستىرالار يېنىمدىن ئايرىلمىدى، دورا بىلەن بولسىمۇ كېچىلىك بىلەن بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدۈم. باشقا غېرىپلىق چۈشكەندە كىشى يەنا تارتىشقا مەجبۇر بولىدىكەن. ماڭا كەلگەن پالاكەت مېنى ناھايىتى نۇرغۇن ئويلاتتى. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ، مەن شۇنداق جىنايەت قىلدىممۇ، نېمە ئۈچۈن ۋاڭ فېڭ يەنە باشقىلارنىڭ ئىغۋاسىغا مەركەز ئىشىنىدۇ؟ شۇندىن كېيىن ئويلاپ ئويلاپ مەن شۇنداق ئويغا كەلدىم. ماۋ جۇشى، جوزۇڭلى يوق ئىدى، ئەگەر شۇلارنىڭ مېنى قوللىشى بولمىسا بۇ پالاكەت خېلى ئىلگىرى كەلگەن بولاتتى. ۋاڭ ئىنماۋلار ئىلگىرى قۇترىغان بولسىمۇ، ماۋ قۇشى، جوزۇڭلىلار ئۇلارغا يول قويمىغان ئىدى، ئىشنى باشقىلار ئەمەلگە ئاشۇردى. يەنى ۋاڭ ئىنماۋلار ئېلىۋېتەلمىگەن «توسالغۇ تاش» (بەنجياۋشى) نى ۋاڭ فېڭ ۋە ئۇنى قوللىغۇچىلار ئېلىۋەتتى.

مەن جۇڭيياڭنىڭ ئاتالمىش قارارى بويىچە شىنجاڭغا كەتمەي بېيجىڭدە تۇرۇپ تۇردۇم. ئايىم بالىلارنى ئېلىپ بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بېيجىڭگە كەلدى.

## ئۈچىنچى باب «پىسەيىيۈندۇڭ» نىڭ باشلىنىشى

بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا مېنى ئاتالمىش «پاش قىلىش»، «پىپەن قىلىش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇنى ئۇلار «پىيسەيىيۈندۇڭ» دەپ ئاتىدى. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى مەن بېيجىڭگە كەتكەندىن كېيىنلا باشلىنىپتىكەن. «بىرىنچى ھۆججەت» چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەيتىپتۇ. ئاپتونوم رايون بويىچە ئىچكى جەھەتتە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپتۇ. ھەربىي رايون مۇھىم جايلاردا، يەنى، ئۇلار ئۆزى ھالقىلىق دەپ ئاتالغان جايلاردا — مەسىلەن: چۆچەكتە، ئاتۇشتا، ئىلىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ھەربىيلەرنى تەييارلاپ قويۇپتۇ. خەنزۇ مىنبىڭلارغا قورال بېرىپتۇ. مىللىيلەرگە بەرمەپتۇ. ئاتۇشتا بىر ئايدىن ئارتۇق ھەربىي ھالەت قىلىپ، كەچقۇرۇن سائەت 8 دىن كېيىن كوچىغا چىقماسلىقنى قارار قىپتۇ. بىزنىڭ ئائىلىگە ھەربىيلەر بىلەن نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپتۇ. ھەر كۈنى كەچلىكى موتوسىكلىتلىك ھەربىيلەر ئۆيىمىز ئەتراپىدا نازارەت قىلىدىكەن. بىزنىڭ ئۆيگە كىشىلەرنىڭ كېلىشىنى چەكلەپتۇ. ھەتتا ئۆيدە ئايىم ۋە ئاپاملارنىڭ ھەرىكىتىگە نازارەت قىلىپتۇ. باللار ھەتتا ھاجەتخانىغا كىرگەندىمۇ كەينىدىن ئادەم كىرگەن ئىشلار بولۇپتىكەن. ئۇنىڭغا ئايىم قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن توختاپتۇ. ليۇڭ خوكى (شۇ ۋاقىتتا چۇداڭۇيىنىڭ بىر مەسئۇل كادىرى ئىدى) ئۆيگە كېلىپ جۇڭنىياڭنىڭ ھۆججىتىنى ھەم چۇداڭۇيىنىڭ قارارىنى ئوقۇتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئادەملەرنى ئەكېلىپ ئۆينى ئاستى - ئۈستى قىلىپ پۈتۈن ئاختۇرۇپتۇ. ئايىمنىڭ، ئارزىگۇلنىڭ نارازىلىق قىلىشىغا قارىماپتۇ ۋە باشقىلار...

بۇ بىر قاتار ئەھۋاللار مېنى خەتەرلىك دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ چارە قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەسمۇ!؟. مەن ئايىملار بېيجىڭگە كەلگەندىن كېيىن مۇشۇلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق غەزەپلەندىم. نارازىلىق بىلدۈردۈم. بىراق ئۇنى ئاڭلايدىغان ئادەم بولمىدى.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ ۋەزىيەتتە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە جۇڭگىياڭنىڭ «بىرىنچى
ھۆججەت» نى يەتكۈزۈشى بىلەن چوڭ پىپەن ھەرىكىتى باشلىنىپتۇ.
قويغان ئاتالمىش جىنايەتلەر ناھايىتى چوڭ، ۋاڭ فەن ئۆزىنىڭ بۇ «10
جىنايەت» نى بېكىتىپ «25 ماۋزى» كىيگۈزۈپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە چەت-
ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر، مىللەتچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغۇ-
چى... يەنە باشقىلار. مۇنداق بوھتانلىرى ۋاڭ فېنىنىڭ ھەم باشقا مەس-
ئۇل ئادەملەرنىڭ مەجلىستە سۆزلىگەن سۆزلىرىدە ئېيتىلغان. ھەم
جۇداڭۋېينىڭ ھۆججەتلىرىدە تارقالغان.

مۇشۇ خىلدىكى ئىغۋالارنى «سەيپىدىننىڭ جىنايەت قىلمىشلىرى»
دېگەن ئىغۋالار تولغان كىتابچە تارقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا كىچىك بالا
ئىشەنمەيدىغان ئىغۋالار: سوۋېتنىڭ بېسىپ كېلىشىنى قارشى ئېلىش
ئۈچۈن ئۆرۈمچىدە، ئىلىدە، قەشقەردە، يەنە ھەتتا شىخەنزىدە، چەرچەندە
ئايرودروم ياساتقان، دېگەنگە ئوخشاش ئەپسانىلەر، ئىش قىلىپ ۋاڭ
فېڭ، تۆمۈر داۋامەتكە ئوخشاش ئىغۋاگەرلەرگە ئەگىشىپ ئاتالمىش
خەنزۇ، مىللىي «ئاكتىپلار» كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەن.

مۇنداق ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئامما، كادىرلار ئىشەنمەيلا
قالماستىن، نارازىلىق بىلدۈرگەن. بەزى مەجلىسلەردە، مەسىلەن ئا-
تۇشتا، خوتەندە، چۆچەكتە ئاشۇنداق جۆيلۈشلەر بىلەن مەجلىستە سە-
پەرۋەرلىك قىلماقچى بولغاندىن كېيىن بىر قىسىم كادىرلار نارازىلىق
بىلدۈرۈپ مەجلىستىن چىقىپ كەتكەن. يەنە كىشىلەرنى غەزەپلەندۈر-
گەن بەزى ئىغۋالار، مەسىلەن: ۋاڭ فېڭ سۆزىدە «شىزاڭنى 9 يىلدا
ئازاد قىلغان بولسا، شىنجاڭنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن 28 يىل كەتتى»
(«يەنى، 28 يىلدا سەيپىدىننىڭ شىنجاڭنى ئازاد قىلدۇ» دېمەكچى)
ئىدى. «شىنجاڭدا چوڭ بىر بەنجاۋشىنى ئېلىپ تاشلىدۇق، شىنجاڭدا
بىر تۇ خۇاڭدى (يەرلىك پادىشا) نى ئېلىپ تاشلىدۇق...» دېگەنگە ئوخ-
شاش جۆيلۈشلەر بىلەن ۋاڭ فېڭ ياكى ۋاڭ فېڭچىلار ئۆز قولى بىلەن
ئۆز ئاغزىغا ئۇردى، ئۇلار ئەكسى ھالدا مەلۇم ئاممىنى ۋە كادىرلارنى
ئۆزلىرىگە قارشى تەربىيىلەپ قويدى.

مەن بۇ ئىشلارغا ئاۋۋال ناھايىتى غەزەپلەندىم. كېيىن بۇ ئەقلىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئازغان دوّت، ساراڭلارنىڭ جوّيلىشى دەپ پەرۋا قىلمىدىم. بىراق جوڭياڭدىكى ئايرىم كىشىلەر ئاشۇنداق قوپال ئىغۋا ھەرىكەتنى قوللىغىنى مېنى ھەيران قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ جوڭيالڭ جېڭجىجو كاندىدات ئەزاسى ۋەزىپەمنى نام بار كوچى يوق قىلىپ تاشلاپ قويىدى، كېيىن ئۇنىمۇ ئېلىۋەتتى. بۇنىڭغا مەن قاتتىق خاپا بولدۇم. جوڭياڭنىڭ بۇ قارارى ناھايىتى ئېغىر كەلدى. ئاخىرى مەسىلىلەر يوقىرىدا ئېيتقان دېگەن مۇلاھىزىگە كەلدىم.

مۇشۇ ئەھۋالدا مەن ۋاڭ فېڭغا، ۋاڭ فېڭچىلارغا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزۈمنىڭ نارازىلىقىنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، جوڭياڭغا مېنىڭ ئىشىمنى بىر تەرەپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ 7 قېتىم تەكرار خەت يازدىم. ئۇنىڭدىن باشقا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل يولداشلارغا تەكرار ـ تەكرار ئۆز تەلىپىمنى قويۇپ تۇردۇم. ئەپسۇسكى، مېنىڭ بۇ تەلىپىم ئېتىبارغا ئېلىنمىدى، يالغۇز يولداش يې جيەنيىڭ ناھايىتى كوّڭۈل بوّلدى، ماڭا كوّڭۈل قويىدى، «بۇ ئىشلار بىر تەرەپ بولۇپ كېتەر» دېدى. خۇا گوفېڭ يولداش (رەئىس ۋاقتى ئىدى) ماڭا ياخشى سوّزلەر بىلەن كوّڭۈل قويىدى.

لى شەننيەن يولداشقا مەن قاتتىق رەنجىشىمنى ئېيتتىم. مەن ئۇ كىشىگە: «باشقىلار بىلمىسىمۇ سىز مېنىڭ ئەھۋالىمنى ياخشى بىلەتتىڭىز، سىز بىر گەپ قىلىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ» دېگەن ئىدىم. ئۇ ئادەم بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ ئاندىن «ئالدىرىماڭ» دېدى. ئوّيدىكى تېلېفونلارنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدىم. ئۇ ئادەم ئېيتقان بولسا كېرەك، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئىككى تېلېفون قويۇپ بەردى. ئەھۋالنى ئايرىم ئىشلارنىڭ كوّڭۈل بوّلۇشى، ياكى ھېسداشلىق قىلىش دېيىش مۇمكىن، ئەمما ھېلىقى قارار (بىرىنچى ھوّججەت) ئوّز كۈچىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇۋەردى. مەن قايتا ـ قايتا يازساممۇ ھېچ كىم ئاڭلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن 1988 ـ يىلى بىرىنچى ئايدا ئاشۇ بىرىنچى ھوّججەت چىققان ۋاقىتنى ھېسابلىغاندا 86 ـ يىلغىچە 6 يىل ئاشۇنداق ياتتىم. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى بار. بۇنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىپ تۇردۇم. يەنىمۇ بۇ بىر ۋەزىپەم تۇروپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ماڭا مەلۇم سىياسىي جەھەتتىن، ھەم ماددىي

www.uyghurkitap.com

جەھەتتىن ئېتىبار بېرىپ تۇردى. ئەمما روھى ئازابىم بىر تەرەپ بولمىدى، بەلكى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

1986 ـ يىلى جۇڭگىياڭ شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى يولداش خۇ چىلىگە بىر تېلېفون بەردىم، «مېنى قوبۇل قىلىشىڭىز مېنىڭ پىكرىم بار، سۆزلەشسەك» دېدىم. ئۇ ئادەم: «سىز كەلمەڭ، مەن باراي» دېدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيۈمگە كەلدى. مەن ئۇ ئادەمگە ئەھۋالنى تولۇق ئېيتتىم ھەم جاۋ زىياڭ زوڭشۇجىغا ۋە جۇڭگىياڭغا قارىتىپ يازغان مېنىڭ مەسىلەمنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتنى بەردىم. ئۇ ئادەم ناھايىتى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. «مەن بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيتتىم، كېيىن ئاڭلىغان ئىدىم، ئەمدى سىزدىن ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ مەسىلە ئېغىرلىقىنى چۈشەندىم، مەن بۈگۈنلا بېرىپ جاۋ زىياڭ زۇڭ شۇجىغا دوكلات قىلىمەن، يېقىندىلا بىز بىر مۇزاكىرە قىلىپ جاۋاب بېرىشىمىز مۇمكىن» دەپ ماڭا قايتا ـ قايتا كۆڭۈل قويۇپ قايتتى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئۈچىنچى كۈنى جاۋاب كەلدى. ئەتىسىلا «جېڭجىجۇ چاڭۋېي مۇزاكىرە قىلىپتۇ، جاۋ زىياڭ زوڭشۇجى مەسىلىگە ناھايىتى جىددىي مۇئامىلە قىلىپتۇ، ئاخىرى جۇڭگىياڭنىڭ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىر ھۆججەت چىقىرىشنى قارار قىلىپتۇ. بۇ ھۆججەتنىڭ لايىھىسىنى تەييارلاشقا شى جوڭشۈن، سوڭ پىڭ ھەم جۇڭگىياڭ بەنگۇڭتىڭدىن ۋە جۇڭگىياڭزۇجىبۇدىن ئىككى ئادەم قاتنىشىشى قارار قىلىپتۇ. خۇ چىلى يولداش ماڭا بىر ئەھۋالنى ئېيتىپ، پىڭفەننىڭ لايىھىسى تەييارلىغاندىن كېيىن سىزدىن پىكىر ئالىمىز» دېدى.

شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم خېلى ئارام تاپقاندەك بولدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يولداش شى جوڭشۈن مېنى چاقىرىپ سوڭ پىڭ ھەم باشقا يولداشلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ مۇزاكىرە ئەھۋالىنى ھەم پىڭ فەن ھۆججىتىنىڭ مەزمۇنىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. بۇ لايىھە ھۆججەتتە يەنە جىق مەسىلىلەر بار ئىكەن. مەن ئۆز پىكرىمنى ئېيتتىم. كېيىن ئۇلار ئىسمايىل يولداشتىنمۇ پىكىر ئېلىپتۇ. ئۇلار بۇ لايىھەنى بىر نەچچە قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ ئۆزگەرتتى، ئاخىرقى لايىھەنى يەنە ماڭا كۆرسەتتى. مەن ئاساسەن قوشۇلدۇم. بىراق يېتەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولمىغانلىق توغرىسىدىكى ئۆز پىكرىمنى ئېيتتىم. يولداش شۇ جۇڭشۈن «ھازىرچە مۇشۇنچىلىك بولغىنىغا ماقۇل دەپ تۇرساڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگىياڭ مېنىڭ ئىشىمنى بىر تەرەپ قىلىش ھۆججىتىنى چىقاردى. بۇ ھۆججەتنى شىنجاڭغا ھەم پۈتۈن مەملىكەتتە ئۆلكىدىن يۇقىرى ئورۇنلارغا تاراتتى.

بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كۆڭلۈم بىر ئاز تىنچ ئىدى، ئەمما تولۇق رازى بولمىدىم، چۈنكى، ئىلگىرىكى ماڭا ئارتىلغان ئىغۋا، جىنايەتلەر تولۇق، مېنىڭ ئۈستۈمدىن توپلانغان ماتېرىياللار ئاشۇ جۇڭگىياڭنىڭ ھۆججىتىدە بىر تەرەپ قىلىنسۇن دېيىلگەن بولسىمۇ، شىنجاڭ بۇنى بىر تەرەپ قىلمىدى. بۇ ئىش تا ھازىرغىچە (يەنى ھازىر 1993 ـ يىلنىڭ ئىككىنچى ئايغىچە) تېخى ھەل بولماي كېلىۋاتىدۇ.

ئىش قىلىپ جۇڭگىياڭ مۇشۇنداق بىر ھۆججەت چىقاردى، مېنىڭ ئىشىم ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىندى. ئىلگىرىكى بىرىنچى ھۆججەتتىكى خاتا قارارلار بۇ ھۆججەتتە ئاساسەن تۈزىتىلدى. تولۇق قوبۇل قىلمىدى. ھۆججەتنى قاتارى يەتكۈزۈپ قويدى. ئىلگىرى ماڭا ئارتقان ئاتالمىش جىنايەتلىرىنى تولۇق ئىنكار قىلمىدى، ئىلگىرى مەجلىسلەردە توختىماي ۋارقىراپ تىللاپ سۆزلەيدىغان ۋاڭ ئىنماۋ، تۆمۈر ئوخشىغان ئادەملەر بىرەر مەجلىسدە خاتالىقىنى ئىقرار قىلمىدى. مېنىڭ ئۈستۈمدە توپلانغان ماتېرىياللار جۇڭگىياڭنىڭ پىكرى بويىچە بىر تەرەپ قىلمىدى. بۇ يەنە بىر مەسىلە . شىنجاڭدا كېيىنكى يېڭى مەككارنىڭ كونا مەككار ئالمىشىپ ئەھۋالنى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى. يەنى ۋاڭ فېڭ ئورنىغا ۋاڭ ئىنماۋ ئالماشتى، ۋاڭ ئىنماۋنىڭ ئالمىشى بىلەن مېنىڭ مەسىلەم تولۇق ھەل بولۇش بىر ياقتا تۇرۇپ، تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىدىغانلىقى ئىلگىرىلا دېگەن ئىدىم. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. مەن كەتكەندىن كېيىن ئىسمائىل ئەمەت رەئىسلىككە تەيىنلەندى. بۇ ئىش خېلى ياخشى بولغان ئىدى، چۈنكى ئىسمائىل ئەمەت ياخشى ئادەم، قانداق بولمىسۇن تىرىشىپ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا، ساق، ۋاڭ ئىنماۋ ئىسمائىل ئەمەتنى بېيجىڭگە يۆتكەپ ئورنىغا تۆمۈر داۋامەتنى فۇ شۇجىلىقتىن جۇشىلىققا كۆتۈردى. بۇ ۋاقىتتا بەزىلە «چوڭ بەنجاۋشىنىڭ ئارقىسىدىن كىچىك بەنجاۋشىنى يولغا سېلىندۇ.

www.uyghurkitap.com

«ئەمدى ئۆزىنىڭ روگىبتىغا ئوينايدىغان» ئىغۇا گەپ قويدى، دېيىشتى. ۋاڭ ئىنماۋ ئۆتكەن 17 ـ 18 يىلدىن بېرى بىر نەچچە قېتىم ئالاھىدە ھىيلە مىكىرلەر ئىشلىتىپ بولسىمۇ، ئۆز ئېيتقان بىرىنچى «بەنجياۋ-شىنى» ئېلىۋېتەلمىگەن ئىدى، ۋاڭ فېڭ بۇ ئىشنى قىلدى. ۋاڭ فېڭ ئۆزىمۇ شىنجاڭدىكى چوڭ بىر بەنجاۋشىنى ئېلىۋەتتۇق دېگەن ئىدى، ئەمدى ۋاڭ ئىنماۋ بارغاندىن كېيىن ئىسمائىلنى ئېلىۋېتىپ يەنە بىر كىچىك بەنجاۋشىنى ئېلىۋەتتۇق دېدى. ئەمدى ۋاڭ ئىنماۋ ھەر خىل ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئىلگىرىدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كەلگەن ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى ئىشلىتىپ يەنە شىنجاڭدا ماڭا قارشى قولدىن كەلگەن چارىلارنى قىلىپ كەلدى. 20 گېكتار قېرى تۆلكە شىنجاڭدا ئۆزىنىڭ سەنتوسىنىڭ ئادەملىرىنى قايتا ئىشقا سېلىپ، ھەم تۇمۇر باشلىق بىر قىسىم مىللىي پىنتىچىلەردىن پايدىلىنىپ ماڭا قارشى ھەرىكەت قىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئالتىنچى باب مېنىڭ بېيجىڭدىكى ۋاقىتتا ئېلىپ بارغان مەدەنىي ۋە تارىخىي مەشغۇلات ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى

مەن مۇشۇ مەزگىلدە ناھايىتى روھىي ئازابتا قالدىم. سالامەتلىكىمگە ناھايىتى چوڭ تەسىر قىلدى. بىر ياقتىن داۋالىنىش، يەنە بىر ياقتىن ئۆگىنىش، يېزىش مەشغۇلاتىغا كىرىشتىم. بۇ ئىشنى خېلى كۆڭۈل ئارام بەرگەن بولسىمۇ، يۈرەك ئاغرىقى ئېغىرلىشىپ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىدى. جۇڭگىياڭنىڭ رۇخسىتى ھەم ياردىمى بىلەن ئامېرىكا ھاۋايىغا بېرىپ يۈرىكىمنى ئوپېراتسىيە قىلدۇردۇم. بۇنىڭ بىلەن سالامەتلىكىم خېلى ياخشىلىنىپ قالدى. كېيىن ئەدەبىي مەشغۇلات ۋە تارىخىي تەتقىقات قىلىشقا خېلى ئىمكانىيەت بولۇپ قالدى. ئاساسى يازغان ئەسەرلىرىم تارىخى ـ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئىبارەت بولدى. مۇشۇ 10 نەچچە يىل ئىچىدە يازغان ئەسەرلىرىمنى توپلىغاندا 10 پارچىغا يېتىدۇ. مەسىلەن: «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئۆمۈر داستانلىرى» (تۆت كىتاب)، «تەڭرىتاغ بۈركۈتى»، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى ئەدەبىي ئەسەرلىرى توپلىمى — بىرى «ئەۋلىيات ئاتا». «ئامانىساخان»، «قانلىق ساۋاق»، «ھەر خىل ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمى»، «سەنئەت ئەسەرلىرى توپلىمى»، يەنە بىر قانچە كىتابچىلار. مېنىڭ بۇ قىلغان ئىشلىرىم تەلەپكە نىسبەتەن ئالغاندا بەك ئاز، سۈپىتىمۇ ئانچە يېتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، مۇشۇ 10 نەچچە يىل ۋاقىتنى قولۇمدىن بەرمەي ئاشۇنچىلىك ئىش قىلالىغىنىم ئۈچۈن بۇنىڭغىمۇ مەن خېلى خوش.

www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب تەجرىبە ساۋاقلار

مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە نۇرغۇن ياخشى تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدۇم ھەم ئاچچىق ساۋاقلارغا يولۇقتۇم. مېنىڭ شىنجاڭدىن بېيجىڭگە يۆتكىلىپ 10 نەچچە يىل بېيجىڭدە ياشىغان دەۋرىم، ھەم ئۇنىڭ ئالدى-كەينى ئەڭ چوڭ تەجرىبە ساۋاقلار مەزگىلى بولدى. ئاساسىي تەجرىبىلەر تۆۋەندىكىلەر:

بىرىنچى، مەن شىنجاڭدا كىشىلەر ئاتىغان «4 بىرىنچى» بولغان مەزگىلىمدە پارتىيە، ھەربىي، مۇلكى ساھەلەر بويىچە ناھايىتى مۇھىم خىزمەتنى ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئۈستۈمگە ئېلىشتا مەن ھەقىقەتەن ئەندىشە قىلغان ئىدىم. يولداش جۇ ئېنلەي 1930-يىلى مۇشۇ ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا مەن ھەقىقەتەن كۆڭلۈمدىكىنى يولداش جۇ ئېنلەيگە ئېيتتىم. مەن بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن، بىرىنچىدىن بۇ ۋەزىپىلەر ناھايىتى مۇھىم ھەم ئېغىر ۋەزىپىلەر. يەنە بىرى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بەك مۇرەككەپ، بولۇپمۇ رەھبىرى كادىرلار تەبىقىسى تېخىمۇ مۇرەككەپ، ئەڭ ياخشىسى جۇڭياڭ شىنجاڭغا بىر ياخشى، ئابرويلۇق بىر كادىر ئەۋەتسە، مەن ئىككىنچى قول بولۇپ ياردەم قىلسام، دېدىم. يولداش جۇ ئېنلەي: «بۇ ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقى، نېمىشكە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پارتىيە بىرىنچى قول بولمايدىكەن؟ سەيپىدىن نېمە ئۈچۈن شىنجاڭدا بىرىنچى قول بولمايدىكەن؟ » دېدى. سىز بۇ ئىشتىن باش تارتماڭ، دېدى. بۇنداق دەۋاتسا، ئىلاجى قانچە، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئۈستۈمگە ئېلىپ شىنجاڭغا قايتتىم.

شىنجاڭغا قايتىشتا ھەقىقەتەن ناھايىتى ئېغىر يۈك بىلەن قايتتىم. ئېيتقاندەك قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامىنى بەزى كادىرلارنىڭ قارشىلىقى، ئىغۋا-كاشىلىلىرىغا يولۇقتۇم. بولۇپمۇ ھېلىقى شىنجاڭدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن «سەنتو-جۇيى» نىڭ قارشىلىقى ناھايىتى چوڭ بولدى. بۇ ۋاقىتتا مەن جۇڭياڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



غا ئېيتماي قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىشلەيمەن دەپ غەيرەت قىلدىم. يە-
نە قىيىنچىلىقنىڭ ئۈستىگە قىيىنچىلىق كۆپىيىۋەردى. شۇ ۋاقىتتا
مەن يۇقىرىدا ئېيتقان شىخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى بىلەن سۆز-
لىشىپ هارۋىكەشنىڭ تەسىراتىنى ئېيتتىم، «مەن بىر هارۋىكەش، يو-
لۇق قىيىن، بىر تەرەپتە يارلىق، بىر تەرەپتە دەريا. يول ئېگىز - پەس،
هارۋىنى ئۇڭغا تارتسام ئات ئۆلىدۇ، سولغا تارتسام هارۋا سۇنىدۇ، مەن
قولۇمدىن كەلگىنىچە ئات هارۋىنى ئامان ساقلاپ نىشانغا يېتىشكە تى-
رىشىمەن» دېدىم. ماۋ جۇشى كۆرگەندىن كېيىن دەرهال جۇزۇڭلىغا
ئېيتىپ «سەيپىدىن قىيىنىلىپ قاپتۇ، دەرهال ياردەم قىلىڭلار» دېگەن-
دىن كېيىن، جېڭجىجۇ شۇ كۇنىلا مەجلىس قىلىپ ئىككى كۈندىن لە-
دېشىنىڭ، ۋاڭ جۇگوۋ باشچىلىقىدىكى چوڭ بىر خىزمەت گورۇپپىسىنى
ماڭا ياردەم قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ھەقىقەتەن ماڭا ماۋ
جۇشى، جۇزۇڭلى، داڭجوڭيانىڭ غەمخورلىقى ھەم ياردىمى چوڭ بول-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار ئەمدى خېلى ياخشى كېتىۋاتقاندا، تو-
يۇقسىز ۋاڭ فېڭ شىنجاڭغا كېلىپ قالدى. بۇ ئىش مېنى چۆچۈتتى.
چۈنكى ۋاڭ فېڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى مەن ئەزەلدىن بىلەتتىم.
ۋاڭ فېڭ كېلىشى بىلەن شىنجاڭغا بىر ئاپەت كەلدى. مېنىڭ بېشىمغا
تېخىمۇ جىق پالاكەتلەر كېلىشكە باشلىدى. ۋاڭ فېڭ چوڭ چاتاق چە-
قارماس دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن ۋاڭ فېڭ بېيجىڭدىكى خوجايىن-
لىرى ئارقىلىق (ئۇ ۋاقىتتا ماۋ جۇشى، جۇزۇڭلىلار قازا بولۇپ كەت-
كەن.) ئۆزىنىڭ مەندىن هوقۇقىنى تارتىۋېلىش پىلانىنى ئېلىپ كەپ-
تىكەن. شىنجاڭدىن قايتىپ كەتكەن ياڭ يوڭ، جىلىندىكى ۋاڭ ئىنماۋ،
شىنجاڭدىكى ۋاڭ فېڭ ئۈز ئارا ئالاقە باغلاپ نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى قى-
لىپتۇ. كېيىن ئۇلار ئۇتۇق قازاندى. مېنى يىقىتتى، جۇڭياڭدىن ماڭا
چارە قىلىپ «بىرىنچى هۆججەت» نى چىقاردى.

بۇ يەردىكى ئاساسى ساۋاق — مەن باشتىلا هوشيار بولالمىدىم،
مېنى ماۋ جۇشى، جۇزۇڭلى، جۇڭياڭ قوللايدۇ، دەپ ئىشەندىم. ۋاقىت-
نىڭ ئۆتۈشى ۋە رەھبەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇنداق پالاكەتنىڭ كې-
لىشىنى پەقەت ئويلىماي قالدىم.

ئىككىنچى، ئاخىرى هەق - ناهەق ئايرىلدى. مەن جۇڭياڭغا قايتا -

www.uyghurkitap.com

قايتا يەتتە قېتىم ئىلتىماس ۋە تەلەپ قىلىۋۇرگەندىن كېيىن ئاخىرى مېنىڭ تەلەپلىرىم ئېتىبارغا ئېلىنىپ ئىشىم خۇلاسە قىلىندى. يەنە بىر بىرىنچى ھۆججەت چىقىرىلدى. مەن شۇنى ئېيتىشىم كېرەك: مېنىڭ ئىشىمنى خۇلاسە قىلىش تولۇق بولمىدى. مەن قانائەتلەنمىدىم، لېكىن مەركەزدىكى بىر يولداش «ھازىرقى ئەھۋالدا ئىشنىڭ شۇنچىلىك ھەل بولغىنى ياخشى، قالغىنىنى كېيىن كۆرۈرمىز» دېدى. ماقۇل بولماي ئىلاجىم بولمىدى. مەن شۇنى ئېيتىشىم كېرەك، شۇ ۋاقىتتا مەركىزدىكى بىر قىسىم يولداشلار بولۇپمۇ جاۋ زىياڭ، خۇ چىلى، شى جوڭشۈن قاتارلىق يولداشلار كۈچ قوشمىغان بولسا مېنىڭ ئىشىم ئۇنچىلىك ھەل بولۇشىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەپ ئۆز ئىشىمنى قىلىۋۇردىم. لېكىن مەن شۇنداق بىر تەجرىبە يەكۈنلەپ كەلدىمكى، خىزمەت ۋاقتىدا، بولۇپمۇ رەھبىرىي خىزمەتتە بولغان ۋاقىتتا چوڭ ھۇشيارلىق كېرەك ئىكەن. ساددىلىق بىلەن ھەممىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كېتىۋەرسە بولمايدىكەن. چۈنكى، سەن بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئادەملەر ھەممىسى شۇنداق ئاق دىل توغرا نىيەتلىك ئادەملەر بولۇپ كەتمەيدىكەن. سەن دائىم زىددىيەتلەر ئاستىدا ياشايدىكەنسەن، بۇ زىددىيەتلەر ئىچىدە ئۇ زىددىيەتلەرنى بايقاش، ھەق ناھەقنى ئايرىش، توغرا پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، توغرا مەيداندا مېڭىش بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش ئىكەن. بۇنىڭغا ھۇشيارلىق، توغرا تەدبىر كېرەك ئىكەن. مەن تۆت بىرىنچى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىمدا يەنە دۆت بولۇپ قاپتىمەن، ساددا بولۇپ قاپتىمەن، كېيىن بۇ ئاچچىق ساۋاق مېنىڭ قەلبىمنى خېلى ئازابلىدى.

ئۈچىنچى، يەنە بىر مۇھىم تەجرىبە: ئەگەردە ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلى، لىيۇ شياۋچى قاتارلىق رەھبەرلەر مېنى قوللاپ ھەم ماڭا مەدەت بېرىپ كەلمىگەن بولسا، مەن شىنجاڭدا ئاشۇنچىلىك ئىشنى قىلالمىغان بولاتتىم. نۇرغۇن تەجرىبە ساۋاقلار بۇنى ئىسپاتلىدىكى، مۇنداق مۇرەككەپ شارائىتتا، ئاشۇنداق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، ئاق ـ قارىنى ئايرىپ، نىشاننى كۆزلەپ، ئىلگىرى مېڭىش بەك قىيىن ئىدى. بۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى باشتىمۇ سەزدىم، كېيىنكى يىللاردا تېخىمۇ سەزدىم. نۇرغۇن پۇشايمانلارغا قالدىم. بەك روھى ئازابلاندىم. لې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىن ئىلاج قانچە، مەن يۇقىرىدا ئېيتتىم، ئەگەردە ماۋ جۇشىنىڭ جو-
زۇڭلىنىڭ، ليۇ شياۋچىنىڭ مېنى قەتئىي قوللاپ مەدەت بېرىپ كې-
لىشى بولمىسا مەن شىنجاڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدە مۇنچىلىك ئۇزاق
تۇرالمايتتىم. مەن شىنجاڭدا بەزىلەرنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ
كۆرۈندۈم. بەزىلەر مېنىڭ شىنجاڭدا چوڭ بىر بەنجاۋشى دەپ ھېسابلە-
دى. ئاشۇلارنىڭ غەرىزى بولسا بۇ «بەنجاۋشى» 50 ـ يىللىرى يەرلىك
مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش قىلىش ۋاقتىدىلا ئېلىپ تاشلانغان
بولاتتى. مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىلگىرىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ
كۆرگەندىن كېيىن مۇنداق بىر خۇلاسە چىقاردىم: ئازاتلىقتىن بېرى تا
مەن بېيجىڭگە كەلگىچە بولغان 28 يىل ئىچىدە چۇداگۇيېدە نۇرغۇن
مەسىلىلەردە تالاشلار بىر پىكىرگە كېلەلمىگەندە تالاشقان پىكىرلەرنى
جۇڭيانغا دوكلات قىلىش، جۇڭيانىڭ نېمە دېسە شۇنداق قىلىش دېگەن
تەلەپ قويۇپ قاتتىق تۇرۇۋالدىم. شۇنداق قىلدۇق. مەن يىغىپ ئويلاپ
باقسام، تالاش بولغان مۇھىم مەسىلىلەردە 10 غا يېقىن ئىشنى جۇڭ-
ياڭغا دوكلات قىلىپتىمىز. بۇنىڭ ئىچىدە مۇتلەق كۆپچىلىكىنى جۇڭ-
ياڭ مېنىڭ پىكىرىم بويىچە قىلىپ جاۋاب بەردى. يەنە بىرى ماۋ جو-
شىنىڭ «ئۇلار سېنىڭ گېپىڭگە ئۇنىمىسا بېيجىڭگە كېتىڭ ياكى تېلې-
فون بېرىش، ياكى تېلېگىرام بېرىڭ» دېگەن يوليورۇقىغا بىنائەن بىز
تالاش بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنى جۇڭيانغا دوكلات قىلىپ جۇڭياڭ-
دىكى بىر يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلدۇق.

بەزىدە، جۇڭياڭ ماۋ جۇشى چۇداگۇيېدىكى ئاساسىي رەھبەرلەرنى،
(بىر قېتىم پۈتۈن چاڭۋېيلارنى) بېيجىڭگە چاقىرىپ شىنجاڭ مەسە-
لىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى. مۇشۇنداق بېيجىڭگە كې-
لىش ئىلگىرى كېيىن بەش قېتىم بولۇپتۇ. ئايرىم ئالغاندا جۇڭياڭ
ماۋ جۇشى بىۋاستە باشقۇرغان جېڭجىجۇنىڭ مەجلىسىنى چاقىرىپ
شىنجاڭنىڭ مەسىلىسىنى مۇزاكىر قىلىپ قارار قىلغان ئەھۋاللارمۇ
بار. 1952 ـ يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن چوڭ خاتالىقنى تۈزىتىشتە
ماۋ جۇشى، جۇڭياڭ ئەنە مۇشۇنداق تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئەگەردە ماۋ
زېدۇڭ، جۇ ئېنلەينىڭ، جۇڭياڭنىڭ مېنى مۇشۇنداق قوللاپ مۇشۇنداق

www.uyghurkitap.com

مەدەت بېرىپ كەلگىنى بولمىسا، مۇشۇنداق بىر چوڭ قوللاش بولمىغاندا ئاللىقاچان مەن خىزمەتتىن تاشلانغان بولاتتىم. چۈشۈپ كېتەتتىم، بۇ ھېلىقى «چوڭ بەنجاۋشى» ئاللىقاچان ئېلىپ كۆتەردى. «شىنجاڭدا خېلى جىق ئىش قىلدىم» دەپ ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن، ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەينىڭ قوللىشى بىلەن ئاشۇنچىلىك ئىشنى قىلالىدىم، خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن، كادىرلارنىڭ يۆلەنچۈك بولۇشى بىلەن شۇنچىلىك ئىشنى قىلالىدىم. ئەگەردە ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەينىڭ قوغدىشى، يولىيورۇقى، قوللىشى بولمىسا مەن مۇنچىلىك ئىشنى قىلالمىغان بولاتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىشىمدىن خۇلاسە قىلغاندا، مەن شىنجاڭدا ئازاتلىقتىن ئىلگىرى كېيىن جەمئىي 50 يىل ئارتۇق ئىشلەپتىمەن، مۇشۇ مەزگىلدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دېگەن نىيەت بىلەن خېلى تىرىشتىم، ئۇتۇق يوق ئەمەس، بۇ پارتىيىگە، ماۋ جۇشى، جۇ زۇڭلىغا، خەلق ئاممىسىغا مەنسۇپ. ئەمما مەن خەلقنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى تولۇق قانائەتلىنەرلىك ئادا قىلالمىدىم.

مۇشۇ تەجرىبىلەرنى، مۇشۇ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ تۇرۇپ، مەن ئاخىرى بېيجىڭدا تۇرغان مەزگىلدە، بۇ يىل 1977 ـ يىلنىڭ ئاخىرى 1978 ـ يىلدىن 1993 ـ يىلغىچە ھېسابلىغاندا، مەن بېيجىڭگە كەلگىلى 15 يىل بولۇپ قالاي دېدى. مۇشۇ 15 يىل جەريانىدا، ئاشۇ ئۆتكەن ئىشلارنى خۇلاسە قىلىپ ئۆزۈمنىڭ بىر نىيىتىم، غەيرىتىم — ئەمدى قولۇمغا قەلەم ئېلىش، ئۆگىنىش، يېزىش بولدى. بۇنىڭ بىلەن مەن چوڭ ئىش قىلدىم، نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەتقىق قىلدىم. نۇرغۇن كىتابلارنى يازدىم دەپ ماختانمايمەن. ھەر ھالدا مەن مۇشۇ جەريانىدا كىتاب بىلەن قەلەم بىلەن، تارىخ بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانىدا ئۆزۈم خېلى كۆڭلۈم ئارام تاپقاندەك بولدى. شىنجاڭدىن كەلگەن نۇرغۇن يولداشلارنىڭ سۆزلىرىدە، مېنىڭ كىتابلىرىمنى كۆرگەن، ئوقۇغان يولداشلارنىڭ خەتلىرىدە بۇ توغرىدا ماڭا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ مەندىن رازى بولغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى كۆڭلۈم ئارام تاپتى.

ئەمما شۇنى ئېيتىشىم كېرەك، مەن تېخى كۆڭلۈمگە پۈككەن مەقسەتلىرىمدىن تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم، مەن يەنە ئۆگىنىمەن، يەنە يازىمەن، قولۇمدىن كەلگەنچە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئۆز

مىللىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىلگىرىكى چالا قالغان قەرزىمنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمەن.

ھازىر 78 ياشقا كىردىم. يەنە 3 ـ 4 يىل ئىچىدە مېنىڭ يەنە پىلانلىغىنىم بار. بۇ پىلانلىرىم قانچىلىك ئەمەلگە ئاشۇرالارمەن. سالامەتلىكىم، ئۆمرۈم قانچىلىك بولىدۇ، بۇ كېيىن ئەمەلىيەتتە كۆرۈلىدىغان ئىش.

مۇشۇ جەرياندىكى تارىخىي تەجرىبە، ئاچچىق ساۋاقلار ئاساسەن مۇشۇ يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن مۇشۇ سەرگۈزەشتىلەر، مۇشۇ تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى بۇ يەردە ئالاھىدە تەكىتلەپ ئېيتىشىمدىن مەقسەت، مېنىڭ مۇشۇ كىتابىمنى ئوقۇغان يولداشلار ئاز ـ تولا بولسىمۇ توغرا تونۇشقا كېلىش، ئاندىن كېيىن ئۆزى ئۈچۈنمۇ ساۋاق تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىشقا بولار دەپ بۇنى ئالاھىدە يېزىپ قويدۇم.

www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى قىسىم

# مەملىكەت ۋە خەلقئارا ۋەزىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب 1980 ـ يىللىرى مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە بولغان چوڭ ئۆزگىرىشلەر

1978 ـ يىلىدا ئېچىلغان پارتىيە 11 ـ قۇرۇلتايىنىڭ 3 ـ ئومۇ-
مىي يىغىنى پارتىيە تارىخىدا ناھايىتى چوڭ بىر بۇرۇلۇش قىلغان تا-
رىخىي يىغىن بولدى. بۇ يىغىندا ئىلگىرىكى ئەھۋاللار خۇلاسە قىلىن-
دى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى كەلتۈرگەن يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ ساۋاقلىرى
يەكۈنلەندى. پارتىيە ئالدىدىكى يېڭى ۋەزىيەتلەر — پارتىيىنىڭ لۇش-
يەن، پرىنسىپ، سىياسەتلىرى قايتىدىن مۇزاكىرە قىلىنىپ يېڭى پە-
كىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاساسىي مەزمۇنى سىرتقا ئىشىكنى ئېچە-
ۋېتىش، چوڭ كۈچ بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە تۆتنى زامانى-
ۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. پارتىيىنىڭ بۇ لۇشيەن، پرىنسىپ،
سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىلگىرى خىز-
مەتتە كۆرۈلگەن ئوڭ ـ سول خاھىشلار ۋە خاتالىقلار پېپەن قىلىندى.
ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرى تەنقىد قىلىنىش بىلەن بىللە يېڭى تەدبىر-
لەرنى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاندىن كېيىن پۈتۈن پارتىيە، بارلىق كا-
دىرلار ھەرىكەتكە كېلىپ خەلق ئاممىسىغا باشلامچىلىق قىلىپ مۇشۇ
يېڭى سىياسەت پرىنسىپلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلاندى.

ئۇزاق ئۆتمەي مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىدە يېڭى كەيپىيات — سوت-
سىيالىزم يولىنى بويلاپ چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتى
مەيدانغا كەلدى. مۇشۇنداق ھەر ساھەدىكى ئىشلار چوڭ سۈرئەت بىلەن
ئالغا كېتىپ بارغان ۋاقىتتا قارشىلىقلار بولمىدى ئەمەس، بۇنىڭ ئى-
چىدە 1986 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بېيجىڭدە يەنە بىر قانچە چوڭ شەھەرلەر-
دە ئوقۇغۇچىلارنىڭ نامايىشى باشلاندى. مۇشۇ نامايىش بەزى جايلاردا
ئاچلىق ئېلان قىلىشتىن پايدىلىنىپ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىلەر ھەر خىل
تەتۈر ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئىنقىلابقا كۆرسەتتى. بۇ ئىش خې-
لى ئېغىر ئەھۋاللارنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى، يەنە ئەسلىدىكى

www.uyghurkitap.com



سىياسەت، پرىنسىپلار بويىچە ئالغا يۈرۈش داۋام قىلىۋەردى. بۇ مەزگىلدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىكىدە رەھبىرى كادىرلارنى رەتلەشتە بىر مۇنچە تەدبىرلەر كۆرۈلدى. تا 1980 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەملىكەتتە چوڭ ئىلگىرىلەش — سىياسىي، ئىدىيە، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى يەنە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. خەلقئارا جەھەتتە يەنە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپ تەشۋىق قىلىندى. خەلقئارا تىنچلىقنى قوغداش، باچۇەنجۇيىغا قارشى تۇرۇش تەكىتلەندى. بۇ سىرتقى سىياسەت خەلقئارادا چوڭ قوللاشقا ئىگە بولدى. جۇڭگونىڭ خەلقئارادا تۇتقان ئورنى يەنىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئىقتىساد يىلدىن يىلغا ئۆسۈپ تۇردى، مەدەنىيەت، مائارىپ ھەم تېخنىكا جەھەتتىمۇ ئۇتۇقلۇق ئىشلار مەيدانغا كەلدى، ئىتتىپاقلىق تىنچ ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى ۋە بارغانچە كۈچىيىۋەردى.

1980 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىسلاھات، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش پرىنسىپىنى داۋاملىق تەكىتلەش بىلەن بىللە، يەنە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنى تېخىمۇ ئوچۇق ۋە ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىغا قاراپ داۋاملىق ئالغا بېسىش مەقسىتى، نىشانىنى ئايدىڭلاشتى. ئەسلىدە يولداش ماۋ زېدۇڭ ماركسىزمنىڭ ئۇسۇلى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىش دېگەن باش پرىنسىپنى خېلى ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. كېيىن بىزدە ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى نەزەرىيىسى دېگەن چاقىرىق دائىم تەكىتلەپ كەلدى.

80ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە — يەنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان پرىنسىپگە زىت كەيپىياتلار كۆرۈلدى. ھەتتا ئايرىم كىشىلەر ماۋزېدۇڭ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى مەيداندا تۇرۇپ تەنقىد قىلىپ باقتى، كېيىن پارتىيە 11 ـ قۇرۇلتاينىڭ 6 ـ يىغىنىدا مۇنداق قاراشلار تەنقىد قىلىنىپ ماۋ جۇشىغا بولغان توغرا باھا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش»

www.uyghurkitap.com

دېگەن نەزەرىيىسىدە ئەمەلىيەتتە يولداش ماۋ زېدوڭنىڭ يۇقىرىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ ئۇچۇق قويۇلۇشىدىن ئىبارەت بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ بۇ نەزەرىيىسىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈردى ۋە بىر مۇنچە يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيە سىياسىي لۇشيەنى تېخىمۇ ئۇچۇق - ئايدىڭ بولۇپ داۋاملىق ئىجرا قىلىندى.

14 - قۇرۇلتايدىن كېيىن يەنە ئىلگىرىكى ھالدا پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى ئاساسىدا بىر مۇنچە يېڭى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، يەنى 1989 - يىلىنىڭ ئالدى كەينىدە مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتىدە تېخىمۇ چوڭ ئىلگىرىلەش بولدى. پارتىيە رەھبەرلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبىرىي كادىرلاردىمۇ ئۆزگىرىشلەر بولدى. يولداش جياڭ زېمىن باش سېكرېتار بولۇپ ئىشلارنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. 1992 - 1993 - يىللىرى يەنى پارتىيە 14 - قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرى ۋە روھىغا ئاساسەن مەملىكەتنىڭ سىياسىي ئىقتىسادىدا تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى.

بۇ ۋاقىتتىكى ئالاھىدە بىر تەدبىر پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبىرى كادىرلىرىنى ياشلاشتۇرۇش، يېڭى كۈچلەرنى خىزمەتكە تەيىنلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ بەك ياخشى بولدى. مۇشۇ يېقىندا 1993 - يىل 3 - ئاي ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 8 - نۆۋەتلىك 1 - يىغىنىدا يەنە ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيە، ھۆكۈمەت، دۆلەت كادىرلىرى ئالماشتۇرۇپ، رەھبەرلىك خېلى ياشاردى. يولداش جياڭ زېمىن باش شۇجى بولغاندىن باشقا دۆلەت رەئىسى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولدى. رەھبەرلىك تېخىمۇ مەركەزلەشتى. مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە مۇندىن كېيىن دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە تېخىمۇ ياخشى ئىشلار بولۇشى قەدەممۇ قەدەم ئۇتۇقلار قولغا كېلىشى تەبىئىي.

لېكىن بۇ پۈتۈن پارتىيىنىڭ، پۈتۈن ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىدە كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك، يېڭى مەسىلىلەر، قىيىنچىلىق يوق دېگەنلىك ئەمەس. كونا مەسىلىلەر بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، يېڭى شارا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىتتا، يېڭى ۋەزىيەتتە يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولۇش تەبىئىي. ئەمما بۇ-نىڭغا ھوشيارلىق بىلەن قاراپ ئۆچرىغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، قىيىنچىلىقلارنى تۈزىتىپ، ئالغا باسىدىغان بولسا ئەمەلىي خىزمەت جەريانىدىكى مۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابىدىكى تۆتىنچى كىرىزىس

خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابى ماركسىزم ۋە لېنىنىزم يېتەكچى ئىدىيىسى ئاساسىدا قەدەممۇ قەدەم ناھايىتى چوڭ غەلىبىلەر بىلەن ئىلگىرىلەپ كەلدى. ئەمما بۇ ئىنقىلابى ھەرىكەت تەبىئىي يوسۇندا ھامان بۇرژۇئازىيە ئوڭچىلىرىنىڭ، ئاكتىپلىرىنىڭ، ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈگى بولغان جاھانگىرلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ كەلدى. مۇنداق قارشىلىقلار نەتىجىسىدە ماركسىزمنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى گاھىدا چوڭ يوقىتىشلار ۋە مەغلۇب بولۇشلارغا دۇچار بولدى. بۇنى يىغىپ كەلسەك، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ مۇنداق تۆت خىل كىرىزىسكە ئۇچرىدى: بىرىنچىسى، بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تارقىلىشى، بۇ، 1988 – يىللىرى بولۇپ، تەتۈر ئىنقىلابچىلارغا كۈچلىرىنى بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونال باشلاپقى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ياۋروپا كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چوڭ كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىشى، بۇ ئىككىنچى كىرىزىس، ئۈچىنچى، گېتلېر فاشىزىمىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تارقىلىشى. تۆتىنچىسى كىرىزىسى– جاھانگىرلارنىڭ ھۇجۇمى ۋە تەھدىتى ئاستىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن چىققان ماركسىزمنىڭ ئەكسىيەتچى جىنايەتچىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى، بولۇپمۇ 4 – كىرىزىس بۇ خەلقئارا ماركسىزمنىڭ ئۈچىنچى، خەلقئارا پرولېتارىياتلارنىڭ ۋە كومپارتىيىلەرنىڭ مەركىزى بولغان ئۇتۇق سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمەلدىن قالدۇرۇش — بۇ ئەڭ چوڭ كىرىزىس بولدى. ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ چوڭ ئىنقىلابىي تاشقى رەھبىرى ئورگانى بولغان بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قۇرۇلۇشى بۇ دۇنيا پرولېتارىيات تارىخىدا، شۇنىڭ بىلەن سىياسىي ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە ئۇلۇغ بىر ئىجادىيەت بولغان ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنى قۇرغاندىن كېيىن مۇشۇ ئىنتېر-

ناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىكىدە ياۋروپا ئىشچىلار ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. شۇ ۋاقىتلار يەنى 1871 ـ يىلى پارىژدا يۈز بەرگەن باش كوممۇنىست دەپ ئاتالغان مەشھۇر قوراللىق ئىنقىلاب بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ سىياسىي ئىنقىلابىي پائالىيىتىگە ناھايىتى چوڭ مەدەت بەردى. پارىژ كوممۇنىسى مەغلۇب بولدى، ئەمما ئۇ دۇنيا پرولېتارىياتقا ناھايىتى زور تەجرىبىلەرنى، قەھرىمانلىق نەمۇنىلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونال ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە دۇنيا ئىشچىلار — پرولېتارىياتنى تەربىيىلەپ تەشكىللەپ كونا دۇنيانى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن زور ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بۇ غالىبىيىتى خەلقئارا كوممۇنىزم تارىخىدا ئۇلۇغ ئۆچمەس تۆھپىلەر ياراتتى. ئەمما شۇ ۋاقىتلاردىكى ۋەزىيەتنىڭ قىيىنچىلىقى شۇنىڭ بىلەن بىللە باگۇنچىلار، لالچىلاردىن ئىبارەت تارقاتقۇچىلار تەتۈر ئىنقىلابچىلارنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە بولغان ئەشەددىي ئۆچمەنلىكىنى كۆرسەتتى.

بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونال ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. ئاخىرى ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەركىزىنى ئامېرىكىغا كۆچۈردى. كېيىن ۋاقىتلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قارار قىلدى. بىرىنچى، ئىنتېرناتسىئونال ئەمەلدىن قالدى، ئەمما ئۇ دۇنيا پرولېتارىيات ئۈچۈن ئۇلۇغ قورال ـ ماركسىزىمدىن ئىبارەت ئىنقىلابىي قورالنى، ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىلىك بىلەن ئىنقىلاب قىلىنىدىغان بولسا ئاخىرى غالىبىيەت قازىنىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېنىن ئېيتقاندەك: «بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونال خەلقئارا پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئاساس سېلىپ بەردى...» بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تارىخى بىزگە شۇنى كۆرسەتتىكى، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىدە چىڭ تۇرۇش ـ كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتورىيىسىنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. دېمەك، بىرىنچى ئىنتېرناتسىئونال خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئۈچۈن چوڭ تۆھپە-

لەرنى ياراتتى، سىياسىي، ئىدىيىۋى قورالنى تەييارلاپ بەردى. بۇ ئۇلۇغ
ئىش بولدى. كېيىن پرولېتارىياتنىڭ دۈشمىنى باكۇنىنچىلار، لاسسال-
چىلار، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال دېگەن بىر نېمىسى كۆتىرىپ چە-
قىپ، ماركسىزمغا قارشى بىر قاتار تەتۈر ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئې-
لىپ باردى. «ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونال» دېگەن بۇ نېمىسى گەرچە
ۋەزىيەتنى بۇراش، بەزى ئايرىم كىشىلەرنى ئالداپ ماركسىزمغا قارشى
ئىغۋا قىلىش ھەرىكەتنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچ چوڭ ئىش
قىلالمىدى. لېكىن، ئاشۇ ئىككىنچى ئىنتېرناتسىئونالچىلارنىڭ مار-
كىسزمغا، پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قارشى قىلغان خاپىلىق ھەرىكەت-
لىرى سەلبى ياقتىن پرولېتارىيات بىر مۇنچە ياخشى ساۋاقلار ئۆگەت-
تى. يەنى، پرولېتارىيات پەقەت ماركسىزم يولىدا چىڭ تۇرغاندا، بە-
رىنچى ئىنتېرناتسىئونال پىرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرغاندا، كوممۇنىس-
تىك مەنبەسى پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرغاندا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي
چوقۇم غالىبىيەتكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئاشۇنداق ساۋاق تەجرىبىلەرنى چىڭ تۇتۇپ كۈرەش قىلىش نەتى-
جىسىدە لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال قۇرۇل-
دى. ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ قۇرۇلۇشى ــ ماركسىزم تەلىما-
تىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا توغرا يېتەكچىلىك
قىلىشتا چوڭ ئۇلۇغ ئىش بولدى. لېنىن پولشېۋىكلەر پارتىيىسىنى
قۇردى. شۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە رۇسىيە ئىشچىلىرىنى تەشكىل
قىلىپ تەربىيىلەپ شۇ ئارقىلىق باشقا دۆلەت پرولېتارىياتىنىمۇ سەپەر-
ۋەر قىلىپ، ئاخىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ بە-
رىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ روھىنى داۋاملاشتۇرۇپ، پرولېتارىيات
ئىنقىلابىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى تەشۋىقات قىلىش ئۇلۇغ ئىش بولدى.
ئۆكتەبىر ئىنقىلابىي غەلىبە قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى قۇرۇلدى. سو-
ۋېت ئىتتىپاقىدا مەيدانغا كەلگەن ماركسىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ
ئەمەلىي ئۇتۇقلىرى ۋە تەجرىبىلىرى دۇنيا پرولېتارىياتىغا چوڭ بىر
يېتەكچى رول ئوينىدى.

بىراق، شۇ كۈنلەردە غەرپتىكى جاھانگىر مەملىكەتلەردىن سەككىز
مەملىكەت ھەربىي كۈچىنى توپلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ بولسا 1920 ـ يىللىرىدىكى يېڭى قۇرۇلغان سوۋېت ھۆكۈمىتىنى يوقىتىش مەقسەت قىلغان بىر تەتۈر ئىنقىلابىي ھەرىكەتتى ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئەنگلىيىنىڭ باش مىنىستىرى چېمبىرلىن دېگەن «قىزىل ساقال بولشېۋىكلەرنى بۆشۈكىدە تۇنجۇقتۇرۇپ يوقىتىش» غەرىزىدە بولغان ئىدى. لېكىن، لېنىن بولشېۋىكلار پارتىيىسى پۈتۈن سوۋېت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ غەرب ياۋروپا جاھانگىرلارنىڭ بۇ سۇيىقەستلىك ھۇجۇمىنى تارمار قىلدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇش مەزگىلىدىكى كىرزىس، بۇ ئۈچىنچى كىرزىس بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ناھايىتى ئېغىر خەۋپ كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە، پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتىگە ناھايىتى چوڭ خەۋپ كەلتۈردى. بۇ مەزگىلدىكى بىر چوڭ مەسىلە ئامېرىكا ھەم غەربىي ياۋروپادىكى بىر مۇنچە مەملىكەتلەر گېتلېرنىڭ ھۇجۇمىدىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنى قىستاپ، ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنى تارقىتىشقا قىستىدى. شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەتتە، ستالىن سوۋېت پارتىيىسى قوشۇلۇپ ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنى تاقالدى. بۇ بىر چوڭ يوقىتىش ھەم خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي جەھەتتە ئۈچىنچى چوڭ بىر كىرىزىس بولدى. ئەمما، ستالىن سوۋېت پارتىيىسى پۈتۈن سوۋېت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، موسكۋادا بوسۇغىغا كەلگەن گېتلېر ئارمىيىسىنى قايتۇردى. ئاخىرى ئومۇمىي قايتا ھۇجۇم قىلىپ بېرلىنغىچە بېرىپ گېتلېر ئارمىيىسىنى تارمار قىلدى ھەم گېتلېرنى يوقاتتى. بۇ ناھايىتى چوڭ ئۇتۇق، ئالەم مىقياسىدىكى چوڭ ئۇتۇق بولدى.

خەلقئارا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىكى 4 ـ كىرزىس خوروشوۋ سوۋېت پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئىگە بولغاندىن باشلاپ ئۇزاق داۋام قىلىپ، ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەمەلدە قالدۇرۇش بىلەن تا مۇشۇ كۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. خىروشوۋنىڭ «تىنچ ئۆتۈش» دېگەن خاتا نەزەرىيىسى يالغۇز سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بويىچىلا ئەمەس خەلقئارادىكى باشقا سوتسىيالىستىك ئەللەرگىمۇ ناھايىتى يامان تەسىر قىلدى. خىرۇشوۋ ئۆزىنىڭ بۇ تەسلىمچىلىك سىياسىتىنى تو-

www.uyghurkitap.com

لۇق ئەمەلگە ئاشۇرالمىسىمۇ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە بىر چوڭ كاشىلا، ھەتتا خېلى ئېغىر يوقۇتۇشلارنى پەيدا قىلدى. ئۇندىن كېيىن خېلى مەزگىللەر ئۆتۈپ گېرباچوۋ رەھبەرلىككە چىقتى. گورباچوۋ خىروشوۋنىڭ شىۇجېڭجۇيىچىلىق لۇشيەنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇردى. ئۇ سوۋېت پارتىيىسىنى ھەم سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنى خېلى دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى. ئۇ تولۇق مەقسىدىگە يېتەلمىدى، ئەمما سوۋېت پارتىيىسىنىڭ، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇردى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنى مەركەز قىلغان دۇنيادىكى سوتسىيالىستىك ئەللەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ناھايىتى ئاجىزلىشى پەيدا بولدى. شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدە سوتسىيالىزم پرىنسىپلىرى ئاجىزلىشىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ناھايىتى چوڭ زىيانغا ئۇچرىدى، گورباچېۋ خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىن يېلتسىن رەھبەرلىككە چىقتى. گورباچېوۋنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالمايۋاتقان تەتۈر ئىنقىلابىي يولىنى ئۇ تولۇق ئەمەلگە ئاشۇردى. ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ۋە سوۋېت كومپارتىيىسىنى يوقاتتى. بۇنىڭ بىلەن خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. سوتسىيالىستىك ئەللەر ئىچىدە جۇڭگو، شىمالىي چاۋشيەن، كۇبا پارتىيىلىرى ئۆز ئىشىنى داۋام قىلغاندىن تاشقىرى باشقا سوتسىيالىستىك ئەللەر ھەم پارتىيىلىرى يوقالدى، ياكى ئاخىرلاشتى. بۇ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە بۇ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدە چوڭ يوقىتىش بولۇپ، 4 ـ قېتىملىق ئېغىر كىرزىستىن ئىبارەت بولدى. بۇ يېقىنقى مەزگىلدىن بېرى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەربىي ياۋروپا كاپىتالىستىك ئەللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى يوقاتتۇق. كوممۇنىزمنى ياۋروپادا يوقاتتۇق، ئەمدى مۇندىن كېيىن ئۇزۇل كېسىل يوقىتىمىز دەپ ۋارقىرىماقتا. يېلتسىن بولسا ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىنىڭ دېيىشغا ئۇسۇل ئوينىماقتا. ئۇ، خەلقئارا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئەشەددىي خائىنى بولۇپ، جاھانگىر ئەللەر قىلالمايۋاتقان خائىنلىق قىلمىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئەمما، ئامېرىكا جاھانگىرلىرى بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالغى-

نى، بىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىمىز كوممۇنىزىمنى تولۇق يوقىتىش، يېلتسىن رۇسىيە كوممۇنىزمدىن ۋاز كېچىپ دېموكراتىيىگە (بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىگە دېمەكچى) ئۆتۈش كېرەك دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىدۇ. يېلتسىن كانادادا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بىلەن ئۇچراشقاندا ئامېرىكا زۇڭتۇڭى كېلىنتون ئۇنىڭغا چوڭ بىر قىسىم پۇل ياردەم قىلماقچى بولدى. كېلىنتون غەربىي ياۋروپا ئەللىرى يېلتسىنگە كۆپ تەرەپلىمە بېسىم ئىشلىتىپ، نۇرغۇنلىغان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. يېلتسىن پۈتۈنلەي تەسلىمچىلىك يولىدا مېڭىپ ئۇلارنىڭ دۈمبىقىغا ئۇسۇل ئوينىماقتا.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئەمەلدىن قالدى. ئىلگىرىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەر ئايرىم دۆلەت بولۇپ چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىقتىسادىي جەھەتتە چوڭ ئېغىرچىلىق، سىياسىي جەھەتتە كاپىتالىزم يولىدا مېڭىش، مىللىي جەھەتتە پارچىلىنىش بىلەن ھەر خىل قارىمۇ ـ قارشىلىقلار كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. بۇ ئەھۋال يەنە قانچە يىل داۋام قىلىدۇ؟ ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھازىر ھۆكۈم قىلىش قىيىن. روسىيە يېلتسىن ھازىر دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى بەك قىيىن.

شۇنى چوقۇم ئېيتىش كېرەككى، جاھانگىرلار كوممۇنىزمنىڭ دۈشمەنلىرى، دۇنيادىن كوممۇنىزمچىلارنى يوقىتىمىز دېگىنى قۇرۇق ۋالاقلاش.

www.uyghurkitap.com

## ئاخىرقى سۆز

هازىر دۇنيادا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭماقتا. جۇڭگوچە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركىسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىر مەملىكەتلەر بولسا پۈتۈن — ئۇچنى جۇڭگوغا كۆرسىتىپ، سىياسىي ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەر خىل بېسىملارنى ئىشلەتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن خەلقئارا تىنچلىق كۈچىنى بۇزۇش ھەم دىنىي، مىللىي مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ خەلقئارا كۈچلەرنى ھەم جۇڭگونىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. شىمالىي چاۋشيەن، كۇبا ئوخشىغان مەملىكەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلماقتا. ئەمما ئاساسىي ئويلايدىغىنى جۇڭگو، ئەمدى جۇڭگو پارتىيىسى، جۇڭگو خەلقى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇشۇنداق ناھايىتى مۇھىم ھەم مۇشكۇل ۋەزىيەتنى غەيرەت بىلەن ئۈستىگە ئالماقتا. جۇڭگو پارتىيىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ ماركسىزم لۇشيەنىدە قەتئىي تۇرۇش، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىش، شۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە ياخشى نەتىجە يارىتىۋاتقان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىقتىسادىي جەھەتتە بىر قاتار يېڭى تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق خەلقىنىڭ ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، تىنچ ئىتتىپاق ۋەزىيەتنى داۋاملىق ساقلاپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي مېڭىپ، ھازىرقى خەلقئارا كوممۇنىزىم ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئىشەنچىمىز كامىل.

ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى جۇڭگودا داۋاملىق ئۆز غالىبىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئۇلغايتىپ، ئاخىر تېخىمۇ چوڭ غالىبىيەت بىلەن ماركسىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدۇ.

سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى كوممۇ-

نىستلار، يۈز يىلغا يېقىن قايتا ـ قايتا قىيىنچىلىقلاردىن ئۆتۈپ تەر-
بىيىلىنىپ كېلىۋاتقان يۈز مىليونلىغان كوممۇنىستلار مۇنداق
ئەھۋاللارغا پەرۋاسىز قاراپ تۇرالمايدۇ. ئاخىرقى كىم يېڭىدۇ، كىم يې-
ڭىلىدۇ؟ ئۇنى كېيىن كۆرۈۋالىمىز.

ئۈچىنچى كىتاب مۇشۇنىڭ بىلەن تامام بولدى بولدى. ئەمدى تۆ-
ۋەندە بىر قانچە هۆججەتلەرنى قوشماقچىمەن:
بىرىنچى، 1949- يىلى مەن بېيجىڭدە تۈنجى قېتىملىق سىياسىي
كېڭەشكە قاتناشقان ۋاقتىمدىكى بىر نەچچە هۆججەت؛
بىرى، مېنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى، يەر ئىسلاھاتىنى
ئۆتكۈزۈۋېلىش ھەم پارتىيە قۇرۇش توغرىسىدا يولداش ليۇ شاۋچىگە
يازغان بىر دوكلاتىم.
يەنە بىرى، يولداش جۇ ئېنلەيگە شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئەھۋالى توغرىسىدا يازغان دوكلات.
يەنە بىرى، مەن بېيجىڭدىن كېتىش ئالدىدا يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ
پىلىڭ دېخۇيگە يېزىپ بەرگەن بىر خېتى بۇ يۇقىرىدىكى ئۈچ هۆججەت-
نىڭ ئەسلى جۇڭگىياڭ بەنگۇڭتىڭ داڭئەندىن ئېلىندى، كېيىن داڭئەن-
دىن يەنە باشقا ماتېرىياللار چىقىپ قالسا قوشماقچىمەن. بۇ بىرىنچى
هۆججەت.
ئىككىنچىسى، ئابدۇكېرىم ئاباسوۋنىڭ 1948- يىلى ئىلىدىكى
سوۋېت مەسلىھەتچىگە يازغان خېتى ۋە بۇ خەتكە مېنىڭ ئىزاھاتىم
ئۈچىنچى، ۋاڭ ئىنماۋ توغرىسىدىكى مېنىڭ جۇڭگياڭغا يازغان بىر
خېتىم.
يەنە مۇشۇنداق هۆججەتلەر چىقىپ قالسا داۋاملىق قوشۇلۇشى
مۇمكىن،
ئاخىرقى قىسىم:
قوشۇمچە ماتېرىياللار:
بىرىنچى، قىسقىچە ئۆمۈر تارىخىم
ئىككىنچى، ئەدەبىي مەشغۇلاتىم
ئۈچىنچى، سالامەتلىك ئەھۋال

www.uyghurkitap.com

تۈتىنچى، خەلقئارا پائالىيەت

(1993ـ يىلى 4ـ ئاينىڭ 8ـ كۈنى بېيجىڭ)